# يورۇق ساھىللار

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت

## مۇندەرىجە


پېشقەدەم ئەدىب ۋە دېموكرات ............

سۆز بېشى ............

**تارىخىي ماتېرىياللار**

ئىلى ۋىلايىتى............

ئىلىدا جوڭغارلار دۆلىتىنىڭ تەشكىلى............

ئىلىدا مانجۇر تائىپىلىرى ھەم تارانچىلار............

تۇڭگان ئىختىلالى ............

تارانچى ئىختىلالى ئالدىدا ............

تارانچى–تۇڭگان ئىختىلالى ۋە غۇلجا سۇلتانلىغى............

غۇلجا سۇلتانلىغىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى ............

ئابدۇرۇسۇل ئەمرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق ۋاقىئەلەر............

بايانداينىڭ ئېلىنىشى............

قېرى غوجىنىڭ كېلىشى............

ناسىراخۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى............

مەزەمخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى............

قېرى غوجىنىڭ سۇلتانلىغى............

قېرى غوجىنىڭ قەتىل قىلىنىشى ............

موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتان بولۇشى............

ئاداققى قورغان ې كۈرەنىڭ ئېلىنىشى............

موللا شاۋكەتنىڭ ئورنىدىن ئېلىنىشى ............

ئەلا پالۋاننىڭ سۇلتانلىققا كۆتىرىلىشى ............

تارانچى–تۇڭگان چاتىغى ............

تۇڭگان ئىسيانى............

ئورۇس–تارانچى چاتىغى............

غۇلجا خانلىغىنىڭ ئاخىرقى كۈنى ............

ئالتىشەھەر، جۇڭغارىيا ۋە ئىنگلىزلار............

چىنى تۈركىستان سارتلىرىنىڭ مىللىي تارىخى ھەققىدە بىر رىجا............

چىنىي تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرى............

ھازىرقى ئەھۋال ............

"چىڭگىز" سۆزى ھەققىدە............

مەجۇسلەردە ئاچارچىلىقتىن ساقلىنىش............

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تارىخى ............

بىزنىڭ تۇرمۇش ............

بۇغراخان ............

″شۇرانىڭ″ جاۋاۋى..........................................

تىل يارىش ..........................................

تارانچى تۈركلىرىنىڭ هاياتى ..........................................

مىللىي تارىخقا دائىر تۈرلۈك مەسىلىلەر ..........................................

خاتىمە ..........................................

تارانچى تۈركلىرى قايداق تۇرارلەر ..........................................

قۇتەيبە توغرىلىق جاۋاپ..........................................

چىنىي تۈركستان سارتلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىش توغرىلىق سوئال ۋە جاۋاب..........................................

تارانچى تۈركلىرىنىڭ رۇسسىيگە كۆچۈشى..........................................

تارانچىلار ئۆسەمدۇ، كېمىيەمدۇ؟..........................................

ختاي تارانچىلىرى كۆپمۇ؟..........................................

تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى قانداق؟..........................................

يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە..........................................

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلىشى ۋە كونا كىتاپلار..........................................

ختايلارنىڭ ئۈچتۇرپان شەھرىدىن ئالتە مىڭ ئائىلىنى غۇلجىغا كۆچىرىشى..........................................

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر ..........................................

ئالتىشەھەرگە سەپەر..........................................

ئالتىشەھەر تەرەپكە ..........................................

جام شەھىرى ..........................................

ئاقسۇ ..........................................

غالجات يېزىسىنىڭ غەم–قايغۇدىن كېيىنكى خوشاللىغى ..........................................

تارانچى تۈركلىرى ..........................................

مانجۇر ۋە شۋەلەرنىڭ ھەم قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھجرىتى ..........................................

تارانچى تۈركلىرى ۋە ختاي مەمۇرلىرىنىڭ زۇلۇمى ..........................................

ختاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىختىلالى..........................................

غۇلجا خانلىغى ..........................................

**شېئىرلار**

مەزلۇم ياشلارنىڭ زارى ..........................................

مېھنەتكەش تارانچىلارغا..........................................

تارانچىلارغا ئويناپ ئېيتقان چىن سۆزۈم..........................................

ئىنقىلاپچى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن..........................................

تۇرمۇشقا..........................................

سەرا قىزىق ..........................................

ئۇمۇت تەغدىرى..........................................

خەنتەڭرى ..........................................

″كۆن كىزىرىپ″ ..........................................

ياش ئۇيغۇرغا ........................................................................................
يېڭى ياشلارغا .........................................................................................
ئۇيغۇرستان.........................................................................................
كېمچىگە ..........................................................................................
تەييارتاپلار .........................................................................................
**پروزا**
ئاشلىق كۆيىباش بولۇپ كەتكەن ئۆچۈن ..........................................................
كوپپېراتىۋ ئېچىلدى ..........................................................................
ۋىسال ...........................................................................................
كوچا پارىڭى (فېلىيەتون) ...................................................................
كىچىككىنە رىزا.....................................................................................
بەخت، تەلەي مەسىلىسى ....................................................................
خوتۈن—قىزلار تەربىيىسى ھەققىدە ..........................................................
يېڭى ئوچاق.......................................................................................
"چال" ناملىق شېئىردىن ......................................................................
مەدەنىيەت ۋە مائارىپ.........................................................................
نازۇگۇم ..........................................................................................
خانتەڭرى.........................................................................................

# يورۇق ساھىللار

## نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت

پېشقەدەم ئەدىب ۋە دېموكرات

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپ مۇستەھكەملىنىۋاتقان دەۋىردە ئىجات ئەتكەن تەرەققىيپەرۋەر شائىر، ئالىم نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوفنىڭ بۇ توپلىمى ئۇنىڭ ھەر خىل يىللاردا چىققان "شۇرا" جۇرناللىرى ۋە "كەمبەغەللەر ئاۋازى" گېزىتىدىن تاللاۋېلىنغان ئەسەرلىرىدىن تەركىپ تاپتى.[

ئاپتور ئايرىم ماقالىلاردا بەزى مەسىلىلەر ھەققدە بىر نەچچە قېتىم تەكرارلاپ ۋە گايى بىر سۆز، ئاتالغۇلارنى شۇ زامانىنىڭ روھىغا قاراپ يازغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھېچ قايسىسى ئۆزگەرتىلمەي، ئەينى ئەكسى بويىچە نەشىر قىلىندى.

پېشقەدەم ئەدىب ۋە دېموكرات

دېموكراتىك ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدا نۇرغۇنلىغان نامزاتلار ئۆتكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاجايىپ ئىلمي ۋە بەدىئىي ئىجادى بىلەن تارىخىمىز دا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. شۇنداق سىمالارنىڭ بىرى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن، سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلىپ مۇستەھكەملىنىۋاتقان دەۋىردە ئىجات ئەتكەن تەرەققىيپەرۋەر شائىر، ئالىم نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفتۇر.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف ئەدىب سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يۈكسەك ئىستېدات لىق، ئۈنۈمدارلىق ئىجادى بىلەن كۈچلۈك ۋە يېتۈك تارىخچى ئالىم، تالانتلىق شائىر تەرزدە ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوف (ئۇيغۇر بالىسى) ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلقىدىن چىققان زىيالىيلار ۋەكىللىرىدىن بىرى ئىدى. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەدىپنىڭ ئاتىسى ئابدۇسەمەت بوۋاي ساۋاتلىق، تەرەققىيپەرۋەر ئادەم بولۇپ، 1863–جىلدىكى ئىلى ئىنقىلاۋىنىڭ قاتناشچىسى ئىدى.ئۆ يالقۇنلۇق ئىنقىلابچى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوفنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھاسىدا بىرىنچى بولۇپ ئىلىم مەيدانىغا يول باشلاپ ئاتلانغانلىغىنى، ئۇيغۇر جۇتدارچىلىغىدا كۆرسەتكەن ئىجتىمائىي ئىش پائالىيىتىنى چىن قەلبىدىن جۇقۇرى باھالىغان ئېدى. بۇلار بىربىرىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن دوست ئېدى، بىربى" رىنىڭ سەممىي ئېھتىرام بىلەن ھۆرمەتلەتتى.

مەن، 1927–جىلى نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوفنى، ئابدۇللا روزىباقىئېۋ بىلەن سۆھبەتلىشىپ تۇرغان ۋاقتىدا بىرىنچى قېتىم كېرگەن ئېدىم. نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوف ئابدۇللا روزىباقىئېۋ بىلەن ناھايىتى ئىللىق خوشلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، مەن ئابدۇللا روزىباقىئېۋتىن بۇ كىشى كىم بولىدۇ دەپ سورىغىنىمدا ماڭا: "نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوف دېگەن كىشى بولىدۇ. تەخەللۇسى "ئۇيغۇر بالىسى". خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان پېشقەدەم ئەدىپ، دېموكرات. "ئۇيغۇر بالىسى" تاتار□لارنىڭ ئورېنبۇرگتا چىقىدىغان "شۇرا" جۇرنالىدا ۋە باشقا ژۇرناللار سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى روسىيىخەلقلەرگەي خەلقلەرگە تونۇشتۇرغان مۇتەپەككۈرلەرنىڭ بىرى□بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىشى شۇرالار ھۆكۈمىتىگە دوست، ئۇنىڭ يولىغا

كىرگەنلەرنىڭ بىرىنچىسىدۇر دېگەن ئىدى. شۇڭلاشقا بىز نەزەر□خوجا ئابدۇسەمەتوفنى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا قەدەر ۋە ئىنقىلابتىن كېيىن

## سۆز بېشى

بىز ئۇيغۇر باللىرى، خۇسۇسەن تارانچى تۈركلىرى ئاتا–بوۋىلىرىمىزنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخلىرىنى، ئەل كېزەر مىللىي ئەرلىرىمىزنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى، قىسقىسى، مىللىي تارىخنى ئوبدان بىلمىگەنلىگىمىزدىن ئاغىنە–ئۆڭگە، ئەل–ياغى، يىراق–يېقىن ي بۇلارنىڭ ھېچ قايىسىسىنى ئاڭقىرىپ ئاجرىتالمايمىز.

مانا شۇ سانالغان ئىشلارنى بىلىپ ئاڭقىرىش لازىم دېسەك، ھەممىدىن بالدۇر مىللىي تارىخنى بىلىش لازىم بولغۇسىدۇر. زادى مىللىي تارىخنى بىلىشتىن مەقسەت: ئاتا–بوۋىلارنىڭ بۇرۇنقى كۈن كۆرۈش رەۋىشلىرىنى، باشلىرىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، تۇتقان يوللىرىنى، دوستلىرىنى، دۈشمەنلىرىنىڭ خۇلاسە: بارلىق ئەھۋاللىرىنى بىلىپ، شۇنىڭدىن ئىبارەت ۋە تەجرىبىلەر ھاسىل قىلىپ، ئالدىمىزدىكى ئۆمۈر ۋە كەلگۈسى ياشاش، كۈن كۆرۈش يوللىرىنى بەلگىلەپ مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، شۇ تەجرىبىلەر ئارقىسىدا پۈتكۈل خەلقنى بەختىيار ھاياتقا سازاۋەر قىلىشتۇر.

دېمەك، مىللىي تارىخنى بىلىش مۇتلەق لازىمدۇر. لېكىن بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر ئۇدۇمىنىڭ مىللىي تارىخى تەتقىقات ئېتىلگەن ئەمەستۇر. بۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار تاپچىراقتۇر. شۇنداق بولسىمۇ قاراپ يېتىشقا بولمايدۇ. تارىخ بىلەن ئىجىل ۋە ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان پۈتۈكچىلىرىمىز دالجىماي شامدىغايلىنىپ ئىشقا كىرىشسە، ئەرزىرلىك بىر تارىخنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش چوقۇمدۇر. باشقا خەلقلەر بىزنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىمىزنى بىلىش يولىدا ئالتەشەھەر چۆللىرىنى كېزىپ، تۇرپان ۋە قۇمۇل خارابىلىرىنى كولاپ، يەر تېگىدىن چىققان تاش، كېسەك ۋە باشقا يوچۇن بۇيۇملارنى تېپىش ئارقىلىق تارىخىي مەلۇماتلار يىغىپ، پۈتكۈل ئالەمگە نەشر قىلىپ تۇرغاندا، بىزنىڭكىلەرنىڭ ئۆتكەنلەر تەرىپىدىن نەشر ئېتىلىپ، مەيدانغا چىققان مەلۇماتلارنى يىغىپ بېرىش قاتارلىق ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى بولمىسا، بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ھورۇنلۇغىمىزدىن كۆرىمىز.

ئەمدى پۈتكۈل ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئومۇمىي مىللىي تارىخ يېزىشنى تارىخچىغا قويۇپ تۇرۇپ، بىز چاغ يېتىشگە قاراپ، يالغۇز تارانچى تۈركلىرىنىڭ تارىخىغا دائىر بولغان مەلۇماتلارنى يىغىپ، مۇشۇ "تارانچى تارىخى" ناملىق رىسالىنى تەركىپ قىلىشقا كىرىشتۇق. بۇ يولدىكى مەلۇماتلىرىمىزنىڭ كەمچىل، چولتىلىغىنى بىلسەكمۇ، بۇ توغرىلىق تەشەببۇس ئەتكۈچى كۆرۈنمىگەنلىكتىن، "يېتىپ قالغىچە، ئېيتىپ قال" دەپ يېزىپ قالماقچى بولدۇق.

ئۇشبۇ "تارانچى تارىخى" ناملىق رىسالىنى تەركىپ ئېتىشتىكى مەخسىتىمىز ي تارانچى باللىرىنى ئۆز تارىخىي ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشتۇرماق بولسىمۇ، تارانچى خەلقىنىڭ بۇرۇنقى ھەم كېيىنكى قارارگاھى بولغان ئىلى ئۆلكىسى توغرىسىدا ئاز–تولا مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈشنىمۇ لازىم كۆردۇق.

# تارىخىي ماتېرىياللار

## ئىلى ۋىلايىتى

"ئىلى" ئەسلىدە تېكەس، ئاقسۇ، ئاغىياس، كۆكسۇ، كۈنەس، قاش دەريالىرىدىن تەركىپ تاپقان ۋە ئالتاغدىن چىقىپ بالقاش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەريانىڭ ئىسمىدۇر. ئىلىنىڭ سۈيى ئەلۋەك، ئۆلكە يېرى كەڭرى، توپىسى ئۈنۈملۈك، ھوسۇلى مول، تاغ–تۈزى تۈرلۈك مەدەنلەرگە باي، تاش–كۆمۈرى تولا، ھاۋاسى تازا، جۇغراپىيە

جەھەتتىن كونا ۋە يېڭى مەركەزلىرىنى، يەنى ئالمىلىق، غۇلجا، قايىنۇقلارنى ئېتىۋارغا ئالغان چاغدا 43—44 دەرىجە ئەرز شىمالى (شىمالىي كەڭلىك)، 97—98 دەرىجە شەرقىي ئۇزاقلىقتا جايلاشقان.

ئىلى يېرىنىڭ شۇنداق ئالاھىدىلىگىدىن بولسا كېرەك، بۇرۇنقى زاماندىن تارتىپلا تۈرك باللىرىنىڭ جەۋلاگاھى بولۇپ كەلمىشدۇر. ئىلىدا ياشىغان تۈركلەر ئۇيغۇرلار بولۇپ، زامانىسىدا لاۋازىم، مەدەنىيەت ھېساپلانغان ئىشلارنىڭ ھەر بىرىگە ئىشتىراك قىلغانلىقلىرى مىللىي مۇئەررىخلەر (تارىخچىلار) تەرىپىدىن تەسرىخ (بايان)ئېتىلگەندۇر .

بۇرۇنقى زامانلاردا ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان كۆچمەن تۈركلەر تولا بۆۋەك بولغان، ئۇلار دېڭىز دولقۇنىدەك، كەڭ دىياردا بىر ئۇ ياقتا—بىر بۇ ياقتا يۆتكىلىپ، بىر—بىرىنى ئەگىشىپ قوغلاپ، ھايداپ، سۈرۈپ يۈرۈشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىخ "ئىلىنىڭ قەدىمي، كونا ئەھۋاللىرىنى ئوپ—ئوچۇق كۆرستەلمەيدۇ. ئىلىنىڭ مىلادىدىن 2 ئەسىر بالدۇرقى ئەھۋالي روشەن بولمىسمۇ، دەل شۇ چاغلاردا تىيانشاننىڭ شىمالىدا ھازىرقى تارباغاتاي بىلەن ئىلى تەۋەسىدە "سى" ناملىق خەلقلەرنىڭ تۇرغانلىغى مەلۇمدۇر.

مىلادىدىن 171 يىل بۇرۇن ھۇنلار تەرىپىدىن قوغلانغان گىتىلەر سىلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلگەن ئىدى. كەيىن ئالتىشەھەر ۋىلايىتىنىڭ خوتەن چۆرىسىدە يۈرگەن ئۇيسۇنلار گىتلارنى قوغلاپ، ھازىرقى يەتتىسۇدا ھۆكۈمرانلىق قىلدى، بۇلارنىڭ باش بارگاھى ئىسسىق كۆلنىڭ شەرقىي—جەنۇبىدا ئىدى. مىلادىدىن بىر ئەسىر بۇرۇن مەشھۇر سەيياھ جاڭ چەن دېگەن كىشى ختايلار تەرىپىدىن ئۇيسۇنلارغا ئەلچى بولۇپ كەلدى. مۇزارت، خانتەڭرى، ئىسسىق كۆل توغرىسىدا دەسلەپ تارىخىي مەلۇمات بەرگەن ئۇشبۇ زاتتۇر، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيسۇنلەر بىلەن ختايلار ئارىسىدا ئىناقلىق باشلاندى. ئاما ئىئى ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن ۋ ئەسىرگە قەدەر ختايلار بۇ تەرەپلەر بىلەن قاتنىشالمىدى. بۇ چاغدا ئۇيسۇنلەرنىڭ جايلىرىنى توتانلار (تۇڭغۇسلار) ئېلىپ، ئۇيسۇنلەرنى تىيانشان تېغى تەرەپكە قوغلىۋېتىدۇ. ۋى ئەسىردە ئالتاي تەرەپتىن كەلگەن تۈركلەر ئوتتۇرا ئاسيادا 2 ھۆكۈمەت قۇردۇ. غەربىي ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزى يەتتىسۇدا ئىدى. ۋ ئەسىردە پەرغانىدا باشلانغان قالايمىقانچىلىق غەربىي ئاسىيانىڭ يولىنى شىمالغا بۇرىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا يەتتىسۇدا بۇددا دىنى تارقالغان ئىدى. بۇ ھال ختايلارنىڭ بۇ ياقلار بىلەن قاتنىششىغا يېڭى يول ئاچتى. بۇددا سەيياھلىرىدىن شۇئەن زاڭ مۇزارت بىلەن ئىلىغا چۈشۈپ، يەتتىسۇدا سەياھەت قىلدى. ئىلى ھەمدە يەتتىسۇدا ياشىغان تۈركلەرنىڭ مەئىشەت ۋە مەدەنىيەتلىرىگە دائىر مۇپەسسەل مەلۇمات قالدۇرغان موشۇ زاتتۇر.

ۋىئى ئەسىرنىڭ ئايغىدىراق ئوتتۇرا ئاسىيا ھۆكۈمەتلىرى ئۆزارا تالاش—تارتىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدە ختايلارغا بېقىنىپ قالدى. ۋىئىئى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بولسا، يەتتىسۇ قارلۇقلارغا ئۆتتى. بۇلارنىڭ باشبۇغلىرى يابغۇ دەپ ئاتىلاتتى.

10— ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەجۇسىي تۈركلىرىدىن بىر تائىپە قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈم—پەرمانلىرىنى يوقىتىپ يەتتىسۇغا ،جايلاشتى. بۇلارنىڭ باش بۇغلىرى بۇغراخان دەپ ئاتالدى. باش بۇغلىرىنىڭ لەقەملىرىگە قارىغاندا، بۇ تۈركلەر شۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ قۇۋۋەتلىك، ئەڭ قۇدرەتلىك ئۇرۇقلىرىدىن ئۇيغۇرلار توققۇز ئوغۇزلىرىنىڭ بىر تائىپىسى دەپ ئويلىنىشقا بولىدۇ.

خىئى ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىلى ھەمدە يەتتىسۇ قارا ختايلارغا ئۆتتى. بۇلارنىڭ خانى گۆرخان دەپ ئاتىلاتتى. خىئى ئەسىرنىڭ بېشىدا گۆرخان ھۆكۈمتى كۈچلۈك نايمان دېگەنگە ئۆتتى. بۇ چاغدا ئىلى غۇلجىدا يېڭى بىر خان پەيدا بولدى. بۇ بالدۇرقى قاراقچىلار باشلىغى بولغان بوزەر ئاتلىق بىر مۇسۇلمان شۇ قەدەر كۈچ بىلەن ھەرىكەت قىلدىكى، ئالمالىق شەھىرىنى ئېلىپ، ئۆزىنى تۇغرۇلخان دەپ ئاتىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە چىڭگىز جەڭچىلىرىدىن قۇبلايخان چېرىك باشلاپ كېلىپ، ئۆزىگە ۋاسال (تابى) قىلدى. ئاما كۈچلۈك نايمان پۇرسەت

تېپىپ، بوزەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئالمالىقنى ياندۇرۇپ ئالدى. 1228–يىلى چىنگىز جەڭچىلىرىدىن جەبە نويان نۇرغۇن چېرىك بىلەن كېلىپ، نايماننى قوغلاپ، بوزەرنىڭ ئوغلى سوقناق تېگىننى ئالمالىققا خان قىلىپ ئولتارغۇزدى. شۇ چاغدا ئىلىدا سەياھەت قىلغان يەلۇ تىساي ئىلىدا ئاشلىق ۋە يەل–يېمىش مەھسۇلاتىنىڭ ئاۋۇن، ئۆلكىنىڭ مەمۇرلىغىنى يازغان ئىدى.

مەشھۇر چىنگىزخاننىڭ ئۇلۇق مەملىكتى ئۇنىڭ ئوغلانلىرىغا بۆلۈنگەندە، ئىلى چاغاتاينىڭ ئۈلۈشىگە تەگكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ باللىرى تولاراق ئىلى ياقىسىدا تۇردى. بۇلارنىڭ باش بارگاھى (توپ هورداك) ئۇلۇق ئايىپ دېگەن يەر بولۇپ، ئاققورغان ئاتالدى. ئىككىنچى ئېھتىمالغا كۆرە هازىرقى قاينۇقدۇر. چاغاتاي خاننىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمان ئالىمى يۈسۈپ سەككاكىينىڭ خونخايدا بولۇشى بۇ ئېھتىمالنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى كېيىنرەك چاغاتايلارنىڭ ئۆزارا ئۇرۇش مەيدانى بولدى. 1262–يىللاردا ئارىق بۇقا بىلەن ئالغۇيلەر بۇ يەردە قانلىق ئۇرۇشلارنى قىلدى. مۇنداق ئۆزارا ئۇرۇشلارنىڭ نەتىجىسىدە خانلار پات–پات يۆتكىلىپ تۇردى. ئاز زاماننىڭ ئىچىدىلا چاغاتايچىلاردىن يىگىرمىگە يېقىن ئادەم خان بولدى. ئۇشبۇ ماجرالارنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىلىق قەشقەر، ئالتاغ، ئۇيغۇرىستاندا چاغاتاي ئۇدۇمىدىن نوپۇزلۇق ئادەم قالمىدى. شۇسەۋەپتىن موغۇل تۆرىلىرى بۇخارادىن ئېلىغوجا لەقەملىك ئىسان بۇغا دۇۋان (چېچەن) ئوغلىنى ئالدۇرۇپ، ئۇيغۇرستاندا خان كۆتەردى. ئىسان بۇغىنىڭ توقلى (كىچىك خوتۇنى) مىڭلى خوتۇندىن (730–ھىجرىدە) تۇغلۇق تۆمۈر ئىسملىك بىر ئوغۇل دۇنياغا كەلدى (1329–ج.). بۇ بالا ئانىسى بىلەن موغۇلستانغا ئۈزىتىلدى. سەۋەبى ئىسان بۇغىنىڭ چوڭ خوتۇنى ساتىلمىش ئۇنىڭغا كۈنچىلىك قىلاتتى.

ئىسەن بۇغا ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇرستان يەنە خانسىز قالدى. ئىسەن بۇغىنىڭ يېقىن تۆرىلىرىدىن ئەمىر يولۇچى (1348) موغۇلستانغا بېرىپ، بايىقى تۇغلۇق تۆمۈرنى خان كۆتەردى.

تۇغلۇق تۆمۈر ئۆز ئوردىسىدا رەشىد ئەرشىدىن باغدادىي دېگەن كىشىنىڭ تەكلىۋى بىلەن مۇسۇلمان بولدى (754ھ 1354). ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا جۇراس ئوخشاش تۆرىلەردىن بىر نەچچىسى قارشى بولغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ مۇسۇلمان بولۇشتى. ئىلىنىڭ نامىنىڭ ئاتىلىشىدا مۇسۇلمان مۇئەررىخلىرى مونۇ ۋاقىئەنى مىسال كەلتۈرىدۇ. تۇغلۇق تۆمۈر بىلەن بىللە 160 مىڭ كىشى ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلدى. يېڭى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسلىرىنى كۆرسەتمەك ئۈچۈن باشلىرىدىكى كۈپپارلارغا خاس ھېساپلانغان تەلپەكلىرىنى سۇغا تاشلىدى. شۇ چاغدا سۇ توسۇلۇپ، بوغۇلۇپ ئىلى ياقىسىدا بولغان كۆرەنى خاراب ئەتمەك بولغاندا، تەلپەكلىرىنى سۇدىن ئېلىپ، تاشلا دېگەن مەھەلدە "ئىلھا"، "ئىلھا" ("ئېلىڭلار") دەپ ۋاقىرىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن "ئىلا" دېگەن سۆز بۇ سۇغا نام ۋە ئەلەم بولۇپ قالدى، بولمىسا بۇ سۇنىڭ بۇرۇنقى ئىسمى جىم ئىمىش.

بۇ خەۋەرلەرنىڭ تۇغلۇق تۆمۈر مۇسۇلمان بولغان قىسمى شايەت توغرىدۇر. ئامما "ئىلى" دېگەن نام توغرىسىدىكى گەپلەر غەلەتدۇر. ئىلى سۈيى ئۇنداق تەلپەكلەر بىلەن توسۇلۇپ قالغىدەك ئاز سۇ ئەمەس. شۇنىڭدەك يەنە ئىلىنى بىر كىشىمۇ "ئىلا" دېمەيدۇ. "ئىلى" دېگەن نامىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى تەكشۈرسەك، مەنىسى يەنە باشقىدۇر. "ئىلى"، "ئىللىق" سۆزلىرى ئۇيغۇرلاردا ئالتىشەھەردەمۇ، تارانچى لاردا كۆزگە يېقىملىق، خۇش كۆرۈنۈشلۈك مەنىلەردە ئىشلىتىلىدۇ. دېمەك، ئىلىنىڭ قالماقچە ئىسمى جىم بولسىمۇ، ئۇيغۇرچىسى ئىلىدۇر. لېكىن قالماقلارنىڭ ئىلىنى ئالتۇن دېيىشى يەنە مەلۇمدۇر. بۇلارنىڭ ئالتۇن دېيىشىنىڭ سەۋەۋى بۇدۇر. بۇرۇنقى زامانلاردا تۈركلەر ھەم موغۇللار چوڭ ئادەملەرنىڭ قەبرىلىرىنى ئۇلۇغلاپ ئالتۇنلۇق دېگەنلەر. بۇ كۈنلەردە تارانچىلارنىڭ يۈسۈپ سەككاكىي قەبرىنى ئالتۇنلۇق دېيىشى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك. بۇرۇن هازىرقى قارادۆڭدە (غۇلجىدىكى) قالماق لارنىڭ قەبرىلىرى بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن قالماقلار ئىلىنى ئالتۇن دەپمۇ

ئاتىغان. خىتايلار چىغدىغىسى دەيدۇ، بۇ ئالتۇنلۇق دېمەكتۇر. ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئىلى دېيىشىگە كەلسەك ئالتىشەھەرنىڭ قۇملۇق توپىلاڭ چۆلدە ئۆسكەن ئۇيغۇر بالىسى ئىلىنىڭ كۆك مايسىسىنى كۆرۈشى بىلەن ئىختىيارسىز ئىلى دەپ ئۆتكەندۇر. بىز شۇنداق ئويلاندۇق، شايەت توغرىدۇر. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆز مەملىكىتىنى كەڭەيتىش يولىدا دېگىلىك ئادەم ئىدى. ئۇ تۈرك ئەمىرلىرى بىلەن قىلغان ئۇرۇشلىرىدا ھەممە ۋاقىت مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ كەلدى. ئەمىر تۆمۈر كەبلەرنى ئۆزىگە قاراتتى (1360–يىل). ئالتىشەھەرنىمۇ قولىغا ئالدى. ئۆز قولىغا كىرگەن يەرلەرنىڭ ئاباد، مەمۇر بولۇشىغا تىرىشتى. ئوغلى ئىلىياس غوجىنى سەمەرقەندكە قويۇپ، ئۆزى ئىلىدا تۇرغان چېغىدا ۋاپات بولدى، قەبرىسى قورغاستىدۇر. تۇغلۇق تۆمۈر ئۆلگەندىن كېيىن ئىلىياسخوجا بىلەن ئەمىر تۆمۈر ئارىسىدا جېدەل چىقىپ، ئىلىياس خوجا يېڭىلىپ، ئىلىغا كەلگەنىدى. كەينىدىن ئەمىر تۆمۈر قوغلاپ كېلىپ، ئىلىياس غوجىنى ئۆلتۈردى ھەم تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ بىر قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ، تەختى بولغان كۆكتاشنىمۇ ئېلىپ، كوراگان (خاننىڭ كۈيوغلى) ئاتالدى. ئەمىر تۆمۈر بۇ سەپىرىدە ئۇلۇق يۇلتۇزغىچە بارغان ئىدى. كېيىن ئالدىراشلىق بىلەن ئۆز يېرىگە ياندى. ئىلىياسغوجىدىن كېيىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ خىزىرغوجا دېگەن ئوغلى خان بولدى. خىزىرغوجا تۇرپان ۋە قومۇل ئاھالىسىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، بىر خىلە شەھەرلەرنى پەتىھ (ئىشغال) قىلىپ، شېھىد بولدى. جەسىدى تۇرپاندا دەپنە قىلىنغان(1401). ئورنىغا ئوغلى شا ھىجاھان خان بولدى (1408). ئاندىن خىزىرغوجىنىڭ ئوغلى مۇھەممەدخان خان بولدى. يېقىن زاماندا ئاچانوخو ئەتراپىدا بۇ خاننىڭ نامىغا سوقۇلغان تەڭگىلەر تېپىلدى.بۇنىڭدىن كېيىن شاھجاھان ئوغلى نەقشجاھان، ئاندىن خىزىرخوجىنىڭ شىر ئەلى ئىسىملىك ئوغلىدىن تۇغۇلغان ئۇۋەيسخان خان بولدى. ئۇۋەيسخان زامانىدا قالماقلار موڭغۇلىستانغا نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئىلى بويىدا تولا قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى. ئۇۋەيسخاننىڭ يۇنۇس، ئىسەن بۇقا ناملىق ئوغۇللىرى بار ئىدى. ئۇۋەيسخاننىڭ قەبرىسى غۇلجىدىن 70 چاقىرىم شەرقتە ئاۋرال تېغى ئېتىكىدەدۇر. ئاما بۇ تەرەپنىڭ خەلقى مەزكۇر قەبرىنى ئۇۋەيسخاندىن باشقا ھىجاز ۋىلايىتىدىن (ئەرەبستاندىن) كەلگەن ۋەيسەلقەرنى ناملىق كىشىنىڭ قەبرى دەپ ئاتىشىدۇ، لېكىن بۇ قەبىر بىزنىڭ ئويىمىزچە ئانداق مەجھۇل (نامەلۇم) ۋەيسەلقەرنىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئېنىق ئۇۋەيسخاننىڭكىدۇر. بىزنىڭ ئىلى ۋى لايىتىدە ئۇنداق مەجھۇل مازار شېرپىلەر جىق. بۇلارنىڭ تولاراغى تۈرك بەگلىرى، جۇڭغار تۆرىلىرى بولۇشى ئېھتىمال. ئۇۋەيسخاننىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى ئوغلى خانلىق تالىشىدۇ. ئىسانبۇغا موڭغۇل بەگلىرىنىڭ يۆلىگى بىلەن خانلىققا ئولتۇرىدۇ. 1434–يىلى يۇنۇسنى قوغلايدۇ. ئۆزى 1462–يىلى ئۆلىدۇ. ئورنىغا دوسمۇھەممەت، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوغلى كېپەك سۇلتان خان بولىدۇ، كېيىن يۇنۇس كېپەكنى ئۆلتۈرۈپ، ھاكىمىيەتنى قولىغا كىرگۈزىدۇ (1472).

## ئىلىدا جۇڭغارلار دۆلىتىنىڭ تەشكىلى

16– ئەسىردە يەتتىسۇدا قالماق، قازاق، قىرغىز ئۇرۇشلىرى بولۇپ تۇردى. 17– ئەسىرنىڭ بېشىدا قازاقلار قالماقلار تەرىپىدىن قوغلاندى. 1634–مىلادىيە تارىخىدا ئىلىدا جۇڭغار خانلىغى تەشكىل قىلىندى. باشلىقلىرى موڭغۇل باتۇرلىرىنىڭ ئۇدۇمىدىن، غالدان ئاتىلاتتى. غالدان موڭغۇل قەبىلىلىرى بىلەن ئۆزارا ئۇرۇشلاردا ئۈستۈن چىقىپ، غالىپ بولدى. بۇ ئىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىنى قولىغا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئالتىشەھەرنى زەبت قىلىشنىڭ پەيىغا كىرمىشلەر ئىدى. بۇ چاغدا ئالتىشەھەرنى چاغاتاي ئۇدۇمىدىن ئىسمايىل خان سوراپ تۇراتتى. ئىسمايىل خان بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىپ يۈرگەن مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادىدىن ئاپپاق خوجا لەقەملىق ھىدايىتۇللا ئىسىملىك كىشى بار ئىدى. ئاپپاق غوجا ئىسمائىلخانغا ئۆزىنىڭ تەڭ كېلەلمەسلىگىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىغا چۈشۈپ غالدانغا يولۇقتى. ئۆزىنىڭ مەرام ۋە مەخسەتلىرىنى تامام ئۇقتۇردى. ئۆزىنىڭ

ئالتشەھەردە ئەگەشچىلىرىنىڭ نۇر غۇنلىغىنى، غالدان ياردەم قىلسا ئالتشەھەرنى زەبت قىلىش سەھل (ئاسان) ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ، غالدانىي قانائەتلەندۈردى. غالدان بىر يىلغىچە ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ، ئىسمايىلنىڭ ئۈستىگە يۈرۈپ، ئاپپاق غوجىنىڭ ياردىمى بىلەن ئالتشەھەرنى ئوڭايلا ئىشغال قىلدى. ئىسمايىلخانىي ئەسىر ئالدى. ئىسمايىلخان ئىلىغا كەلگەندىن كېيىن يوق قىلىندى. ئالتشەھەرنى باشقۇرۇش ئاپپاق غوجىغا تاپشۇرۇلدى. دېمەك، شۇ چاغدىن ئېتىۋارەن ئالتشەھەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچى تۈگەپ، مۇستەقىل ئالتشەھەر قالماقلارغا تابى بولۇپ قالدى (1687). جۇڭغار دۆلىتىنىڭ بېيلىگى غالدان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئورنىغا نۆۋەتتىكى بىرسىي قۇنتاجى بولدى. قۇنتاجى ئۆز زامانىسىدا ئاپپاق غوجا بىلەن ئىناق تۇرغان بولسىمۇ، ئالتشەھەرنىڭ ھەممە چوڭ شەھەرلىرىدە قالماقتىن بىرەر نازىر قويۇپ، غوجىلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئىش ھەرىكەتلىرىنى بايقاپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىغان ئىدى. ئاپپاق غوجىنىڭ قۇنتاجىغا ئىخلاسى تولا ئىدى. قۇنتاجىدىن قالغان ئىزنالار تېخىچە بار بولۇپ، چاغاتاي باللىرىنىڭ ئوردىلىرىمۇ موشۇ يەرلەردە ئىكەنلىگىگە گۇمان قىلىنىدۇ. قاينۇق ۋ خانلىق ياكى خانبالىق دېگەن سۆزلەردىن ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك. ئاپپاق غوجا ۋاپات بولۇشى بىلەن قۇنتاجىمۇ ۋاپات بولغان ئىدى. بۇ ئىككى مەملىكەت بىر يولى دېگىدەك ۋارىسلار قولىغا قالدى. شۇ چاغدا ئاپپاق غوجىغا رەقىب كاسانى غوجىلىرى دەپ، يەنە بىر غوجىلار تائىپىسى بار ئىدى. بۇلار ئاپپاق غوجا ئۆلۈشى بىلەنلا جانلاندى. "ئاپپاق غوجىنىڭ باللىرى چولىنى قاچۇرماستىن (ۋاقتىنى ئۆتكەزمەي)، قالماقلارغا قارشى قوزغىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ"ۋ دەپ قەشقەر نازىرى ئاباغاژان تۆرىگە چاكۇ قىلدى. نازىر بۇ خەۋەرنى قۇنتاجىنىڭ دادىسى باستۇقۇغا بىلدۈردى. قالماقلار غوجىلاردىن شۈبھىلىنىپ رەھىن (گۆرۈ) سورىدى ۋە ئاپپاق غوجىنىڭ ئەخمەت تېگىن دېگەن تۇققىنىنى (نەۋرىسىنى) رەھىنە (گۆرۈ) قىلىپ ئىلىغا ئەكەتتى. قۇنتاجىنىڭ ئوغۇللىرى بولسا ئۆز ئارا تۆرىلىك (مەنسەپ) تالىششقا كىرىشكەن ئىدى. داباچى دېگەن كىشى ئۆزىنى جۇنغارىيانىڭ تۆرىس i دەپ ئېلان قىلغاندا، ئىككىنچى ئوغلى خالدان شېرىن قارشىلىق بىلدۈردى. دېمەك، جۇڭغار خەلقى پىرقىگە بۆلۈندى.

جۇڭغارلار زامانىسدا ھازىرقى قاينۇققا يېقىن بىر مەھەللىدە تاغلىق ئاتالغان خالخىن تۈركلىرىنىڭ بىر شەھىرى بار ئىدى. باشلىقلىرى مۇھەممەت ئەمىن دېگەن كىشى ئىدى. بۇلار قالماقلارنىڭ ئۆز ئارا تالاش ۋە جېدەللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئوردىدا يۈرگەن غوجىلار بىلەن بىرىكىپ، ئىختىلال (قوزغىلاڭ) چىقاردى. بۇلار موخاس، جوي تالاس، ماڭلاي سوبۇخ، ماڭلاي جولاردا يەتتە كۈن، .خونخاي تۈزىدە توققۇز كۈن، ئاندىن يېنىپ جوي تالاستا يەنە يەتتە كۈن، تېكەستە بەش كۈن جەڭ قىلىپ، قالماقلار بىلەن تەڭ كېلەلمەي، كۆكنەك داۋانى ئارقىلىق كۇچار تەرەپكە كەتتى. كۇچار ھاكىمى ئابدۇلكەرىم بەگ بۇ قاچقۇنلارنىڭ ئالدىغا بىر مىڭ ئاتلىق چېرىك بىلەن بىر مىڭ ئېگەر–توقۇملۇق ئات ئەۋەتتى. قالماق چېرىكلىرى ئامۇرسانا دېگەن باشلىغىنىڭ قول ئاستىدا قوغلاپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر تۈرلۈك ئۆتكەك ئاغرىغى پەيدا بولۇپ، يېنىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

تاغلىقلارنىڭ بۇ ئىختىلاللىرىدىن كېيىن، ئالتشەھەر غوجىلىرى ئىستىقلال (مۇستەقىللىق) ئېلان قىلدى، بۇنى باھانە قىلغان قالماقلار ئالتشەھەر تابىسىدىكى تۇرپاننى بۇلىدى. تۇرپان ھاكىمى ئەمىنبەگ بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپ، ئاپپاق غوجا ئەۋلاتلىرىدىن ياردەم سورىدى. لېكىن ئاپپاق ئوغۇللىرى بۇ چاغدا ئاق تاغ، قارا تاغ (ئاق تۇغ، قارا تۇغ) نامدا ئىككى پىرقىگە ئاجراپ، قان تۆكۈشكە باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىنبەگنىڭ مۇراجىئەت ۋە تىلەكلىرى ئىلتىپاتقا ئېلىنمىدى. قالماقلارنىڭ ئۆز ئارا تۆرىلىك تالىشى ناھايىتى كۈچلىنىپ، نەتىجىدە بىر پىر كىشى يېڭىلىپ قالدى. بۇ تۆرىلىك تالاشتا مەغلۇپ بولغان پىرقە خىتايلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇلاردىن تۆرىلىكنى ئېلىشقا ياردەم سورىدى. قالماقلارنىڭ بۇلاڭ– تالاڭلىرىدىن زەربە يېگەن دەرتمەن تۇرپان

تۇركلىرى نامىدىن تۇرپان ھاكىمى ئېمىن بەگ خىتايلاردىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولدى.

خىتاي خانى تۇرپان ئەلچىلىرىگە تولا ھۆرمەتلەر كۆرسەتتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىلگە ماڭغان چېكىلىرىگە ياردەمدە بولۇشنى جېكىپ، ئەلچىلىرىنى ياندۇردى. ئەمىنبەگ خىتاي چېرىكلىرىگە مۇئاۋىن چېرىك (ياردەمچى چېرىك) قوشۇپ، جۇڭغارىيىنىڭ ئىشغالىيىتىدىكى ئىلى ۋىلايىتىنى زەبت قىلدى ھەم تاققا قاچقان جۇڭغار خانىنى تۇتۇپ، خىتاي باشلىغى جاڭجۇڭغا تاپشۇردى (1756.(

ئەمىن بەگنىڭ ئۇشبۇ تەرىقە خىزمەت كۆرسەتكىنى ئۇچۇن خىتاي جاڭجۇڭى ئۇنىڭغا "ۋاڭ" دېگەن دەرىجە بەردى ۋە بۇ يەردىكى پۇقرا ھۆكۈمىتىنى ئەمىنبەگنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. بۇ ۋاڭلىق مەنسەپ بالىدىن بالىغا قېلىش شەرتى بىلەن ئەمىن بەگ خىتاي چېرىگىنى ئەگەشتۇرۇپ، تا قەشقەرگە قەدەر ھەممە شەھەرلەرنى زەبت قىلدۇردى (1794). ئۇنىڭ نەسلى مۇشۇ ۋاستىلىق خىزمىتى بارابىرىگە تا شۇ كەمگىچە ۋاڭلىق، ھاكىملىق دەرىجىسىدە بولۇپ

كەلدى. بالدۇرقى زامانلاردا بىر يەرگە ھاكىم قويماق لازىم بولسا، مۇتلەق ئەمىنبەگ نەسلىدىن قويۇش خىتايلارغا قانۇن ئىكەن. كېيىن جاھانگىر غوجىنى تۇتۇپ بەرگىنىگە مۇكاپات تېرىقسىدىكى بۇ مەنسەپ ئالتىشەھەرلىك ئىسخاق دېگەن ئادەمگە سۇيۇرغال قىلىنمىشتۇر

.

## ئىلىدا مانجۇر تائىپىلىرى ھەم تارانچىلار

خىتايلار يېڭى ئىقلىملىرى بولغان جۇڭغارىيىنى شەرقتىكى يېرىنىڭ قورغىنى ھېساپلىغانلىغى سەۋەۋىدىن، بۇ يېڭى ئىقلىمدە، ئاياقلىرىنى مەھكەم بېسىپ تۇرۇشنى لازىم كۆردى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ يېڭى يەرگە ناھايىتى چوڭ ئولگۇنلەر ئىلە جاڭجۇڭ (باسقاق) تەيىن قىلدى؛ دېمەك، بۇ تەرەپتىكى ھەممە ئىختىيار ئۇنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلدى. جاڭجۇڭ ئىلى بويىدا خويەن (كونا كۆرە)ناملىق ئۆزىگە مەخسۇس قورغانلىق شەھەر سالدۇردى ۋە غۇلجا شەھرىنىڭ بىقىنىدا خويىنچەن (بايانداي) ناملىق ناھايىتى مەھكەم بىر قورغان سالدۇرۇپ، مانجۇرلارنى ئورۇنلاشتۇردى. بوش تۇرغان يەرلەرگە خەلقلەرنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، زىرائەتچىلىك قىلىشنى راۋاج تاپتۇرماق، ئاۋات ۋە مەمۇرچىلىق قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى چىڭىتماق بولدى، بىراق قانچە جىدەللىسمۇ مانجۇر تائىپىسى خىتايلارغا نىسبەتەن ئاز بولغانلىقتىن، بۇ يەرلەرگە مانجۇرلارنى چەنلەپكىنە ئەۋەتىشكە توغرا كەلدى. ئىلىنىڭ باسقاقى ي جاڭجۇن، ئۆز مەۋقەئىنى ساقلىماق ھەمدە ھۆكۈمەت يۆلگىنى چىڭىتماق ئۇچۇن مانجۇر ئۇدۇمىغا مەنسۇپ سولان، شى ۋەلەردىن چېرىك ئېلىشقا قارار قىلدى. سولانلار بولسا خانلىق سۈرۈپ تۇرغان سۇلالىنىڭ چىك يۆلگى بولۇپ، شۇۋەلەرمۇ تەختكە ساداقەتلىك خەلقلەردىن سانىلاتتى. سولانلار كەلتۇرۇلگەندىن كېيىن تاشكۆرۈك غولىنىڭ غەربىدىكى تۇرگىن بورخۇجىغا جايلاشتۇرۇلدى. مۇكدېن تەرەپتىن كەلتۇرۇلگەن شۇۋەلەر ئىلىنىڭ مەھسۇلدار يېرى بولغان دەريانىڭ سول ياقىسىدا 8 سۇمۇن (قورغان) سېلىپ، شۇ يەرگە جايلاشتۇرۇلدى.

يۇقۇرىدىكى مەزكۇر شىۋە—سولان، مانجۇر تائىپىلىرى ھەممىسى چېرىك ھېساپلانغان سەۋەبىدىن دۆلەتنىڭ ئېلىق—سېلىق، ئالۋاڭ—ياساقلىرىنىڭ بارچىسىدىن ئازات ئىدى. بۇلارنى تويغۇزۇش، كىيىندۇرۇش ھۆكۈمەت گەدىنىدە ئىدى. بۇ يېڭى مەملىكەتنى ئاۋات ۋە مەمۇر قىلىپ قورۇش، شەھەر سېلىپ ئىمارەتلەر ياساپ، ئۆستەڭلەر چېپىش، قىسقىسى، پۈتۈن ئۆلكىنى كۆكەرتىپ جانلاندۇرۇش ئۇچۇن مەزكۇر تائىپىلەرنىڭ زادى پايدىسى يوق ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن ھارماس—تالماس، مىخچەم ئەمگەكچى قولى ۋە دېخانلارغا ئېھتىياج ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ ئىدى. بۇنداق مۇھتاجلىقنى دەپى (يوق) قىلىش ئۇچۇن توغرىسى نەچچە يىللاردىن بۇ يان چەكسىز ئۇرۇشلاردا خاراباتقا ئايلانغان بۇ قاق دالانى بۇگۈنكى باي، مەھسۇلدار، جەننەتتەك ئىللىق بىر ۋىلايەتكە

ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تارانچى ئوغلى ۋ تارانچىلار مۇتلەق زۆرۈر ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتىشەھەردىن دېخانلارنى كۆچۈرۈپ چىقىپ، ئىلىدا ئولتارغۇزۇشقا ئەمىن ۋاڭ نامىغا خاندىن پەرمان سادىر بولدى. ئەمىن ۋاڭ ئوغلى مۇسا گۇڭنى ئالتىشەھەرگە ئەۋەتتى. مۇسا گۇڭ قەشقەر، ياركەنت، دولان، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، خوتەن، كۇچار، ئەلھاسىل، ئالتىشەھەردە مەۋجۇت بول غان ھەممە شەھەر ۋە رايونلاردىن ئالتە مىڭ ئۆيلۈك دېخانىي چاڭ لۇڭ خانىنىڭ 62–يىلى (1765) ئىلى ئۇزۇرىغا (ۋادىسىغا) كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇلارغا مەركەز .قىلىپ غۇلجا شەھىرى بىنا ئېتىلدى، ھەمدە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆي بېشىغا بىر يىللىق ئۇرۇق، بىر قوشلۇق كالا، 12 لەن كۈ مۈچ بېرىلدى. يۇقۇرىدا زىكىر ئېتىلگەن مانجۇر تائىپىلىرىنى تويغۇزۇش بۇلارنىڭ ئۈستىگە رەسمىي يۈكلەندى. يەنى مانجۇرلارغا دېخانچى ھەم ئالۋاڭ بەرگۈچى تايىنلداندى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىللە تارانچى نامى بېرىلدىكى، بۇ نامنىڭ، مەنىسى ۋ دېخانچى دېمەكتۇر. تارانچىلارغا ھاكىم بولۇپ مۇسا گۇڭ تەيىنلەندى. مۇسا گۇڭ ئەسلى كونا تۇرپانلىق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسى ئورانزۇب گۇڭ باشلىق يىگىرمە ئائىلە چىقىپ، بۇلار چۇلۇقاي مەھەللىسگە ئورناشتى. چۇلۇقاي ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مۇسا گۇڭنىڭ قاياشلىرىغا ھەببە قىلىنغان ئىدى. بۇلارنىڭ، قاياشلىرى ئوشاق يەنى ئۆزشاخ دەپ ئاتالدى. تارانچى خەلقىنى ئىدارە قىلىش ھاكىمبەگ بىلەن شەڭگەن زۇڭ تو دارىن ناملىق ئىككى مەمۇرغا تاپشۇرۇلدى. ھاكىمبەگ ئېلىق–سېلىق يىغىش، ئالۋان–ياساق ئىشنى ماڭغۇزۇش، دىنىي شەرىئەتنىڭ ئىجراسىغا قاراش، مۇپتى، قازى، ئەلەم ئوخشاش دىن باشلىقلىرىنى مەنسەپكە قويۇش ئىشلىرىغا، قىسقىسى، ئومۇمەن مۇسۇلمانلارغا ئائىت ئىشلارنىڭ ئىجراسىغا مەمۇر ئىدى. شەڭگەن، زۇڭتو دارىنلار: ئىلىنىڭ باسقىغى ۋ جاڭجۇڭنىڭ ،ئەمىر–پەرمانلىرىنى ھاكىم بەككە يەتكۈزۈپ، بۇ پەرمانلارنىڭ ئىجرا قىلىنغان ۋە قىلىنمىغىنىنى نازارەت قىلاتتى. ھاكىمبەگلەر مۇنداق خىزمەتلىرى ھېساۋىغا خاندىن يىلىغا ئۈچ يۈز لەن كۈمۈچ (30قاداق) مائاش ئالاتتى ھەمدە تارانچى خەلقى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلاردىنمۇ خالىغىنچە پۇل يىغىپ ئالاتتى. ھاكىم بەگلەرنى بەلگىلەش خانىنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى. ئامما تارانچىلارنى ئىدارە قىلىش تەرتىۋى ئىلى باسقىغى بولغان جاڭجۇڭ تەرىپىدىن جارىي بولغان ئۇسۇلغا بىنائەن يۈرگۈزۈلەتتى. تارانچى خەلقىنى غۇلجا، تاشۆستەڭ، ئارۆستەڭ، نىلقا، توقاي، قاش، بۇرابوسۇن، قايىنۇق، خونخاي، داردامتۇ، توققۇزتارا، ئاربۈز، سەنداۋان نامىلىق 13 ئۆستەڭگە بۆلۈپ، ئۆستەڭنى بىر نەچچە يۈزگە، ھەر يۈزنىۋئەللىككە، ئەللىكنى ۋ ئونغا بۆلگەن ئىدى. بۇ ئۆستەڭلەرنى ئىدارە قىلىشتا ھاكىمدىن كېيىن ئىشىك ئاغا ھەم تۆۋەندىكىچە ئۇششاق بەگلەر بولۇپ، شۇلار باشقۇراتتى:

ئۈچ شاڭ بېگى، يەتتە مىراپ، ئون مىڭ بېگى، بىر غەزنىچى، بىر دىۋان بېگى، بىر باجگىر، بىر سەدرى (ئۇلۇق) بەگ، سەكسەن ئىككى يۈز بېگى، ئەللىك بېشى، ئون بېشلار ۋە پاششاپ ئىشقۇللار دېگەن مەمۇرلار بولاتتى. ھاكىم بەگنىڭ ئوردىسىدا دائىمىي خىزمەت قىلىپ تۇرىدىغان ئىككى ياساۋۇل، سەككىز پۈتۈكچى سەككىز دورغا، ئىككى ئوردا بېگى، يىگىرمە نۆكەر بولاتتى. ئىشىك ئاغىنىڭ خىزمەتچىلىرى بۇنىڭ يېرىمچىلىك ئىدى. دېمەك، ھەممە بەگلەردە شۇنداق خىزمەتچىلەر بولاتتى ھەمدە ئوردىدا يىگىرمە ئۆيلۈك ناغرىچى پىرقە (گرۇپپا) بولۇپ، بۇلار ئالۋاڭ–ياساقلاردىن خالى ئىدى. ئۇلارنىڭ، ئالۋاڭ–ياساقلىرى خەلق تەرىپىدىن تۆلىنەتتى. ھاكىم بەككە بىر غولنىڭ سۈيى يالغۇز بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ سېلىق تۆلىمەيتتى، ئىشكاغا يېرىم غول، غەزنىچىلەرگە ھەم ئۆز لايىقلىرىگە يەر–سۇلار ئىھسان (ھەدىيە) قىلىنغان ئىدى. ھاكىم بەگنىڭ دېخانچىلىق ۋە باشقا كار بارىنى (ئىشلىرىنى) قىلىدىغان يۈز ئادىمى بولۇپ، ئۇلارنى يانچى دەپ ئاتايتتى. ئىشىك ئاغىنىڭ يۈز غەزنىچى، شاڭ بەگلەرنىڭ ھەر بىرىدە يىگىرمە بەشتىن، يۈز بېگىلىرىنىڭ ئۈچتىن يانچىلىرى بولاتتى. بۇ ئادەملەر ئۇلارنىڭ قۇ تۇلماس قۇللىرى ئىدى. ھازىر بۇنداق ئىشلار قالماقلاردا بار، ئۇلار يانچىلارنى غوشقا دەپ ئاتايدۇ.

تارانچىلار كەلگەندىن كېيىن ئىلىدا دېخانچىلىق راۋاجلىنىپ، مەمۇرچىلىق باشلانغان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، ئوڭاي پۇل تېپىشنى ئويلىغان ختاي سېتىقچىلىرى بىلەن هۈنەرۋەنلىرى ئىلى ئۆلكىسىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ يېڭى مېهمانلارنى تويغۇزۇش، يەنى، ئىلىنى شۇ مەمۇرچىلىقىدا ساقلاش ئۈچۈن يېڭىدىن ئۆستەڭلەر چېپىش لازىم ئىدى. زىرائەت ئىشىنى ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىگى ئاشكارە بولدى. ئامما بۇنىڭغا ئىشچى قوللار ئازلىق قىلاتتى. مانا شۇ ئېهتىياجنى يوقىتىش ئۈچۈن 1836–يىلى تاشتۆپە ئۆستىڭىنىڭ چېپىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالتىشەهەردىن بىر مىڭ ئۆيلۈك كىشى كۆچۈرۈلۈپ كېلىندى. 1837–يىلى سەنداۋان ئۆستىڭىگە بەش يۈز، 1839–يىلى ئارىيۈز ئۆستىڭىگە بەش يۈز، بارلىغى ئۈچ دۈركۈندە 2 مىڭ ئۆيلۈك مۇهاجىر (كۆچمەن) كەلتۈرۈلۈپ، ئاۋالقى تارانچىلارغا قوشۇلدى. ”ئىلى 8 مىڭ“ دېگەن ئات شۇنىڭدىن قالغان.(

جۇڭغار هۆكۈمىتى يوقىلىپ، بۇ تەرەپلەرنى ختايلار ئۆزلىرىگە قاراتقاندىن بۇ يان، بىر ئەسىرگىچە ۋەزىيەت تېچ تۇردى. ختاي هاكىمىيىتىگە زىيان–زەخمەت يەتكۈزگۈچى بولمىدى. بۇ بىر ئەسىر داۋامىدا تارانچى خەلقىنىڭ تارتمىغان جاپاسى، كۆرمىگەن ئازاۋى قالمىدى. تاشلاندۇق قاق دالانى ئاۋات قىلىپ، 3ې4 يۈز مىڭدەك خەلقنى تويغۇزۇپ، بېقىپ، پۈتۈن ئالۋاڭ–ياساقلارنى تۆلەپ كەلگەن 8 مىڭ ئائىلىدىن ئىبارەت تارانچى خەلقىنىڭ نە چاغلىق ئېغىر كۈنلەر كەچۈرگەنلىگى ئۆز–ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغۇسىدۇر.

بۇ بوزەك تارانچى دۇنياسى يالغۇز مەزكۈر ئالۋانلارنى ئۆتەش بىلەن تېچ تۇرمىغان، بەلكى بۇلارنى دەپسەندە قىلىشتىن باشقا هېچ نېمىگە جورۇش مۇمكىن بولمىغان

ۋاڭ خولا“ ئوخشاش ئالۋانلارمۇ بولغان. ”ۋاڭ خولا“ شۇدۇركى، يۇقىرىدا ئېيتىلغان هۆكۈمەتنىڭ مەركىزى بولغان خوتەن قورغىنى يار گىرۋىگىگە بىنا ئېتىلگەن ئىدى. كەلكۈن مەزگىلىدە سۇنىڭ دولقۇنلىرى يارنى گۈۋۈرۈپ قورغاننى خاراپ ئېتىش ئېهتىمالى بار ئىدى. مانا شۇنداق ئېهتىمال سانالغان زىيانلاردىن قورغاننى قورغاش ئۈچۈن پۈتۈن ياز بويىچە نەچچە مىڭ تارانچى دەريا سۈيىگە تورالغا قويۇپ توساش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بىراق سۇنىڭ قۇۋۋەتلىك دولقۇنلىرى تورالغۇلارنى بۇزۇپلا تۇراتتى. موشۇنداق چاغدا مىسىر خەلقىنىڭ نىلغا قىزلارنى تاشلاپ قۇربان قىلغىنىغا ئوخشاش بىرەر توختاخۇن ۋە تۇرداخۇنلار قۇربان قىلىنىپ كېتەتتى. بۇ ”ۋاڭ خولا“ توغرىسىدا دەرتمەن تارانچىلارنىڭ چىقارغان ناخشىلىرىدىن نەمۇ نە ئۈچۈن كۆچۈرىمىز:

### ۋاڭ خولا هەققىدە

ۋاڭ خولا بالا بولدى، ختايلار ئەجدىها بولدى،  
چىدالماي غولدىغا خەلقلەر، كېچىلەپ ئۆيىگە قاچتى،

سېپىلنى بۇزماقچى سۇ دەپ، دەريانى توسۇڭلار دەپ،  
بۇ دەرياغا تارانچىلار توشۇر هەر كۈندە شاخ–تاشنى.  
كېچە–كۈندۈز تارانچىنى ئوشۇل دەرياغا ئىشلەتتى،  
ئۆيۈنى ياد ئېتىپ، خەلقلەر زار–زار يىغلاشتى.

### ئۆستەڭلەر هەققىدە

ئاق ئۆستەڭنى چاپسۇن دەپ، جاڭجۇڭدىن چۈشۈپتۇ خەت،

خاشارنى ئېلىپ چىقتى خىتاي تۇڭچىسى ئەخمەت.
ئۆستەڭ بېشىغا بېرىپ، يەرنى چام بۆلۈپ بەردى،
جاننى چۇرۇتىپ ئەتتى ئالۋانچىلىقنىڭ دەردى.
ئۆستەڭنىڭ تېگى قاتتىق، چاپسا كەتمەن ئۆتمەيدۇ،
خىتاي تۇڭچىسى، بەگلەر بېشىمىزدىن كەتمەيدۇ.
ئۆستەڭ چاپمىغان خەلقنى دالويا قامچىغا باستى،
چىدالماي قامچىغا خەلقلەر ئۆستەڭنى ياقىلاشتى.
سوقار خەلقلەرنى، ئىلدام بول، ئىلدام چاپ بېكار تۇرما،
دېمى-دەم ئالغىنى قويماي سوقۇپ، خەلقلەرنى قوغلاشتى.

## خىتاي ئالۋاڭلىرى ھەققىدە

خىتايلار باققا ئىشلەتتى نەچچەن يۈز مۇسۇلماننى،
بۇل ئالۋاڭدەك تولا ئالۋاڭ، ئالۋان ھەددىدىن ئاشتى.
خىتاينىڭ ئالۋىڭى ھەر كۈن، يىغىن ياققان سۈپەت بولدى.
بالا-ۋاقىنى تاشلاپ خەلق ئەتراپ-تالاغا قاچتى.
ئاتىسى چاپسا ئۆستەڭنى، بالىسى نان توشار ئاندا.
بۇ ئەبلەخ تۇخۇمى غەملەرنى تارانچى بېشىغا چاچتى.
كى ئاۋقاتىن قىلالماي، كېچە-كۈندۈز چاپتى ئۆستەڭنى.
خوتۇنلار ئەرلىرىنى كۆرمەي، بىرى-بىرى ئىلە مۇڭداشتى.
كى ئاشلىق ئالغىلى خەلق يوق، خوتۇنلار ئورمىنى ئوردى،
ئوغۇل پەرزەندى ئۆستەڭدە، قىزلار باغنى باغلاشتى.

## مىس كانى ې مەدەن ئوچاقلىرى ھەققىدە

مىس كانى دېگەن يەردە كۈندە ئۈچ تام سوقىمىز،
قېچىپ كېتەيلى دېسەك، مو دالويادىن قوقىمىز.
ئاخشىمى ياتار بولساق، سالغىلى كىگىز قېنى،
بۇ جانغىما توقۇلدى خىتايلارنىڭ مىس كېنى.

## سېلىقلار ھەققىدە

خىتايلار تارتىپ ئالدى ئات-كالىنى بۇ تارانچىدىن،
كالا-ئاتنىڭ يوقىدىن خەلق خامانغا ئېشەك قوشتى.
سېلىق بەر دەپ تارانچىنىڭ ئۇرۇپ-سوقۇپ قولىنى باغلاپ
ئادالەت كەتتى جاڭجۇڭدىن، پەيمانە تولۇپ-تاشتى.

سېلىق تېپىپ بېرەلمەي خەلق ئەزىز پەرزەندىنى ساتتى.
بۇ جاڭجۇڭ بولدى ئەجدىھا، تارانچىلارغا ئوت چاچتى.

خىتايلارنىڭ تارانچى خەلقىگە قىلغان زۇلۇم ۋە ستەملىرىنى بوزەك مەزلۇملارنىڭ بۇ ناخشىلىرىدىن ئوچۇق كۆرگىنى بولىدۇ. زالىم خىتايلار تەرىپىدىن ھوقۇق ۋە ئازاتلىغى دەپسەندە قىلىنىپ، يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن بوزەك تارانچىلار مۇنداق زۇلۇملارغا چىداپ كەلگەن بولسىمۇ، ئالتىشەھەر تۈركلىرى تىنچ تۇرمىدى، بەلكى قايتا-قايتا قوزغالدى. 1764-يىلى ئۇچتۇرپان قوزغالدى. بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇچۇن ئەۋرەڭزىب گۇڭغا خىتايلار تەرىپىدىن ۋاڭلىق دەرىجىسى بېرىلدى. (1826-يىلى جاھانگىر غوجا قوزغالدى. بۇنى ئىشاق ھاكىم تۇتۇپ بېرىپ، ۋاڭ دەرىجىسىنى ئالدى. (1847-يىلى) يەتتىغوجا قوزغالدى، لېكىن بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ ھەممىسى خىتايلار تەرىپىدىن باستۇرۇلۇپ كېلىندى. ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىكى خىتاي زۇلۇمى مەشھۇر تايپىن ئۇرۇشىغىچە داۋام قىلدى. تايپىن ئۇرۇشى دېگىنىمىز: خىتاي

ھۆكۈمىتى چىن ئۆلكىسىدە ئەپيۇن تېرىش ھەمدە ھايداشنى مەنئي قىلىپ پەرمان چىقارغان ئىدى. بۇ پەرمان چىققاندىن كېيىن چىندا ئەپيۇن باھاسى كۆتىرىلدى. ئىنگلىزلار مەزكۇر پەرماننى غېنىمەت بىلىپ، خىتايغا ناھايىتى تولا ئەپيۇن كەلتۈردى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئىنگلىزلەرنى

پەيۇن بىلەن سودا قىلىشتىن مەنئي قىلدى، لېكىن ئىنگلىزلەر ئۇنىڭغا ئېتىۋار قىلماي، ئەپيۇن بىلەن سودا قىلىشنى داۋام قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى ئەپيۇن ساتقۇچى ئىنگلىزلەرگە قارشى قەتئي چارە كۆرۈپ، ئىنگلىزلەرنىڭ ئەپيۇن كەلتۈرگەن پاروخودلىرىنى ئەپيۇنلىرى بىلەن كۆيدۈردى، شۇ بانە بىلەن ئىنگلىزلەر بىلەن فرانسۇزلار خىتايلارغا قارشى ئۇرۇش چىقاردى. بۇ ئۇرۇشتا خىتاي ھۆكۈمىتى قاتتىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى (1856پ1858پ 1860). شۇنىڭ كەينىدىن يەنە بىر بانە بىلەن ئامېرىكا ۋە فرانسۇزلار خىتايلارغا زىيانلىق يەنە بىر شەرتنامە تۈزدى. ئەجنەبىيلەر بۇ شەرتنامە بىلەن خىتايلارنىڭ قول-ئاياقلىرىنى باغلاپ، قىمىرلىغۇسىز قىلىپ قويغان ئىدى. لېكىن خىتاي خەلقى ئەجنەبىيلەرنىڭ مۇنداق شەرتنامىسىغا چىدالمىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ھۆكۈمەتنىڭ ئەجنەبىيلەر بىلەن قىلغان شەرتنامىسىغا (توختاملىرىغا) قارشى نارازىلىق ئۆسۈپ، ئەجنەبىيلەرنىڭ مۇداخىلە ۋە كەمسىتىشىدىن قۇتۇلۇش يولىدا قوزغالدى. خەلقنىڭ بۇ قوزغىلىشى يالغۇز ئەجنەبىيلەرگىلا قارشى بولماي، بەلكى ھۆكۈمەتنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىپ، خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇش مۇددىئاسىدا باشلانغان ئىدى... موشۇنداق بىر شارائىتتا ئىنگلىزلار يەنە ئۇرۇش قىلىپ، بېجىننى ئالدى. خان شەھەرنى تاشلاپ قېچىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن خىتايلار تاقەت قىلالماسلىق ئېغىر شەرتلەر بىلەن توختام قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمى تىنىڭ قول-ئاياغى دەسلەپكىدىنمۇ مەھكەمرەك باغلاندى. شۇ ئەسنادا رۇس ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بىلەن غۇلجىدا رۇس كونسۇلى تۇرىدىغان بولدى. چېگارىلار ئاجرالدى (1855-يىلى). موشۇنداق ئىختىلال ۋە ماجرالار سەۋەۋىدىن خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئىختىلاپ ۋە چوۋۇلۇشلار قاپىسغان ۋە بۇ ۋاقىئەلەر ھۆكۈمەتنى ھالدىن تايغۇزغاندى. دۆلەتنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالى بۇزغۇنلۇققا چۈشۈپ، دۆلەت غەزنىسى ناھايىتى دەرىجىدە قىسىلىپ قالدى. شۇنىڭ ئۇچۇن ھۆكۈمەت چەتتىكى، شۇ جۈملىدىن غۇلجا چېرىكلىرىگە تېگىشلىك ئايلىق تەمىناتلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمىدى. سانى خېلى نۇرغۇن ئىلى چېرىكلىرىنى بېقىشقا تارانچىلارنىڭ ئۆي بېشىدىن ئېلىنىدىغان 12 خو * بۇغداي كۇپايە قىلمىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇلارغا يەنە ئۈستىلەپ سېلىقلار سېلىندى. بۇرۇنقىنىڭ ئۈستىگە يەنە يىگىرمە خو قوشۇپ، بارلىغى ئۆي بېشىغا 32 خو سېلىق بەلگىلەندى. بۇنىڭ ئۈستىگە غۇلجا دائىرىسىدىكى چېرىكلەرنىڭ ئوتۇن-ياغاچ، كۆرپە تۆشەك، چاي، تۇز،

گۆش–ياغ ئوخشاش ئېھتىياجلىق ۋە زۆرۈر سانالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزۈپ تۇرۇش يەنە شۇ

[1] بىر خو ي 64 ك گ.

كەمبەغەل تارانچىلار ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىدى. ئۇلار بۇنىڭسىزمۇ ئىختىسادىي قۇللۇقتا ياشاۋاتاتتى. خالزات ھاكىم زامانىسىدىن قالغان قوشۇمچە سېلىقلارنى تۆلىگەنتىشتىن ئاجىز بولغان خەلق ئۈچۈن بۇ يېڭى قوشۇمچە سېلىقلارنى تۆلەش (تارانچىلار ئۈچۈن) ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر ئىدى. تارانچىلارنى كۆچۈرۈشتىن يەتمىش يىل كېيىن تارانچى دىيارىدا ناھايىتى  ئەغىر دەرىجىدە قۇرغاقچىلىق بولۇپ، خەلق بىر نەچچە يىل مەلۇم سېلىقلارنى تۆلىيەلمىگەن ئىدى. بۇ تۆلىيەلمىگەن سېلىقلار خىتايلارنىڭ قانۇنلىرىغا بىنائەن ھەر يىلى بىرگە بىر ئۆسۈپ تۇراتتى. تارانچىلار كۆچۈرۈلۈپ 75 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھاكىم بولغان خالزات تارانچىلاردىن ئېلىنغان خانلىق (خانغا تۆلىنىدىغان) ئاشلىقتىن مىللىيون پۇتقا يېقىننى يەپ قويغان ئىدى. تەبىئىيكى، بۇلارنى قوشۇمچە سېلىقلار بىلەن تۆلەش يەنە شۇ كەمبەغەل تارانچىلارنىڭ گەدىنىدە ئىدى. بۇ توغرىسىدا خالزات ئەيىپلىنىپ ئورنىدىن چۈشىرىلدى، ئورنىغا چارۇق (شاھرۇق) ھاكىم بەلگىلەندى. چارۇقتىن كېيىن ئوغلى ئابدۇرۇسۇل ئىشكاغا بولۇپ، مەزەمزات خالزات زادە ھاكىم بولغان ئىدى. مانا شۇ مەزەمزات زامانىدا بۇرۇندىن قالغان كونا سېلىقلارغا يۇقۇرىدا يېزىلغان يىگىرمە خو (80 پۇت) سېلىق قوشۇلغان ئىدى. شۇ سەۋەپتىن بۇرۇندىنلا ئائىلە سائادىتى، بالا–ۋاقا راھىتىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولغان تارانچى خەلقى بۇ قېتىم ئائىلىلىرىدىن ئاجراپ سۆيدۈڭ، كۈرە، دودىشاڭ، بىدىشاڭلاردا تېنەپ–تەنتىرەپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ بىچارىلەرنىڭ ئۆيىدە بىر پارچە كىگىز، بىر يوتقان، بىر دانە چۈشەك، بىر خو ئۇن بولسىمۇ ئۆيدىكى مۇھتاج بالا–چاقىلىرىنى ئېتىۋارغا ئالماي، ئۇلارنى قاڭغىر قاخشىتىپ تۇرۇپ تارتىۋالاتتى. بالا–چاقا، بوۋە–چوۋەلەرنىڭ كۆز ياشلىرى زادى ئىلتىپاتقا ئېلىنمايتتى.

## تۇڭگان ئىختىلالى

خىتاي مەملىكىتىنىڭ موشۇنداق قالايمىقان ئەھۋالىدىن، ئېغىر كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ گەنسۇدىكى تۇڭگانلار قوزغالدى. مۇسۇلمان دىنىغا مەھكەم بولغان بۇ تۇڭگان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ سىياسىي ئەمەل ۋە غايىلەر بىلەن تولا چاتىغى يوق ئىدى. گەنسۇ ۋىلايىتىدىكى سالا تۇڭگانلىرى (ئەسلى تۈرك) بالدۇر ھوقۇقتا خىتايلار بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ھۆكۈمەت ئارىلاشمىغان بولسىمۇ، خىتايلار جۇڭغارلارنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت بالدۇرقى سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەن، بۇلارنىمۇ باشقا مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش قىسىشقا باشلىغان، يەنى ئۇلارنىڭ دىنىي ۋە ئۆرپى–ئادەتلىرىنى دەپسەندە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن سالا تۇڭگانلىرى خىتايلارنىڭ مۇنداق سىياسىتىگە نارازى بولۇپ، ئۇلارغا قارشى قوزغىلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. شۇڭا بىرىنچى پۇرسەتتىلا قوزغالدى. بۇلارنىڭ قوزغىلىشى جىددىي بولۇپ، ياراق كۆتەرگىدەك تۇڭگانلارنىڭ بارچىسى جەڭ قىلىشقا ئاتلاندى. ئۇشبۇ تەرىقە جىددىي ھەرىكەتلىرى نەتىجىسىدە تۇڭگان ئىختىلالچىلىرى ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرىنى يېڭىپ، غالىبىيەت قازىنىشقا باشلىدى. ھۆكۈمەت بولسا، قوزغىلاڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشتىن ئاجىز قالدى. بۇ قوزغىلاڭ باشقا يەردىكى مۇسۇلمان قوزغىلاڭلىرىغا تۈرتكۈ بولدى.

## تارانچى ئىختىلالى ئالدىدا

ئىچكەركى تۇڭگانلار، ھۆكۈمەت تەرەپلىرىنى يېڭىپ، غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، غۇلجىدىكى خىتايلار مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىنى ئۆزگەرتتى، يەنى بۇرۇنقىدىنمۇ يامانراق قىسىشقا باشلىدى. 1860–يىللاردا قارقارا تەرەپتىن رۇسلار بېسىپ كېلىشكە باشلىغاندا ئىككى مىڭ مانجۇر چېرىگى بېرىپ ياندۇرالمىغان چاغدا ئابدۇرۇسۇل ئىشكاغا رەھبەرلىگىدىكى بىر مىڭ ئاتلىق تارانچى پالۋانلىرى ياندۇرغان ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ختاي لارغا ئورۇس تەرەپتىن ۋايىم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلاجىسىز قالغانلىغى ھەر تۈرلۈك ھەرىكەتلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە جاڭ جۈن، ھاكىم بەگنى (مەزمەنى) چاقىرتىپ، ئۈنىڭغا تارانچىلاردىن بەش يۈز پالۋان راسلاپ بېرىشنى تاپشۇردى. بۇنىڭدىن بالدۇر بولسا، بىر تۈرلۈك تۆشۈك نانلار پىشىرىپ، قۇرۇتۇپ بېرىشنى بۇيرۇغان ئىدى. لېكىن سىياسىي سىرلاردىن بىخەۋەر ھاكىم جاڭجۈننىڭ پەرمانىنى بەجا قىلىشقا ئالدىرىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پات پۇرسەتتە مەزكۇر مەرگەنلەرنى راسلاپ، خەۋەر ئۈچۈن جاڭجۈن ئوردىسىغا يوگۇردى. جاڭجۈڭ ھاكىم بەگنىڭ بۇنداق چوڭ خىزمىتىگە يارىشا مۇكاپات بىلەن رازى قىلىشنىڭ ئورنىغا، ئۇنى قوشۇمچە سېلىقلارنى تۆگەتمىدىڭ دەپ، زىندانغا سولىدى-دە تەييارلانغان مەرگەنلەرنى ئېلىپ كېلىشكە مەزمەبەگنىڭ ئىشكاغىسى ئابدۇرۇسۇل بەگنىڭ نامىغا بۇيرۇق يازدى ھەمدە ئابدۇرۇسۇلنى ھاكىم قىلغانلىگىنى بىلدۈردى. لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ خۇي-پەيلىنى چۈشەنگەن ئابدۇرۇسۇل تۈرلۈك بانىلار بىلەن بارمىدى ھەم تەييارلانغان مەرگەنلەرنىمۇ ئەۋەتمىدى. ھۆكۈمەت ئىچكى ختايدا يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىئەلەرنى مۇسۇلمانلارغا بىلدۈرمەي، سىر تۇتقان بولسىمۇ، بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار ھەتتا ھۆكۈمەتنىڭ مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش يولىدا قەتىي قارارغا كەلگەنلىگىدىنمۇ خەۋەردار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن غۇلجا دائىرىسىنىڭ تۇڭگانلىرى ئۆزارا ئىتتىپاققا كېلىپ، ختايلاردىن بۇرۇنراق قوزغىلىشقا قارار قىلدى. مەزكۇر قارارلىرىغا بىنائەن ۋەدىلىك ۋاق يېتىشى بىلەنلا تاجى ئىردىخو، ساندىخوزىدىكى تۇڭگانلار قوزغالدى. لېكىن بۇ قوزغالغان تۇڭگانلار تەييار بولمىغان لىقتىنمۇ ياكى قورققانلىقتىنمۇ، ھەر نېمە بولسا بىر بىرىگە قوشۇلالمىدى، ئازغىنا سانىغا ئىگە بۇ قوزغىلاڭچىلار ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ھەممىسى سولاندى. بۇ سولانغان مەھبۇسلارنى ختايلار ئاممىغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن بوينى كېسىك مەيدانىغا توپى بىلەن ھايداپ چىقىپ، چېپىشقا باشلىدى، ئىختىلال باشلىقلىرىدىن يەنىسىن ھەم دېگەن فى تامۇ كىشلەرنى توغرىۋەتتى. ختايلارنىڭ بۇ ۋەھشىلىگىنى كۆرۈپ، تارانچى-تۇڭگان خەلقى ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ مۇنداق ئوت ئورنىدا توغرىلىشىگا غەزەپلەندى. ئۇلارنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى كۆرۈپ كۆيۈندى. بۇ دەھشەتلىك ئەھۋالنى ختايلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىشىنىڭ باشلىنىشى دەپ ھېساپلىدى. بۇنداق ۋەھشىلىكنىڭ ئەتە تېچ ياتقان تارانچى-تۇڭگانلارنىڭ بېشىغا كېلىشى ئېھتىمال دەپ ھېساپلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇن بىر بىرىگە سوغ قاراشتا تۇرغان تارانچى ۋە تۇڭگان خەلقى بىر ئىتتىپاققا كېلىپ، ختايلارنى يېڭىپ، ئىستىقلال (ئازاتلىق) ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، يەنى ھۆكۈمەت تارانچىلاردا بولماق شەرتى بىلەن ختايلارغا قارشى ئىتتىپاق لىشىپ ئۇرۇش قىلىش مۇئاھەدىسىنى (شەرتنامىسىنى) تۈزدى. لېكىن ئۈچ يۈز مىڭغا يېقىن تولۇق قۇرال-ياراغلىق مانجۇر تائىپىسىنى سان جەھەتتىن ئاز، قۇراللىرى ياراقسىز تارانچى-تۇڭگانلارنىڭ يېڭىشى ئەمىر-مەھەل تەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىدىن كۆپ ۋە قۇۋۋەتلىك دۈشمەنگە قارشى باش كۆتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى سىياسىي ئاسارەت، ئىختىسادىي قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق ئىدى.

## تارانچى- تۇڭگان ئىختىلالى ۋە غۇلجا سۇلتانلىغى

تارانچى-تۇڭگانلارنىڭ مۇئاھەدىلىرىگە بىنائەن تولاڭ ھاكىم ئىدى. ئابدۇرۇسۇلبەگ ئىككى تائىپىنىڭ ئەمىر ئەسكىرى (ئەسكەر باشلىغى). ھەر ئىككى تائىپە ئەمىرنىڭ پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشى لازىمدۇر. گەدەنكەشلىك قىلغۇچىلار غا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ئەمىرنىڭ گەدىنىگە ئارتىلغان ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە: 82 يۈز (مەھەللە) تارانچىدىن ئەسكەر يىغىش توغرىسىدا ئالدىراش ھالدا بۇيرۇق، يارلىق جاكالاشتىن ھەم تۇڭچى خاننىڭ 4-يىلى 10-ئاينىڭ 12سى جۈمە كۈنى (ملادىنىڭ 1863-يىلى، ئۆكتەبىر) ختايلارغا قارشى تۇيۇقسىز قوزغىلىشتىن

ئىبارەت ئىدى.

ئابدۇرۇسۇل ھاكىم ئۇستىگە يۆكلەنگەن ئېغىر ۋەزىپىنى ئادا قىلىش يولىدا دېگىلىك ھەرىكەتتە بولدى. بەلگىلەنگەن كۈنگىچە 82 يۈزگە (مەلىگە) خەۋەر بېرىپ ئۈلگۈرۈشتى. تارانچى خەلقى يوشۇرۇن قورالىنىپ، ئوردا چۆرىسىگە يى غىلماقتا ئىدى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت يېتىشى بىلەن ئەمىر تەرىپىدىن غۇلجىنىڭ خىتاي مەھەللىسىگە ھۇجۇم قىلىشقا پەرمان بېرىلدى. تارانچى-تۇڭگان بىرلىكتە خىتاي مەھەللىسىنى بىرىنچى ھۇجۇمدىلا ئالدى. ئىختىلالچىلارنىڭ قولىغا خېلى ياراق-جابدۇق چۈشتى. شۇ كۈنى قوزغىلاڭچىلار چىنپەگزە قورغىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇ يەرنىمۇ ئالدى. چىنپەگزە قورغىنى خىتايلارنىڭ خېلى مەھكەم چىگىتقان ئىستىھكاملىرىدىن ھېساپلىناتتى. ياراق-جابدۇقلارغىمۇ باي ئىدى. بۇ قورغاندىكى خىتايلار تولا قارشى تۇرماي، تەسلىم بولدى. ئىختىلالچىلار بۇنى كۆرۈپ، جانلىنىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا كەنتلەردىن يىغىلغان تارانچى چېرىكلىرى جاڭ جۈننىڭ ئەمرى بىلەن يۈلتۇزدىكى تورغاۋۇتلاردىن 1200 ئات ئېلىپ، كۈرەگە ماڭغان سى غالداي بىلەن ئو دارىن دېگەن ئەمەلدارلارغا ياماتۇدا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئاتلىرى بىلەن ئولجا ئالدى ھەمدە بۇ چېرىكلەر توققۇزتارادىكى شاختۆپىدە تۇرغۇچى چەنپەنلەرگە قىلىچۋاز ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلاردىن ئالغان ئولجا ماللىرى بىلەن شەھەر تەرەپكە مېڭىپ، ھەيرەنباققا كەلدى. كەنت چوڭلىرى تامامەن يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىر نەچچە قىسىمغا بۆلۈنۈپ، تاشۆستەڭ، ئارۆستەڭ، بوربۇلسۇن، ئۇلاستاي كەنتلىرىدىن كەلگەن مۇجاھىدلەر تۇڭگانلار بىلەن بىللە باياندايىنى ئېلىشقا تەييارلاندى. بايانداييدا مانجۇرلارنىڭ ئىككى مىڭ قۇرال-ياراقلىق چېرىگى بار ئىدى.

ئىلىنىڭ جەنۇبىدىكى كەنتلەردىن دارداماتۇ، كەتمەن، غالجات، خونخاي قاتارلىق 12 يۈزدىن توپلانغان مۇجاھىدلەر شىۋەلەرنىڭ سۇمۇللىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۈرە، بايانداييلارغا ياردەم قىلىش يولىنى ئۈزۈش، يالغۇزياغاچ، شارىبۇغوجۇن، توققۇزتارا چېرىكلىرى تېكەس، كۈنەستىن كەلگۈسى قالماقلارنىڭ يولىنى توساش، ھەمدە غالجات، قاشاڭ غوللىرى ئارقىلىق كېلىدىغان تېكەس قالماقلىرىنىڭ يولىغا قاراۋۇل، بوسرۇقلار قويۇش بەلگىلەندى.

جاڭجۈڭ تۇيۇقسىز لاۋلاپ كەتكەن بۇ ئىختىلال ئوتىنى بالدۇر يالغۇز تۇڭگانلار تەرىپىدىن دەپ گۇمان قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپ بۇنى سەل چاغلىدى. كېيىن ئىختىلالچىلارنىڭ ئالدىنقى سېپىدە تارانچى مۇجاھىدلىرىنى كۆرۈپ، بۇ قوزغىلاڭنىڭ جىددىي ئىكەنلىگىنى ئۇقتى. شۇندىن كېيىن جاڭجۈڭ ئۇلۇق-ئۇششاق بارچە مەمۇرلىرىنى يىغىپ، چوڭ كېڭەش مەجلىسى قىلدى. كېڭەش مەجلىسى جىڭ دالويە دېگەن مەمۇرنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن تارانچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ھاكىمبەگ مەزەمزاتنىڭ مەنسۇپىنى ياندۇرۇپ بېرىشنى؛ مەزەمزاتنى سولاقتىن چىقىرىپ تارانچىلارنى ئۈگۈتلەشكە (تەشۋىق قىلىشقا) ئەۋەتىشنى قارار قىلدى. جاڭ جۈن، مەزەمزاتنى شۇ زامان سولاقتىن چىقىرىپ، ئۇنىڭغا مەقسەت ۋە نىيەتلىرىنى ئۇقتۇرۇپ، ئۆزگە تولا چوڭ ئۈلگۈنلەر (ئىمتىيازلار) ۋەدە قىلىپ، تارانچىلارغا ئەۋەتتى. مەزەمخان شىۋەلەر مەللىرىنى ئارىلاپ، قوغۇن چىغا كەلدى. بۇلاقبېشى دېگەن يەردە تۇرىدىغان شەمسۇددىن خەلپەت بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇرۇشنىڭ كېتىپ بېرىش ئەھۋالى بىلەن تونۇشتى ۋە شۇ يەردىكى كەنتلەردىن چېرىك يىغىپ، شەھەر تەرەپكە ئاتلاندى. ئۇنىڭ ئالدىغا شەھەردىن ئابدۇرۇسۇلبەگ باشلىق ھەممە مۆتىۋەرلەر چىقىپ قارشى ئالدى. مەزەمخان خىتايلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ئېيتىپ، مۇجاھىدلەرنىڭ كۆڭۈللىرىنى كۆتەردى. بۇ چاغدا ھەر تەرەپتىن كەلگەن تارانچى مۇجاھىدلىرى يىغىلىپ، ئىختىلالچىلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە كۆپەيمەكتە ئىدى. ئەخمەتخان غوجا دېگەن بىر زات بىراز چېرىك بىلەن كېلىپ، يەنە مۇجاھىدلارغا قوشۇلدى. بۇنىڭغا پۇخرا تولا خوشال بولدى. لېكىن چوڭلار تارالدى، چۈنكى قارا خەلق ئۆز كۈچىدىن كۆرە، غوجامنىڭ

كارامىتىگە ئىشىنەتتى. ئەخمەتخان خەلق ئارىسىغا ئارىلاشقاندىن كېيىن، رىياسەت مەسىلىسىنى چىقاردى. چۈنكى ئەخمەتخان رەئىسلىكنى غوجىلارغا تېگىشلىك دەپ بىلەتتى. ئامما باشقىلار بۇ مەسىلىنى چىقىرىشنى ھازىرچە ئەتىگەن ھېساپلاپ، ئۇ توغرىلىق ئالدىرىمىدى. لېكىن ئەخمەتخان غوجىنىڭ ئۆي-پىكرىنى شۇ مەسىلە ئىشغال قىلغان ئىدى. بۇ غوجا ئۆزىنى خەلق ئالدىدا كۆتىرىپ، رەھبەرلىككە ئۆزلىگىدىن يېتىشنى ئويلايتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق بىر باھادۇرلۇق كۆرسىتىشى لازىم ئىدى. شۇنىڭدىن بۇ ئادەم ئۆز گۇرۇھلىرى بىلەن بايانداي ئۇرۇشغا ماڭدى. لېكىن ئىش ئەخمەت غوجا ئويلىغاندەك بولۇپ چىقمىدى. بايانداي قورغىنى، ئازاتلىق يولىدا خوشاللىق بىلەن جان بېرىشكە ئالدىرىغان غەيۇر-جەسۇر تارانچىلارنىڭ كۆرۈنۈشى قورقۇنچاق، ئاق سۆيەك غوجىنى ئۈركۈتتى. دېمەك، ئەخمەتخان ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ ياندى. دەل شۇ چاغدا جىڭتاي دېگەن خىتاي مەمۇرىنىڭ قالماقلاردىن توپلىغان چېرىكلىرى ياماتۇغا يېتىپ كەلگەنلىگى ھەققىدە خەۋەر ئېلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەتخان غوجىنىڭ شۇ ياققا بېرىشقا پەرمان بولدى، بۇ پەرمانىنى ئېلىپ بارگۈچى ئادەم ئەخمەتخان غوجىغا يولدا ئۇچرىغان بولسىمۇ، غوجا پەرمانىنى تىڭشىماي ئۆز يولىدا ماڭىۋەردى. خەتچى بۇ ھالنى شەھەرگە خەۋەر قىلغاندا ئەخمەت غەزنىچى بىر ئوغلى بىلەن ئالدىغا چىقىپ ياندۇرماق بولدى، ئامما ئەخمەت غوجا مەزكۇر ئەخمەت غەزنىچى بىلەن ئوغلىنى ئۆلتۈرۈپ، يەنە يولىغا راۋان بولدى. بۇ ھال ئۇرۇش مەيدانى بىلەن شەھەرگە ئاڭلانغاندا خەلق غۇلغۇلا قىلدى. ئەخمەت غەزنىچىنىڭ ئۆلۈمى ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە تولا قاتتىق تەسىر قىلدى. چۈنكى ئەخمەت غەزنىچى ئۇ ئادەمنىڭ قېيىناتىسى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەخمەت غوجىنى ئۆلتۈرمەك بولسىمۇ، لېكىن غوجىغا قارشى ھېچ نېمە قىلالمىدى.

تارانچى خەلقىنىڭ موشۇنداق ماجرا تۈپەيلىدىن ئىشلىرى ئىلگىرى باسمىدى. بايانداي مۇجاھىدلىرى ئىش چىقىرالمىغانلىقتىن، ياردەمگە شەھەر ئەسكىرى ئەۋەتىلدى.

## غۇلجا سۇلتانلىغىنىڭ تەشكىل قىلىنىشى

تارانچى خەلقى ئۇرۇش ئىشىنىڭ ئىلگىرى باسالمايۋاتقىنىنى ئىناق ۋە ئىتتىپاقسىزلىغىدىن كۆرۈپ، ئىختىلال ئىشىنى ئاساسىدىن تۈزەپ، تۈپلۈك ھۆكۈمەت سايلاشنىڭ لازىم ۋە زېرۇرلىگىنى چۈشەندى، ئۇقتى ھەم موللا نەسرىدىن ئەلەمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئۇلۇق كېڭەش ئۆتكۈزۈشكە يىغىلدى. مەزكۇر ئەلەم رىياستىدە ئېچىلغان قونكى (ئۇمۇمىي) قۇرۇلتاي مەزھەبەك ھاكىمنى "سۇلتان مەزەمخان" ئۇنۋانى بىلەن خان كۆتەردى. ئابدۇرۇسۇل بەگنى ئەمىر، نەسرى دىن ئەلەمنى قازى-كالان، موللا شەۋكەت ئاخۇننى قازى ئەسكەر، موللا روزىنى مۇپتى، ئەلھاسىل سۇلتاندىن تارتىپ يۈز بېشىغىچە ھەممە مەنسەپدارلارنى تەيىنلەپ تارقالدى. يېڭى سۇلتان ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىتىنى دەپتەرگە قەيت قىلدۇردى (دەسلەپ ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىتى مەلۇم ئەمەس ئىدى). ئۇ مۇجاھىدلارنى بالدۇرقىغا قارىغاندا خېلى ئىنتىزامغا سالدى. شۇ چاغدا باياندايغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۈرەدىن بىرىنچى دۈركۈن خىتاي چېرىكلىرى چىقتى، بۇ ئۇرۇشتا تارانچى مۇجاھىدلىرى زەربە يەپ قالدى. قاماقتا (قورشاۋدا) تۇرغان بايانداي بولسا ئېلىنمىغان ئىدى. تارانچى مۇجاھىدلىرى خىتايلارنى تەجاۋۇزلىرىنى قەھرىمانانە رەۋىشتە ياندۇرۇپ تۇرسىمۇ، ھەر تەرەپتىن زەربە بېرىشكە چېغى يەتمەسلىگى سېزىلىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى بىر يەرگە توپلاشقا سۇلتاندىن پەرمان سادىر بولۇپ، كۈرە تەرەپتىكى تۈڭگانلار بىلەن ئۆزبەكلەر ئالدۇرۇلدى. چەتتە قالغان تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرىدىكى شەيخلەرگىمۇ ئادەم ئەۋەتىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بالا- جاقىلىرى بىلەن سولانلار تەرىپىدىن قەتلىئام قىلىنغان خەۋىرى ئېلىندى. تارانچىلارنىڭ ھەممە ئۇرۇش كۈچى بىر يەرگە توپلانغاندىن كېيىن كۈرە بىلەن بايانداي

يولنى بۆلۈپ، مەشھۇر تامبارگاھ سوقۇلدى ھەم بايانداىغا قەتئي ھۇجۇم باشلاندى. قەلە ئىچىگە شوتا–نارۋانلار ئارقىلىق ئوق ئېتىشتى. ئاما بۇ خىل ئۇرۇشلار ئارقىلىق بايان داي قورغىنىنى ئېلىش مۇمكىن بولمىدى. ئۇلار قورغاننى دورا كۈچى بىلەن بۇزماق بولۇپ، بۇ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش مەشھۇر سادىر خاڭرۇق دېگەن كىشىگە تاپشۇرۇلدى. سادىر خاڭرۇق چاپسان ئىشلەپ، قورغان ئىستىھكامىنى دورا كۈچى بىلەن بۇزغان بولسىمۇ، خىتايلار ئاتقان قار–يامغۇردەك ئوققا قارشى ھۇجۇم قىلىپ باياندائي ئىچىگە كىرەلمىدى. تاڭلىسى قوزغىلاڭچىلار قورغاننىڭ بۇزۇلغان يېرى مەزمۇت قىلىپ بەكىتىلگەنلىگىنى كۆردى. شۇ گەزدە باياندايدىكى خىتايلارغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۈرەدىن 2 نۆۋەت چېرىك چىقتى، بۇلار قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى ۋە 710 نەپەر چېرىكنىڭ ئۆلۈگىنى ئۇرۇش مەيداندا قالدۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ مەغلۇبىيەتنى خىتايلار جاڭجۇڭنىڭ تەدبىرسىزلىگىدىن كۆرۈشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كونا جاڭجۇڭنى چۈشىرىپ، ئورنىغا مىن دېگەن ئەمەلدارنى جاڭجۇڭ قىلدى. بۇ يېڭى جاڭجۇڭنىڭ مۇسۇلمانلارغا ھېچ يامانلىغى تەگمىگەن كىمسە ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزىگە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم يامان قارىماسلىغىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، تارانچىلار بىلەن تىل تېپىشقا كىرىشتى، يەنى بۇ جاڭجۇڭ ئىختىلال ئوتىنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ئىختىلالچىلارنىڭ تىلىگىنى بېرىپ بولسىمۇ ئۇلار بىلەن چىقىشماق بولدى ۋە تارانچىلارغا تۆۋەندىكىدەك تەكلىپلەرنى بەردى:

1) قوزغالغان تارانچىلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ ئۇمۇمي قىلىش.

2) تارانچىلاردىن ئىلگىرى ئېلىنغان ئۇستەمە (قوشۇمچە) سېلىقلارنى ياندۇرۇپ بېرىش.

3) تارانچىلارنىڭ مۇستەقىللىگى ي خىتايلارغا باغلاقلىق بولماي، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىشنى تونۇش (تارانچى ۋىلايىتىنىڭ چېگارىسى چەيلەڭزىگە قەدەر).

4) سۇلتانغا خىتاينىڭ چوڭ مەنسۇۋنى، يەنى لەھەل جۇڭزىلىق دەرىجىنى بېرىش.

مۇنىڭ بەدىلىگە تارانچىلار بۇزۇلغان تۇڭگانلارنى خىتايلارغا تۇتۇپ بېرىشى لازىم. خىتايلارنىڭ بۇ تەكلىۋىگە يېڭى سۇلتانبەگ قاتتىق جاۋاپ يازدى. "بىزگە ھېچبىر شەرتسىز ئەل بولۇڭلار، بولمىسا ئازاپلىق ئۆلۈم بىلەن قەتل قىلىمىز ھەمدە ئۇشبۇ خەتنى ئالغان زامان كۈرەدە سولاقلىق تۇرغان ئىككى يۈز مۇسۇلماننى چىقىرىپ بېرىڭلار" دىدى. جاڭجۇڭ سۇلتان تەرەپتىن بولغان تەكلىپكە بىنائەن سولاقلىق ئىككى يۈز مۇسۇلماننى چىقىرىپ بەردى.

بۇ ھال ئىختىلال باشلىقلىرىنىڭ روھلىرىنى كۆتەردى. چۈنكى بۇنىڭدىن خىتايلارنىڭ كۈچسىزلىگى بىلىنەتتى. ئەمما ئۇشاقلار–قوزغىلاڭچىلار روھسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكەر باشلىقلىرى بىرەر يەرنى پەتھە (ئىشغال) قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتىرىشنىڭ كويىدا ئىدى. شۇ ۋەجىدىن سۈيدۈڭنىڭ قېشىدا بىدشاندىكى خىتايلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تارمار قىلدى. بۇنى كۆرگەن چاقار جۇڭغارلار دەرھال تارانچى ھۆكۈمىتى بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشقا ئالدىرىدى. تورغاۋۇتلار بولسا بۇلاردىن بالدۇر ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بېتەرەپلىگىنى بىلدۈرگەن جانجۇڭ تارانچىلار بىلەن سۆزلىششتىن مەنا چىقمىغانلىغىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، يېڭىدىن ئۇرۇش تەييارلىغىغا كىرىشكەن ئىدى. مەخستى قوزغىلاڭچىلارغا ساقايماسلىق زەربە بېرىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرە خىتايلىرى تارانچىلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىدىغان 3–پىرقە ئەسكىرىگە ئىشەنچ قىلاتتى. بۇ قېتىمدا تارانچىلار، مەقاۋمەت قىلالماي ياندى. لېكىن تارانچى–تۇڭگانلار تارىلىپ، چېكىنگەندىن كېيىن خىتايلار قوغلىماستىن ئارتىغا ياندى ۋە قەلە ئىچىگە كىرىپ، ساقچىلىققا سولان، قالماق چەنپەنلىرىنى (ياللانمىلىرىنى) قويۇپ، يەنە ئۇرۇشقا جىددىي جابدۇنۇشقا باشلىدى. ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇرۇش ھازىرلىغىدىن ئىلىنىڭ سول ياقىسىدىكى شىۋەلەرنىمۇ ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدى. شىۋەلەر بولسا تارانچىلارغا سادىق بولۇپ، خىتايلار تەرىپىدىن ئالغان بۇ خەۋەرلەرنى ئاققوزا، توقلەكلەرگە يەتكۈزدى. بۇلار دەرھال سۇلتانغا خەۋەر

بەردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان تارانچىلار ئۇرۇش تەييارلىقىنى كۆرۈشتى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، بايانداي تەرەپكە كورەدىن يەتتە مىڭ خىتاي، ئۈچ يۈز قالماق چېرىگى ھۇجۇم باشلىدى. رەجەپ ئېيىنىڭ 17سىدە ئىككى تەرەپنىڭ چېرىكلىرى ئۇچرىشىپ، قانلىق ئۇرۇشتىن كېيىن دۈشمەن تەرەپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاچتى. تارانچىلارغا 96 زەمبىرەك، 60 ھارۋا ئوزۇق–تۈلۈك، ياراق–جابدۇق ئولجا چۈشتى. تارانچىلارنىڭ تالاپىتىمۇ سېزىلغىدەك ئېغىر بولدى، ئامما بۇ قېتىم دۈشمەنگە ساقايماسلىق دەرىجىدە زەربە بەردى.

ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق ۋاقىئەلەر

ئۇرۇشلاردا تارانچىلار ئۈستۈن چىقىپ، مۇجاھىتلار تېزلىك بىلەن كورە، باياندای ئوخشاش سېپىللىق شەھەرلەرنى پەتىھ قىلىشقا ئۇمۇتلىنىپ تۇرغاندا، بىر كۆڭۈلسىز خەۋەر چىقىپ قالدى. بۇ بولسا ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ جاڭجۇڭ بىلەن يوشۇرۇن خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى. بۇنىڭغا بەزى ئادەملەر چۈمپۈتمىگەن بولسىمۇ، بىر قىسىم خەلق ئىشىنەتتى. لېكىن ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ كەينىدىن پايلاپ يۈرگەن ئەخمەتخان غوجا موشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى يوقاتماقچى بولدى. ئۇ ئىختىلالنىڭ ئۈچىنچى يىلى رەجەپ ئېيىدا ئۆز ئەگەشچىلىرى بىلەن ئەمىرنىڭ چېدىرىنى قورشاپ ئالدى ۋە ئۆزى تۆز كۆڭلى بىلەن كەلگەندەك چېدىر ئىچىگە كىردى، ئەمىر غوجىنى كۆرۈپ ئەيمەڭگەنلىگىدىن بولسا كېرەك، "ھە، غوجام، چىرايىڭىزنى ئۆزگەرگەن ھالەتتە كۆرىمەن. كېچىلەپ نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ نېمىدىن رەنجىدىڭىز؟" دىدى. غوجا: "سەن تارانچى ئەھۋالىدىن جاڭجۇڭغا يوشۇرۇن خەۋەر بېرىپ تۇرۇپسەن، ئۆلتۈرىمەن" دەپ، ئۇنى ئۆلتەردى. ئەمىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى قازىكالان نەسىردىناخۇنغا يەتكەندە، ئۇ "تارانچى خەلقى ناھەق ئۆز ئەمىرىنىڭ خۇنىنى تۆكۈپ كاپىر بولۇپتۇ"،پ دىدى.

بۇ خەۋەر ئەسكەرلەر ئارىسىغا يېتىشى بىلەن بۇلارمۇ غەليانگە، قالايمىقانغا كەلدى. سۇلتان ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى غەلۋىنى باسماق مەخسىتىدە ئاخۇنىنى سولىغان ئىدى. لېكىن ئەخمەتخان قازى كالانى سوراپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بارچە بەگلەر ئاخۇنۇمنىڭ ئۆلۈم گۇناىينى غوجامدىن سوراپ ئالدى، لېكىن ئۇ مەھبۇس بويىچە قالدۇرۇلدى. ئابدۇرسۇل ئەمىر قەتىل ئېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ جاڭجۇڭ بىلەن يوشۇرۇن خەۋەرلەشكىنىنىڭ راست–يالغانلىغى تەكشۈرۈلمىدى. ئېھتىمال، بۇ خەۋەر ئەمىرنى قەتىل ئېتىش ئۈچۈن مەشرۇغ يول ئىستىگەنلەر تەرىپىدىن چىقىرىلغاندۇر، چۈنكى مۇنداق چاغدا بۇزۇق ئادەملەرنىڭ چىغىر يوللار بىلەن زەمىن راسلاپ قويۇشى چوقۇم بىر ئىشتۇر.

ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ تۇتقان ئىشلىرىغا قارىغاندا شەخسىي مەنپىيەت ئۈچۈن مىللەتنى ساتىدىغان ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەسلىگى بەلگۈلۈك بولۇپ تۇرىدۇ. ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى قەتىل قىلغاندىن كېيىن ئەخمەتخان غوجىنىڭ دەرىجىسى كۆتىرىلدى. ھەممە بەگلەر غوجامنىڭ ئەمرى ھۇمايۇنلىرىغا مۇتى (قاراش) بولۇپ، دۆلەت ئىشلىرى غوجامنىڭ خاھىشىغا قاراپ ماڭىدىغان بولدى. سۇل تانمۇ غوجامدىن ئىزناسىز ئىش قىلالماس بولدى. تەبىئىكى، مۇنداق ئەھۋال ئۇرۇش ئىشلىرىدا سۇسلۇق پەيدا قىلدى. تارانچىلارنىڭ سۇسلاشقىنىنى بىلگەن باياندای چەنپەنلىرى تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، خېلى پالۋانلارنى نابۇت قىلدى. كورە خىتايلىرىنىڭ قىمىلدىغىنى سېزىلىپ تۇرات تى. تارانچىلاردا ئۇرۇش ھازىرلىغى بەك پەس ئىدى.

باياندایىنىڭ ئېلىنىشى

ئىختىلال باشلانغىنىغا خېلى زامانلار ئۆتكەن بولسىمۇ، باياندايى هۇنۇز (تېخىچە) ئېلىنماي تۇراتتى. بۇنىڭ ئۈستىگە كۆرەدىن باياندايىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەر قاچان كۆچلۈك خىتاي قىسىملىرى چىقىپ تۇرۇشى تارانچىلاردا ئۇرۇش ئىشىنى تەڭ قىسلىقتا قالدۇرغان ئىدى. خۇسۇسەن كۆرەدىن چىققان خىتاي ئەسكەرلىرى بىلەن بولغان ئاداققى سوقۇشتا تارانچى مۇجاھىتلىرىنىڭ ئالدىنىپ، دۈشمەن مۆكتۈرمىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغىنى، چۆرىدىكى ئايماقلارنىڭ روھىنى كۆتىرىۋەتتى، نەتىجىدە شىۋە، سولان، چاقار، جۇڭرار، تورغات، ئاربۇن سۇمۇن، زورغان سۇمۇن قالماقلىرى ئۆز ئارا ئىتتىپاق تۈزۈپ، ئۈچ يىلدىن بېرى قاماقتا تۇرغان باياندايى قورغىنىنى قۇتۇلدۇرۇشقا قارار قىلدى. بۇ ئايماقلارنىڭ ئىتتىپاقىدىن خەۋەر ئالغان سۇلتان تارانچى مۇجاھىتلىرىنىڭ قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتايغا سۇلتان ئايماقلار ئىتتىپاقىدىن خەۋەر بەردى. بۇ خۇسۇستا كېڭەش مەجلىسىدە ئوبدان قارالغاندىن كېيىن باياندايىنى پەتى قىلماي تۇرۇپ، ئايماقلارغا قارشى ئۇرۇشۇش مۇمكىن ئەمەس دېگەن قارار بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن باياندايى قورغىنىنى ئىككىنچى مەرتىۋە پارتلىتىشنى لازىم كۆرۈشتى. بۇ ئىشنى ئورۇنلاش يەنە باياقى سادىر خاڭرۇققا تاپشۇرۇلدى. سادىر جىددىيلىك بىلەن لەقىمە كولاش ئىشىغا كىرىشتى. بۇ قەتىمقى لەقىمە كولاش ئۇسۇلى بالدۇرقىغا باققاندا ئادەتتىن تاشقىرى مۇكەممەل ۋە دېگىلىك ئىدى. سادىر خاڭرۇق بەك ئالدىراشلىق بىلەن لەقىمنى پۈتىرىپ، ئىككىنچى مەرتىۋە باياندايى ئىستىھكامىنى پارتلاتتى.

باتۇرىقورقماس تارانچى مۇجاھىتلىرى قورغاننىڭ بۇزۇلغان شورىسىگە دەۋرەپ باردى ۋە دۈشمەننىڭ كۈچلۈك توپزەمبىرەك ئوتىغا ئۇچرىدى. لېكىن ئازاتلىق روھىدا روھلانغان غەيۇر مۇجاھىتلار چېكىنمىدى. ئەكسىچە ئالدىدىكىلەر قىرىلغانسىرى كەينىدىكىلەر ئۇلارنى دەسسەپ ئىلگىرىلىدى. قەھرىمان مۇجاھىتلارغا ئوقتىن دالدا قىلىدىغان ئورۇن يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قورغان ئىچىگە كىرىش ناھايىتى تەس بولدى. ئەڭ ئاخىرىدا شەھىتلارنىڭ جەسىدى ئادەم دالدا قىلغىدەك بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ دالدىسى بىلەن مۆكۈپ—بۆسۈپ غازىلار قورغان ئىچىگە كىردى. ئۇرۇش قورغان ئىچىگە كۆچكەندىن كېيىن ئۈچ كۈنگىچە بۇغاز—بۇغازگە كېلىپ سوقۇش بولدى. شەھەر گارنىزون باشلىغى مورۇڭغا ئۆزىنىڭ قاياشلىرى بىلەن بىللە بىر ئۆيگە كىرىپ، دورا بىلەن ئۆزىنى ھاۋاغا ئۇچاردى. شۇ كۈنى باياندايى قورغىنى پەتھى قىلىندى (رامازان 1865—يىلى).

تارانچى مۇجاھىتلىرى باياندايى قورغىنىنى ئىشغال قىلغاندا تولا نۇرغۇن ئولجا ئالدى. غالىپ بولغان تارانچى خەلقى غالىبىيەتلىرىگە مەغرۇرەن بۇ قىشنى تىنىچ، ھەرىكەتسىز ئۆتكەزدى.

## قېرى غوجىنىڭ كېلىشى

قىشنىڭ ئاخىرىدا دەبدەبە ۋە تەنتەنە بىلەن قېرى غوجا لەقەملىك، پوچى مەخمۇت ئىسىملىق زات كەلدى ۋە ئۇ ئادەم ئىززەت—ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىندى. بۇ قېرى غوجا ئۆزىنى غەۋسىل ئەزەم ئەۋلادىدىن دەپ تونۇشتۇردى. ئۇنىڭغا غوجاپەرەس ئاھالى ئىخلاس باغلىدى. قېرى غوجا تارانچىلارنىڭ رەسمى، يوسۇن، ئادەت، ئەخلاقلىرى بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، ھىيلە بىلەن ئەسلى مەخسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئىش باشلىدى. تارانچىلارغا ئۆزىنىڭ سىرلىق ئىلىملاردىن خەۋەردار ئىكەنلىگىنى ھەم ئۇ، بۇ ئىلىملار ۋاستىسى ئارقىلىق خىتايلار بىلەن يالغۇز جەڭ قىلىشقا قادىر ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ، گول تارانچىلارنى ئىشەندۈردى. يەنە تېرەكتىن 5 دانە يوغان توپ ياساپ، تارانچىلاردىن "كۆسەتكىچ" (100 كىشىدىن ئىبارەت) مۇنتەزىم ئەسكەر تۈزدى. بۇ "كۆسەتكىچ" پىرقىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئېۋروپىچە كىيىندۈردى، قېرى غوجىنىڭ بۇ كونا تەدبىرى تارانچى

(دېخان) ھۆكۈمىتىنى كۈچەيتىپ، ئەسكەرلىرىنى ئىنتىزامغا سېلىپ، دۈشمەنلىرىنى دەھشەتكە چۈشىرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇنداق قىلىق ئارقىلىق ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىش، يەنى تارانچىلار ئۈستىگە غوجىلار ھاكىمىيىتىنى تىكلەش ئىدى. قېرى غوجىنىڭ نېمە مەخسەت بىلەن ئىشلىگىنىنى بىلىپ تۇرغۇچىلار بولسىمۇ، ئۇنى غوجاپەرەست ئاھالىغا ئېيتىشتىن ئەيمىنەتتى. قېرى غوجا ھە دېگەندە ئەينە شۇنداق تويلارنى ياساش، ئەسكەر تۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ، كېيىنرەك ھاكىمىيەتنى ئېلىشقا ياردىمى تېگىدىغان كىشىلەر بىلەن دوستلىششقا باشلىدى. ئۇنىڭ دوستلىرىنىڭ نوپۇزلىغى ئەخمەتخان غوجا ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى بولدى. سۇلتان قېرى غوجىنىڭ خەلق ئالدىدا ئېتىۋارى ئېشىپ، ئەخمەت غوجا ئوخشاش نوپۇزلۇق ئادەملەر بىلەن دوستلىششىدىن شەكلىنەتتى: شۇنىڭ ئۈچۈن قېرى غوجىنىڭ ئابروي—ئېتىۋارىنى چۈشۈرۈش لازىم ئىدى. سۇلتان خەلق مەجلىسىدە بۇ توغرىلىق سۆز چىقىرىپ: "خالايىق، قېرى غوجىنىڭ ياغاچ تويلىرىغا ئىشىنىپ، كۆرەڭلەپ كەتمەڭلار! بۇ تويلار بىلەن جەڭ قىلىشقا بولامدۇ؟ بۇڭا كىم ئىشىنەر؟ قېرى غوجا بىر ئالدامچىدۇر. قېرى غوجىنىڭ مۇنداق قالاي مىقانچىلىغى يەنە ئالدامچىلىقتۇر"،ېي دېگەن ئىدى. لېكىن خەلق سۇلتانىنىڭ بۇ نېسھەت سۆزىنى ئاڭلاپ قېرى غوجىغا بولغان ئىخلاسى يېنىشىنىڭ ئورنىغا، ئەكسىچە ئۇنىڭغا رەنجىدى، يەنى سۇلتان غوجامنى كەمسىتىپ، تەھقىر (ھاقارەت) قىلدى دەپ نارازى بولۇشتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندا قېرى غوجىنىڭ دىلگىر بولۇشى شۈبھىسىزدۇر. ئەينە شۇ ۋاقىئەدىن كېيىن قېرى غوجىنىڭ ئىشەشلىك ھالدا ھەرىكەت قىلغىنى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئەخمەت غوجا بىلەن پات—پات كۆ رۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. بۇلار ئۆزارا كېڭىشىپ، سولاقتا ياتقان موللا ناسىر قازى كالانى چىقىرىپ ئېلىشنى لازىم كۆردى. دەرھال سۇلتانغا ناسىراخۇننى سولاقتىن چىقارسۇن دەپ كىشى ئەۋەتتى. سۇلتان بۇ ئىشلارنىڭ نېمە مەخسەت بىلەن قىلىنىۋاتقانلىغىدىن خەۋەردار بولغاشقا، ئاخۇننى سولاقتىن چىقارمىدى. قېرى غوجا ئۆز ئىختىيارىدىكى "كۆسەتگىچ" ئەسكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، سۇلتانىنىڭ رۇخسىتىسىز ناسىراخۇن بىلەن بارچە مەھبۇسلارنى سولاقتىن چىقىرىۋەتتى. سۇلتان قېرى غوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىق بىلدۈرەلمىدى، لېكىن قېرى غوجىنى شەھەردىن يىراق قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس پەرمان بىلەن كۇرە سوقۇشىغا ئەۋەتتى.

40

ناسىر ئاخۇننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

قېرى غوجا كۇرەگە كەتكەندىن كېيىن ناسىراخۇن نامەلۇم ئادەملەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئاخۇننىڭ قەتلى قىلىنغانلىق خەۋىرى سوقۇش مەيدانىغا يېتىشى بىلەن قېرى غوجا ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچى ئادەملىرى بىلەن يېنىپ كېلىپ ئەخمەتخان غوجىغا ئۇچراشتى...

مەزەمخاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

قېرى غوجا ئەخمەت غوجا بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئادەتتىكىدەك ئۆزىنىڭ "كۆرسەتكىچ" ئەسكەرلىرىنى كۆز كۆز قىلماقچى بولۇپ، ياغاچ تويلارنى سۆرەپ بارگاھ تەرەپكە ماڭدى. قەستى مەزەمخان سۇلتاننى ئۆلتۈرۈش ئىدى. لېكىن بۇنى ئەسكەرلىرىگە تۇيغۇزمىغان ئىدى. بۇ ئەسكەرلىرى سۇلتان چېدىرىنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندىلا سۇلتان چېدىرىغا قاراپ ئېتىشقا پەرمان بەردى. ئەسكەرلەر ھېچ نېمە ئۇقمىسىما ئىتائەت يۈزىدىن ئوق ئېتىشقا باشلىدى. سۇلتان چېدىرىدىن بولسا مەشھۇر ئەلاخان باشلىق ئوردىنىڭ ساقچى ئەسكەرلىرى ئوق ئاتماقتا ئىدى. شۇ چاغدا قېرى غوجا ياغاچ تويلىرى بىلەن چېدىرنى نىشان قىلىشقا باشلىدى، سۇلتان قورققانلىغىدىن چېدىرنى تاشلاپ تۆگىلىنارنىڭ بارگاھى تەرەپكە قاچتى. بۇنى كۆرۈپ ئوردىنىڭ مۇھاپىزەت قىسىملىرى تارقالدى. قېرى غوجا سۇلتاننى قوغلاپ بېرىپ، تۆگىلەن بارگاھىدا ئۆلتەردى ۋە بېشىنى كېسىپ، شەھەر تەرەپكە ئەۋەتتى. ئەلا پالۋان قېچىپ قۇتۇلدى.

قىرى غوجىنىڭ سۇلتانلىغى

قىرى غوجا مەزەمخانىنى ئۆلتەرگەندىن كىيىن بالدۇرقى خانلارغا ئوخشاش خەلقتىن بەيەت (بويسۇنۇشنى) ۋە رازىلىق بىلدۈرۈشنى سوراپ تۇرمىدى. توپ–توغرا ئۆزىنى غۇلجىنىڭ سۇلتانى دەپ ئېلان قىلدى. تەبئىيكى، مۇنداق ئەھۋال ئىچىدە ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ، نارازىلىق بايان قىلغۇچىلار بولمىدى. قىرى غوجا خەلق تەرىپىدىن

41

قارشىلىق كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئۆز ئورنىنىڭ مۇستەھكەم ئەمەسلىگىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆز مەۋقەئىنى، ئورنىنى چىڭىتىش لازىم ئىدى. شۇ جانىبىدىن بارچە بەگلەرنى قىرىشقا پۇقارە نامىغا پەرمان چىقاردى. خەلق كونا بەگلەرنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. تارانچىلاردا چىن مەناسى بىلەن ئۆز بەگلىك (باشباشتاقلىق) ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. ھەر جايدا ئۆزارا ئۆلتۈرۈش، كېسىش، بۇلاڭ–تالاڭ قىلىش ھەددىدىن ئاشتى. ″ياغلىقتا قان ئاقار، ياخشى–يامانغا كىم باقار، ئەل يۈزبېگىنى ئۆلتۈرۈپ بوپتۇ، بىز تۇرىمىزمۇ؟″ دېگەن ماقاللار شۇ ۋاقىتتىن قالغان تارىخي يادىكارلاردىندۇر.

قىرى غوجا ئۆز ئەسكەرلىرىگە سۇلتان ئوردىسىنى تالاتقاندىن كىيىن شاھزادىلەردىن خىزىرغوجىنى ئۆلتەردى. ئەلا پالۋاننى تۇتۇپ كەلتۈرگەن ئىدى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. لېكىن يەنە بىر مەسلىھەتكە بىنائەن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنماي، ئۇنى سولاپ قويدى. ھۆكۈمەت غوجىلار قولىغا كىرگەندىن كىيىن تارانچى دىياردا تىنچلىق، ئاسايىشلىق يوقاپ كەتتى. ئاما خەلقىمىزنىڭ غوجاملارغا ئامراقلىغىدىن ئۇلارغا قارشى سۆز ئېيتىشقا قورقاتتى. چۈنكى غوجاملارنىڭ ياخشى ئىشلىرى كارامەت، يامان ئىشلىرى ئىمتىھان دەپ سانىلاتتى. بۇ بەۋەك غويىلار ئۇيغۇر باللىرىغا نىملەرنى كېرسەتمىدى دەيسىز!

ئاپپاقغوجا مۇستەقىل ئالتىشەھەرنى قالماقلار قول ئاستىغا كىرگۈزۈپ، ئازاتلىققا خاتىمە چەكتى. غوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇر بالىسى بولمىدى، تولاراغى بۇ ئىشنى تەغدىرگە جورىدى. ″پەلەكنىڭ چەرخى چۆرۈلدى، جاھاننى ئالدى قۇنتاجى. خۇدانىڭ تەغدىرى شۇنداق، ئاتام قالماق بىلەن ناجى″،ېپ دەپ ئاپپاقغوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇيغۇرلارنى ئاق تۇغ، قارا تۇغقا ئاجرىتىپ، شەھەرلەردە قان دەرياسى ئاققۇزدى. بۇنى ھەم كارامەت دەپ ساندى. ئەخمەتخان غوجا ئابدۇرۇسۇل ئەمرنى ئۆلتۈرۈپ، تارانچىلارنىڭ داڭلىق سەردارىنى يوقاتتى. قىرى غوجا ئىتتىپاقسىزلىق ئوتىنى چاچتى. بىچارە ئۇيغۇرلار قارغۇلارچە ئېتىقاتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە غوجىلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى كۆرمىدى. ھېلى بولسا ھەم بۇلارنىڭ كۆپچىلىگى بې

42

شىغا بىرەر بالا كەلسە، غوجاملاردىن مەدەت سورايدۇ، بىرەر قازاغا ئۇچرىسا، غوجىلار نامىغا چىراق ياقىدۇ ۋە خەتمە–نەزىر بېرىدۇ. مانا جاھالەت!

قىرى غوجىنىڭ قەتىل قىلىنىشى

تارانچى خەلقىدە غوجاپەرەسلىك كۈچلۈك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ، تولاراغىدا غوجىلار ئىدارىسىدىن نارازىلىق سېزىلمەكتە ئىدى. ئۇلارنى بۇ يولدا باشلاپ ماڭغۇچىلارنىڭ يوقلىغىلا ئىشنى كېچىكتۈرۈپ تۇراتتى. غوجىلارنىڭ زۇلمى بۇنىمۇ تاپقۇزدى. قىرى غوجىنى ئۆلتۈرۈش يولىدا قەتئي چارىگە كىرىشكەن ئارۆستەڭلىكلەردۇر. ئارۆستەڭدە بۇ توغرىدا كېڭەشمەك ئۈچۈن قۇتلۇق مىراپ دېگەن كىشى يوشۇرۇن مەجلىس ئۆتكەزدى. بۇ مەجلىس قىرى غوجىنى ئۆلتۈرۈپ، مەھبۇس ئەلا پالۋاننى سۇلتان قىلىپ كۆتۈرۈشكە قارار چىقاردى. مەجلىسنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىش تۇردى يۈزبېشىغا تاپشۇرۇلدى. مەجلىس تارقالغاندىن كىيىن تۇردى يۈزبېشى مەجلىسنىڭ

قارارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. تاڭ يورۇپ، ئايدىڭ چۈشكەندىن كېيىن تۇردى يۈزبېشى قېرى غوجىنى ئۆز چېدىرىدا بېسىپ ئۆلتەردى. ئەخمەتخان غوجا تۇڭگانلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى. قېرى غوجىنىڭ سۇلتانلىق دەۋرى بارى-يوقى 36كۈن داۋام قىلدى.

موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ سۇلتان بولۇشى

قېرى غوجىنى قەتىل قىلغاندىن كېيىن ئارۋستەڭلىكلەرنىڭ توختامغا بىنائەن ئەلا پالۋاننى خان كۆتۈرۈش لازىم ئىدى. ئەھۋال بۇنىڭغا يار بەرمىدى. چۈنكى خان كۆتۈرۈش ئۈچۈن خەلق سايلىمى ئۆتكۈزۈش لازىم ئىدى. ئانداق بولمىغاندا، خانلىقنىڭ ئورنى مەھكەم بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلا پالۋان توغرىسىدا خەلققە مۇراجىئەت قىلغاندا، خەلقنىڭ تولاراغى خانلىققا موللا شاۋكەتاخۇننى لايىق كۆردى. تەبىئىيكى، بۇ خانلىق مەسىلىسى توغرىسىدا

43

تارانچىلار ئارىسىدا خېلى تالاش-تارتىشلار بولۇپ ئۆتتى. ئاخىرىدا كۆپچىلىك تەرىپىدىن موللا شاۋكەتاخۇن خان بولۇپ سايلاندى. موللا شاۋكەتاخۇن سۇلتان بولۇشى بىلەن بۇرۇندىن ئادەت بولۇپ كەلگەن ئەمىر، قازى، كالان، مۇپتى ئوخشاش ئۇششاق شېرىكداشلارنى (لاۋازىملارنى) يوقىتىپ، خانلىقنى ئۆزى يالغۇز، يەنى مۇستەقىل رەۋىشتە ئىدارە قىلىشقا كىرىشتى.

موللا شاۋكەتاخۇننىڭ سۇلتانلىق دەۋرىدە ئالتەشەھەر غوجىلىرى بىلەن بىرىكىش يولىدا 2 قېتىم ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتىلدى. لېكىن كېيىنكى ئەلچى ھەيئىتى تېكەس قالماقلىرى تەرىپىدىن قازاغا ئۇچرىدى. شۇۋەلەرنىڭ ئىسيانى باستۇرۇلدى. توققۇزتاراغا قالماقلار ھۇجۇم قىلىپ، تارانچىلارنى ئېغىر مۇسىبەتكە ئۇچراتتى. قالماقلار تەرىپىدىن 7يۈ8 يۈز جان ئۆلتۈرۈلدى. ئاما بالا- جاقا، خوتۇن-قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنى دەرياغا تاشلاپ غەرق بولدى. گۇۋاھچىلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، بىر تۈمەندەك ئادەم ھالاكەتكە ئۇچرىغان.

قىش چىقىپ، ياز يورۇغاندىن كېيىن، يەنە قالماقلار كەلگىدەك دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ خەۋەر توققۇزتارا پاجىئەسىنى كۆرگەن ئەلەمزادە تارانچى خەلقنى ناھايىتى قورقۇتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن تارانچى خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، سوقۇش ئىشىدا ماھارەت ۋە جاسارەت كۆرسەتكەن ئەلا پالۋاننى سەردار قىلىشنى سۇلتاندىن تەلەپ قىلدى. ئەلا پالۋاننىڭ سەردار بولۇپ ئەسكىرىي ئىشقا ئارىلىششى سۇلتان ئۈچۈن خەتەرلىك ئىدى. لېكىن خەلقنىڭ تەلىۋىدىكى قەتىيىەتلىك ئەلا پالۋاننى سەرسەكەر (ئەسكەر باشلىغى) قىلىشقا سۇلتاننى مەجبۇر قىلدى.

ئاداققى قورغان ۋ كۈرەنىڭ ئېلىنىشى

1866-يىلى يانۋار1) ь -ئاينىڭ 12-كۈنى) سۇلتان ئەلا پالۋان-مەرگەننى سەردار قىلىپ، كۈرە ئۇرۇشىغا ئەۋەتتى. ئەلا پالۋان يول ئۈستىدىكى سەندۇڭ جاڭزا دېگەن يەرنى ئېلىپ، ئاندىن كۈرەنى چىن مەناسى بىلەن قورشاۋغا ئالدى. 4 يىلدىن بېرى بولۇۋاتقان ئۇرۇشتا يارىم قورشاۋدا تۇرغان كۈرەنىڭ ساخلىق (زاپاس) ئاشلىغى تۈگەپ، قورغان ئىچىدە مۇدھىش ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن. ختايلار ئات، مۈشۈك، ئۆلەكسە، ھەتتا ئۆز ئارا چەك تاشلاپ، بىر-بىرىنى يېيىشكە باشلىغان ئىدى. لېكىن شۇنىڭغا قارىماي، تارانچįلارغا ئەل بولۇپ، خورلۇقتا، ئەسىر-ئاسارەتتە ياشىغاندىن كۆرە، ئۆلۈپ تۈگەشنى ئەلا كۆرەتتى. ئاما پۈتۈن ئىلى ئۆلكىسىنى ختايلاردىن تازىلىغان تارانچىلارنىڭ بۇ ئاداققى قورغاننى ئېلىشمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مۇھاسىرە ئۇزاققا سوزۇلغانسىرى قورغان ئىچىدىكى ئاچارچىلىق دەھشەتلىنىپ كەتتى. ئاخىرىدا ختايلار جىڭ دالويە دېگەن ئەلچى چىقىرىپ، سۇلھى تەلەپ قىلدى. جىڭ دالويە ئۈچ كۈن قۇرال-ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ، تەسلىم بولۇشنى ۋەدە قىلىپ، سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. تارانچىلار ختايلارنىڭ ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش نىيىتى بىلەن تۇرغاندا، ئۈچىنچى كۈنى تۇيۇقسىز ختايلارنىڭ ھۇجۇمى باشلاندى. بۇنىڭغا قارشى تارانچىلار تەرىپىدىن

ھەم قەتئي ھۇجۇم باشلىنىپ، خېلى نۇرغۇن پالۋانلارنى قۇربان قىلغاندىن كېيىن، قورغان دەرۋازىلىرىنى سۇندۇرۇپ، ئۆتۈپ، مۇجاھىدلەر قورغان ئىچىگە داخىل بولدى. قورغان ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى بولغان قانلىق سوقۇشتىن كېيىن كۇرە ئېلىندى. كونا جاڭ جۈن، ئەسىر چۈشتى. يېڭىسى ئۇرۇشتا ئۆلگەن ئىدى. چەكسىز ئالتۇن-كۈمۈچكە باي جاڭجۈڭ ئوردىسى بۇلاندى. غالىي بىيەت خوشاللىقى بىلەن مەس بولغان سەردارلار مۇجاھىتلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەردى. ھۆكۈمەت ئالتۇن-كۈمۈچنى غەزنىگە ئالمىدى. بۇ كۇرە ئۇرۇشىدا بولغان مۇجاھىتلارنىڭ ھەممىسى باي بولۇپ ياندى.

44

## موللا شاۋكەتنىڭ ئورنىدىن ئېلىنىشى

خىتايلارنىڭ ئاخىرقى تىرىگى بولغان كۇرە قورغىنى ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تارانچىلارغا ھەيۋە قىلىپ، كۈچ كۆرسەتكىدەك تائىپىلەر قالمىدى. ئەندى خانلىقنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى تۈزەپ، داخىلى ئىسلاھەت يۈرگۈزۈش ۋاقتى كەلگەن ئىدى. لېكىن مۇنداق ئىشقا بىر يولى كىرىشىپ كېتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت ئېگىسىنىڭ ماۋقەئىي ۋە ئورنى مەھكەم بولۇشى لازىمدۇر. لېكىن ئۈچىنچى سۇلتان موللا شاۋكەت ئاخۇنۇمنىڭ ماۋقەسى مەھكەم چىڭ ئەمەس، بەلكى بۇھران دەۋرىنى كەچۈرمەكتە ئىدى. موللا شاۋكەت ئاخۇنغا بالدۇر ئۆز مەۋقەسىنى چىڭىتىپ ئېلىش لازىم ئىدى. خەلق توققۇزتارا پاجىئەسىنى موللا شاۋكەت ئاخۇننىڭ تەجرىبىسىزلىگىدىن كۆرەتتى. كۇرەنىڭ ئىشغال قىلىنىشىدا كۈچ چىقارغان ئەلا پالۋاننىڭ خان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن موللا شاۋكەتاخۇن ئەلا پالۋاننى سەر ئەسكەرلىكتىن چۈشۈرۈپ، بوشىتىپ قويىدى. خەلقنىڭ تىلەكلىرىنى تىڭشىمدى. ئەخمەتخان غوجىنى يېزىغا پالىدى. ئۇشبۇ ماجرالاردىن كېيىن خەلق ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئاخۇننىڭ ھاكىمىيەتتىن كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاخىرقى نەتىجىدە ئەلا پالۋان تەرەپدارلىرىنىڭ غەلىبىسى بىلەن موللا شاۋكەت ئاخۇن ئورنىدىن ئېلىندى (1867).

ئەلا پالۋاننىڭ سۇلتانلىققا كۆتۈرۈلۈشى

موللا شاۋكەت ئاخۇن ئورنىدىن ئېلىنغاندىن كېيىن، ئەلا پالۋان "جاھان پالۋىنى، سۇلتان باھادىر غازى ئەلاخان" ئۇنۋانى بىلەن خان كۆتىرىلدى. ئەخمەتخان غوجىنىڭ بۇرادىرى توختاخۇن ۋە ئەمىر، ئارۆستەڭلىك شەمشىدىن قازى ئەسكەر بولۇپ سايلاندى. تەبىئىكى، بۇنداق سايلاش ۋە سايلىنىشلارغا موللا شاۋكەتاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجىلار نارازى ئىدى.

## تارانچى-تۇڭگان چاتىقى

تارانچىلار بىلەن تۇڭگانلار ئىلى ۋىلايىتى خىتايلاردىن تازىلانغىچە ئىتتىپاق ۋە ئىناق ياشىدى. تۇڭگانلار ھەم بالدۇرقى ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىپ كەلدى، تارانچىلار ھەم ئۇلارغا يول قويۇپ، ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىدى. تۇڭغانلار باشلىغى ياگۇر سۇلتانلىق ئۇنۋانىنى داۋا قىلدى. قاچانكى، دۈشمەننىڭ كۈچى سۇندۇرۇلۇپ بېسىقتى، تۇڭگان ئاخۇنلىرى باشقا تۈرلۈك ۋەزىيەت ئېلىشقا باشلىدى. ياگۇر بولسا ئازغىنا تۇڭگانلارنىڭ سۇلتىنى بولۇپ تۇرۇشنى ئۆزىگە لايىق كۆرمەي قالدى. ئۇ تارانچى-تۇڭگانلارنىڭ سۇلتىنى بولۇش كويىغا چۈشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۈرلۈك يوللار بىلەن جىددىي ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ياگۇر ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرىنىڭ باشلىغى داۋۇت خەلپىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىدى ۋە تارانچىلارنى ئۈرۈمچى ئۈستىگە يۈرۈش قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈۋاتىدۇ دەپ پىتنە قىلغان ئىدى. بۇ چاغدا ئۆز ئورنىدىن ئېلىنغان موللا شاۋكەت ئاخۇن مەنسۇۋىدىن مەھرۇم قالغان ئەخمەت غوجا ۋە ئەمىرلىك دەرىجىسىگە رازى بولمىغان توختاخۇنلار بىلەن

دوستلشىپ، ئۇلارنى ئۆز ھىمايىسىدە ساقلاپ تۇردى.

ئۇرۇمچىدىكى داۋۇت خەلپە ۋەقەنى ئۇقۇشماق ئۈچۈن مەخسۇس ئەلچى ھەيئىتى ئەۋەتتى.

تارانچى—تۇڭگانلار موشۇنداق تارتىشىپ تۇرغان بىر پەيىتتە توققۇزتارا، نىلقا، ئۇلاستاي تەرەپتىن يېڭى يېغا بولغان قالماق تائىپىلىرىنىڭ تاجاۋۇزلۇق ھەرىكەت باشلىغانلىغى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. بۇنى ئاڭلاپ تارانچى —تۇڭگانلار ئۆز ئارىسىدىكى ماجرالارنى ئۇنتۇپ، ئۇمۇمىي دۈشمەنگە قارشى ئاتلاندى ۋە قالماقلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى يەڭدى. نۇرغۇنلىغان ئولجىلارنى ئالدى. تارانچى تۇڭگانلار ئارىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىقنىڭ تەسىرى بولسا كېرەك ي ئېلىنغان ئولجىلارنى بۆلۈشكەندە تۇڭگان مۇجاھىتلىرىغا ھەسسە چىقىرىلمىدى. شۇ سەۋەپتىن ياگۇر كۆڭلىدە ساقلاپ كەلگەن مەخسىتىنى ئاشكارە قىلماق ئۈچۈن سۇلتانىنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ: "سۇلتان، يەر، سۇ، باغ، خىراج ئولجا كەبى مەنبەلەردىن كېلىدىغان دارامەتلەر بىزگە تەڭ بۆلۈنۈپ بېرىلسۇن. ھازىر ئۈزۈل—كېسىل جاۋاپ بېرىڭ!"پ دېدى. سۇلتان "ماقۇل" دىدى. تارانچى—تۇڭگانلار ئارىسى كۈندىن كۈنگە ناچارلىشىپ باراتتى.

يۇقىرقى قالايمىقان ئەھۋاللار ئىچىدە ئەخمەتخان غوجا سۈرگۈندىكى يېرىدىن قوزغىلىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىنى چېقىپ كىرىپ، سولاقتىكى موللا شاۋكەت ئاخۇننى چىقىرىۋالدى. كېيىن سۇلتان ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا سۇلتانىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلىرى خېلى كۈچلۈك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەخمەت غوجا قېچىپ بېرىپ،



تۇڭگان مېچىتىگە كىرىۋالدى. سۇلتان بۇ ئىختىلالچىلارنى تۇتۇپ تاپشۇرۇپ بېرىشنى ياگۇردىن تەلەپ قىلدى، ئاما ياگۇر بۇ تەلەپنى ئورۇنلىماي، شەھەردىن خېلى يىراق سۈيدۈڭگە ئەۋەتىۋېتىشكە ۋەدە بەردى.

## تۇڭگان ئىسيانى

ئۇرۇمچىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچى داي ئەنشى سۈيدۈڭگە كەلگەندە موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجىلار تۇڭگانلارنى تارانچىلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەشەببۇس ۋە تەشۋىق قىلدى. نەتىجىدە تۇڭگانلار تارانچىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا توختام قىلدى. تۇڭگانلار جابدۇنۇپ، راسلانغاندىن كېيىن داي ئەنشى بىلەن ياگۇرلار ھۇجۇم باشلىدى، بۇلار تارانچىلارغا بايانداي ئەتراپىدا ئۇچرىشىپ، قاتتىق سوقۇشقاندىن كېيىن داي ئەنشىنىڭ تۇڭگانلىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. لېكىن ياگۇرنىڭ قول ئاستىدىكى تۇڭگانلار ئىككىنچى يول بىلەن مېڭىپ، شەھەرنى قورشاپ ئالدى. داي ئەنشىنىڭ چېرىكلىرىنى قاچۇرغان تارانچىلار شەھەرگە ياردەمگە كەلدى ۋە شەھەر چۆرىسىدە بىر كېچە—كۈندۈز قانلىق ئۇرۇش قىلىپ، ياگۇرنى ئۆلتەردى. قالغان تۇڭگانلار چىنپەڭزا قورغىنىغا تىقىلدى. تارانچىلار چىنپەڭزىدە ئىستىھكام قۇرغان تۇڭگانلاردىن ياراق —جابدۇقلىرىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. تۇڭگانلار ياراقلىرىنى تاپشۇرۇپ ئەمىن تاپتى. موللا شاۋكەتاخۇن بىلەن ئەخمەتخان غوجا بولسا، تارانچىلارغا تەسلىم بول دى. ئۇلار ئەخمەت غوجىنى چېپىپ ئۆلتۈردى، موللا شاۋكەت ئاخۇننى تاغارغا سېلىپ، تىرىك پېتىچە ئىلى دەرياسىغا تاشلاۋەتتى.

ئەلاخان كۈرە قەلەسىنى ئېلىپ، خىتاي ۋە ئايماقلار ئۇرۇشىغا چەك قويدى. تۇڭگان ئىسيانلىرىنى باستى. شاۋكەتاخۇن، ئەخمەتخان غوجا ۋە توختاخۇن ئەمىردەك رەقىپلىرىنى يوقاتتى. خانلىقنى ئۆزى يالغۇز مۇستەقىل رەۋىشتە ئىدارە قىلدى. ئۆمرىنىڭ كۆپىرەك ۋاقتىنى ئەيشى—ئىشرەت يولىدا ئۆتكەزدى. خانلىقنىڭ ئىچكى تىرىكچىلىك ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالىنى كۆتىرەلمى

دى، بۇ ئىشقا ياردىمى تېگىدىغان مىللىي غەزنە يىغمىدى. توغرىسى ې يىغالمىدى. باج خىراج كەبى مەنبەلەردىن كېلىدىغان كىرىملەر ساراي مەمۇرلىرىنىڭ مائاشى بىلەن ئەيشى-ئىشرەت يولىدا خەشلەندى. دۆلەتنىڭ يۆلىگى بولغان تارانچىلارنىڭ كۆن كۆرۈشى ناچار بولغىنى ئۈچۈن، دۆلەت

ھەر ئىشتا مۇھتاجلىققا چۈشۈپ قالدى. دۆلەت ئىشنى ئوڭلاپ، تارانچىلارنىڭ كۆن كۆرۈش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، توغرا بىر يولغا سالغىدەك كەرسۇ (تەجرىبىلىك) ئادەملەر يوق ئىدى. ئەلاخان زامانىدا ئاغىياس ۋە تېكەس قالماقلىرى بىرلىشىپ، غالجاتقا باسقۇنچىلىق قىلىپ، خېلى كۆپ تارانچىنى نابۇت قىلىپ، بارلىق ماللىرىنى ھايداپ كەتتى. ئەلاخان زامانىسدا چەت مەملىكەتلەر بىلەن مۇناسىۋەت ې بېرىپ-كېلىش ئىشلىرى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن لاۋازىمەت زۆرۈرىيىتى دەپ سانالغان نەرسىلەرگە بولغان ئېھتىياج زور ئىدى. پوروخ ې مىلتىق دورىسى ئوخشاش جەڭگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى تارانچىلارنىڭ ئۆزلىرى راسلايتتى. موشۇنداق ۋەجھىلەردىن باشقا مەملىكەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە بولۇش مۇتلەق لازىم ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى يىللاردا، رەسمىي سۈرەتتە بولمىسىمۇ، روسسىياگە بېرىش-كېلىش ئىشلىرى باشلاندى. 1870-يىلى ئورۇس تۆرىلى رىدىن بىر نەچچىسى كېلىپ، قاتناش باشلاندى. ئورۇس تۆرىلىرى سۇلتاننىڭ رۇخستى بىلەن تارانچى دىيارىنى ئارىلاپ كۆردى. بەلدىكى (دەريانىڭ جەنۇبىدىكى) تارانچى ئەسكەرلىرى غالجاتتا ياسال قىلىپ (مانېۋر قىلىپ) تەكشۈرۈلدى. ئالتىشەھەر ھاكىمى مەشھۇر ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئەلچى ھەيىتى كەلگەن.ئىدى. ئەلچى تەكلىۋى رەت قىلىپ ياندۇرۇلدى. ئەلاخان سۇلتانلىغىغا قارشى ئىختىلاپ ھازىرلىغىنى كۆرگەن زاھىد ئەپەندى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈلدى.

ئورۇس-تارانچى چاتىغى

يەتتىسۇدا ئورۇسلارغا قارشى جېدەل قىلىشتا ئەيىپلىنىپ سولانغان تازابېك ۋە چالتاباي دېگەن قازاقلار سولاقلىق يېرىدىن قېچىپ، غۇلجا سۇلتانلىغىغا تىقىلدى.

-49

تازابېكنىڭ مىنگەن ئېتى مارال باستى،

تازابېك تېمىرلىكتىن داۋان ئاشتى.

تازابېكنىڭ ئەرلىگىنى شۇندىن بىلگىن،

ئورۇسنىڭ سولدىتىغا ئارىلاشتى.

بۇ قاچاقلارنىڭ غۇلجا سۇلتانلىغىنىڭ ھىمايىسىدە تۇرغانلىغى يەتتىسۇ ۋالىسى كالپاكوۋسكىيغا مەلۇم بولغاندا، ئۇ مەزكۇر قاچاقلارنى تۇتۇپ، تاپشۇرۇپ بېرىشنى سوراپ، سۇلتانغا مۇراجىئەت قىلدى. سۇلتان ئۆز ھىمايىسىگە سىغىنغان قازاقلارنى تۇتۇپ بېرىشنى ئۆزىنىڭ سۇلتانلىغىغا لايىق كۆرمەي، كالپاكوۋسكىينىڭ تەلىۋىنى رەت قىلىپ جاۋاپ بەردى. يەتتىسۇ ۋالىسى قالپاكوۋسكىي بۇنىڭغا ئاچچىقلاندى ۋە ئالدىراش ھالدا ئۇرۇشقا جابدۇنۇپ، تارانچىلار ئۈستىگە ئەسكەر ئەۋەتتى. يەتتىسۇ ۋىلايىتى ۋالىسىنىڭ تارانچىلارغا قارشى مۇنداق ئالدىراشلىق بىلەن ئەسكەر ئەۋەتىشىدىكى سەۋەپ، بالدۇردىن تارانچى دىيارىدا سەياھەت قىلغان ئورۇس تۆرىلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەسكەرىي سىرلىرىدىن ۋاقىپ بولۇشى، ھەمدە سۇلتاندىن كۆڭلى ئاغرىغان تارانچىلارنىڭ تەشۋىقى ئىدى. 1871-يىلى باھار پەسلىدە دوۋۇن ئەتراپىدا ئورۇس ئەسكىرى كۆرۈنگەنلىگىدىن قورۇلچى ې بۇقشىلەر (كۆزەتچى ئەسكەرلەر) خەۋەر بەردى. بۇلارغا قارشى توقۇلەك دېگەن كىشىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەر ئەۋەتىلدى. ئورۇس-تارانچى ئەسكەرلىرى كەتمەن دالاسىدا ئۇچراشتى. بۇ ئۇرۇشتا ئورۇسلار چاپسان ئاتىدىغان توپ ۋە مىلتىقلارنىڭ ئارقىسىدا تارانچىلارنى سۇ رۇپ، كەتمەن يېزىسىنى ئالدى. ئاما تارانچىلار كېچىلەپ ئورۇسلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قوغلاۋەتتى. جابدۇقلىرىنى تاشلاپ، تارقىلىپ پۈتكەندىلا شەرىقتىكى شەھەر

ئەسكرى توقۇلەك ئەسكەرلرىگە ھۇجۇم قلىپ، ئۆزارا ئۇرۇش باشلاندى. ئورۇسلار ئۆزلرىنى يىغىپ، يۈز بەرگەن ئەھۋالنى كۆرۈپ، جابدۇقلرىنى ئېلىپ ئۆلگەرگەندە تاڭ يورۇدى. ئورۇسلار ئىككى تارانچى ئەسكرىنىڭ بىر–بىرى بىلەن ئۇرۇشۋاتكانلىغىنى شۇ چاغدىلا ئۇقتى. كۈندۈزكى ئۇرۇشلاردا ئورۇسلار مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. يەنى ئورۇسلار چېگاردىن نېرى قوغلاندى. كەتمەن ئۇرۇشدا مەغلۇپ بولغان ئورۇس ئەسكرى پات پۈرسەتنىڭ ئىچىدە ئىلىنىڭ ئوڭ ياقسى بىلەن غۇلجىغا قا

50

راپ ھەرىكەت قىلدى. بۇلارغا قارشى ئۇرۇشقا چىققان شەھەر ئەسكرى لاغايلاپ، رەتلەپ ئۇرۇشماستىنلا ئەسىر بولۇشقا باشلىدى. تۈنۈگۈنلا كەتمەن ئۇرۇشدا ئورۇسلارنى قاچۇرغان باھادىر تارانچىلارنىڭ بۈگۈنكى ئۇرۇشتا ھېچ بىر غەيرەت كۆرسەتمەستىن ئەسىر بولۇشدا، ئەلۋەتتە، بىر سىر باردۇر. مانا شۇنداق ئۇلۇق سىرلارنىڭ مەنبەسىدۇر كى: سۇلتاندىن كۆڭلى ئاغرىغان بېشۇربەك جەلىل ئوگلى ۋە ئۇنىڭ يېقىنلىرى بۇ ياقتا زەمىن راسلىغاندىن كېيىن ئورۇس لارنى چاقىرىپ كەلتۈردى. ئەمىسە كەتمەننى كۆرگەن ئورۇسلار مۇنداق چاپسان ماڭماس، بەلكى ئالدىرىمىغان بولار ئىدى دېگەنلەرمۇ بار. بۇ گۇمانلارنى شەھەر ئەسكەرلىرىنىڭ تەسەلايى ھەرىكتى ئىسپات قىلغاندەك. بېشۇربەكنىڭ جەڭدە كۆرسەتكەن ئۇلۇق خىزمەتلىرىگە يارىشا روسسيا دۆلىتىدىن خورۇنجىلىق دەرىجە ئېلىشى ھەم بۇنى ئىسپاتلايدۇ. مانا تارانچىلارنىڭ 7–8 يىل قان تۆكۈپ، خانۇ مان، مال–جانلىرىنى پىدا قىلىپ يېتىشكەن ئازاتلىغى بىر خورۇنجىلىق دەرىجىسى بىلەن بىر نەچچە يۈز سوم مۇكاپات بەدىلىگە پىدا ئېتىلدى دېسەك سەزادۇر (خاتا ئەمەستۇر)... ئەندى سۇلتان ئورۇسلارغا تەسلىم بولغان ئىدى. ھەر نەرسە ئۆز ئەسلىگە ئايلىنىدۇ دەپ، تارانچىلار يەنە ئاسارەت ئىلكىگە تەسلىم بولۇپ قالدى.

تارانچىلار ئورۇسلارنىڭ قولىدا. ئىلىنىڭ خىتايلارغا ياندۇرۇلۇشى

ئورۇسلار ئىلىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككىنچى يىلى چۆچەكتە تۇرغان خىتاي ئەسكىرىنىڭ باشلىغى پو يا جاڭجۇڭ ئىلىنى ياندۇرۇپ ئالماق ئۈچۈن ئاياگۆز قەلەسىگە بارغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن پېتېربۇرگتىن مەخسۇس ۋەكىل كېلىپ سۆزلەش تى. پو يا جاڭجۇڭنىڭ ئىلىنى ياندۇرۇپ ئېلىشقا ئىمتىيازى بولمىغانلىقتىن بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ سۆھبىتى نەتىجىلىك بولمىدى. ئورۇس ۋەكىلى بالدۇر ئىلى ئاھالىسىدىن سوراپ، شۇڭا قاراپ ئىش قىلايلى دەپ، ئىلىغا كېلىپ، ئىلىنىڭ خىتايلارغا ياندۇرۇلىدىغانلىغىنى تارانچىلارغا ئاڭلاتتى. تارانچىلار خىتايلارنىڭ قولىدا قالسا ئۇلارنىڭ ئۆچ

51

ئېلىشىدىن قورقۇپ، روسسيانىڭ ھمايە قىلىشىنى سورىدى. رۇسلار ئۇنداق بولغان تەغدىردە روسسيا تەۋەسىگە كۆچۈش لازىملىغىنى بايان قىلدى ۋە ئۇلارغا يەتتىسۇدىن يەر–سۇ بېرىلىدىغانلىغىنى بىلدۈردى. 7–يىلىدا خىتاينىڭ چوڭ سۇ ئىسىملىك ۋەكىلى پېتېربۇرگقا بېرىپ، ئىلىنىڭ تەغدىرى ھەققىدە سۆزلەشكەن بولسىمۇ، بەزى بىر شەرتلەرگە كېلىشەلمەي يېنىپ كەلدى. 9–يىلى چى زىن ئىسىملىك ۋەكىل پېتېربۇرگقا بېرىپ، ئىلىنى 9 مىللىئون پۇل، بۇرۇن سەمەر دەپ ئاتالغان يارکەنت بۆرغوجىدىن قورغاسقىچە، كەتمەن، ئۈزۈنتامدىن غالجاتقىچە، يەنى يارکەنت ئۈيىزى يەرلىرىنىڭ بەدىلىگە ئىلىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ، توختام قىلىپ ياندى.

ئىلىنىڭ خىتايلارغا بېرىلگىنىنى ششىماروۋ، گېنېرال فرىدې، پانتۇسوۋتىن ئىبارەت كومىسسىيا تارانچىلارغا ئېلان قىلدى ھەمدە بۇلار خەلقىنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشىگە ھەرىكەت قىلدى.

تارانچىلارنىڭ يەتتىسۇغا كۆچۈشى

يۇقۇرىدا قىلىنغان توختامغا بىنائەن 1881–يىلى 44 مىڭ جاندىن ئىبارەت تارانچى خەلقى يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققتى. كەتمەن، ئىلى دائىرىسىدىكى 7ۋە8 مىڭ جاندىن ئىبارەت ئاھالى كۆچمەي، ئورۇس تۇپرىغى تەركىۋىدە قالغان ئىدى. يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان تارانچىلار ياركەنت، ئالمۇتا ئۇيېزلىرىغا جايلاشتۇرۇلدى. ياركەنت دائىرىسىدىكىلىرى كەتمەن، ياركەنت، ئاقسۇ، چارىن بولۇسلىرىغا؛ ئالمۇتا ئۇيېزىدا ئولتارغانلىرى قاراسۇ، قورام، مالىۋاي بولۇسلىرىغا جايلىشىپ، ھەر بىر بولۇس بىر نەچچە يېزىغا بۆلۈندى. يۈزلەپ ئائىلە مەرۋە ياققا بېرىپ، بەيرەمەلى مەنزىلىگە يېقىن ئاختام يېزىسى بولۇپ ئورۇنلاشتى. بۇ كۆچمەن تارانچىلارنىڭ ئەركەك بېشىغا 5 دېسياتىنا يەر بېرىلدى. روسسىيا دۆلىتى تارانچى خەلقىنىڭ مەھەللىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئۆزلىرى تەرىپىدىن سايلانغان بەگلەر قولىغا تاپشۇردى. تارانچىلارنىڭ مەھەللە ئىشلىرىنى باش

52

قۇرىدىغان بەگلەر، بولۇس، ئاقساقال، قازى، ئەللىكبېشىلەردىن ئىبارەت ئىدى.

بولۇس ۋە ئاقساقاللارنىڭ باشقۇرىدىغان ئىشلىرى مانا بۇ ئىدى: ھاكىملارنىڭ ھۆكۈم ۋە بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىش، بىرەر تۈرلۈك ھادىسە ۋە جىنايەتلىك ۋاقىئە بولغاندا ئۈستىگە بېرىپ، تەپتىش قىلىپ، ۋاقىئەنىڭ پروتوكودىنى تېگىشلىك يەرگە تاپشۇرۇش، ئېلىق–سېلىق يىغىش ئوخ شاش خىزمەتلەر.

قازىلارنىڭ باشقۇرىدىغان ئىشلىرى: تارانچى خەلقى ئارىسىدا بولغان نىكاھ، تالاق، ۋارىسلىق، مۇسىبەت، ۋەسىيەت ئىشلىرىنى گۆرۈ، ۋاكالەت، تەقسىم ۋە ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى تەستىقلەشتىن ئېنقلاش ئىبارەت بولدى. مۈلكىي ئىشلارنىڭ ھەر قانداقلىرىنى سوراشقا بەزى بىر جىنايى ئىشلارنى ھەم سوراپ، جىنايەتچىلەرگە 18 ئاي ئاۋاقتا جازاسىنى بېرىشكە، ئۈچ يۈز سومغا قەدەر جەرىمانە سېلىشقا ھەقلىق ئىدى. قازىلارنىڭ ھۆكۈملىرىگە رازى بولمىغانلار قازىلار قۇرۇلتىيىغا مۇراجىئەت قىلاتتى. قازىلار قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن بەكىتىلگەن ھۆكۈم قائىدە بويىچە ئىجرا ئېتىلمەي قالماس ئىدى.

تارانچى بەگلىرى ئۈستىدىن ئۇمۇمەن ئۇيېزد باشلىغى ۋە پرىستاۋلار نازارەت قىلىپ تۇراتتى. بەگلەر بىلەن پۇخرا بوينىدىكى سوراقلار رۇس سوتلىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلەتتى.

ئىلىدا قالغان تارانچىلار

كۆچ–كۆچتىن كېيىن ئورۇس–خىتاي ئارىسىدا بولغان توختامغا بىنائەن ئىلى ۋىلايىتىنى ئۆتكۈزۈپ ئېلىشقا چىققان جىڭ جاڭجۇڭ 1882–يىلى 15–مارتتا غۇلجىغا كەلدى. ئۇ ئىلىنى ئورۇس دۆلىتىدىن رەسمىي رەۋىشتە ئۆتكۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن بۇنداق مەزمۇندا يارلىق چىقاردى: ″خاننىڭ ئەمرى بىلەن ئىلى ئۆلكىسىنى ياندۇرۇپ ئېلىشقا چىققان، ئەسكىرىي ۋە مۈلكىي ئىشلارنى باشقۇرۇپ تۇرغان جىڭ جاڭ جۇڭدىن يارلىق:

″خان ئىلى بۇزۇلغاندا سىلەرگە مەرھەمەت يۈزىسىدىن بارلىق گۇناللىرىڭلاردىن ئۆتۈپ، بارچاڭلارنى تىنچلىققا چاقىرىپ، بۇ يارلىقنى چىقاردى؛ ھېلى بولسا تاشقارقى ئىشلارغا قارايدىغان مەھكىمىدىن ئېلىنغان خەۋەرگە قارىغاندا، ئىلى ۋىلايىتى ئورۇس دۆلىتىدىن ياندۇرۇلۇپ ئېلىنغان. مانا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاننىڭ يەنە مەرھىمىتى قوزغىلىپ، پۈتۈن ئىلى ئاھالىسىغا ئەپۇ ئۇمۇمىي (ئامنىستىيا) قىلغانلىغىنى مەلۇم قىلىدۇ. مۇنداق زور ئىلتىپاتنىڭ قەدرىنى بىلىش كېرەك. ئەمدى ئىلى ۋىلايىتىدە ياشىماقچى بولغان دېخان، سېتىقچى، مالچىلارنىڭ بارچىسى بۇرۇنقىدەك تازا كۆڭۈل بىلەن خان مەرھەمىتىدە ئاسايىشتە يۈرسۇنلەر، بۇنىڭدىن بۇ يان ھېچ كىم ھېچ كىمگە زورلۇق–زومبىلىق قىلمىسۇن دەپ بۇيرۇق قىلدىم″.

بەدرىغە دەۋرى (كۆچكەن دەۋر) 8–يىلى 3–ئاينىڭ 10–كۈنى

جىڭ جاڭجۇڭ ئىلىنى ئۆز ئىدارىسىگە ئالغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى ئەنگە قاراپ مەزەمخان ھاكىمنىڭ (1–سۇلتاننىڭ) ئوغلى باباخوجىنى (ئىلىياسنى) ھاكىم قىلدى.

يېڭى ھاكىم باباغوجىنىڭ تارانچىلىرى بەك ئاز قال غان ئىدى. خونخاي 8 يۈز ئوخشاش بەزى ئۇستەڭلەرنىڭ خەلقى كونكى (ھەممىسى دېگىدەك)، يەتتىسۇغا كۆچۈپ چىققان. غۇلجا ئەتراپىدىكى قەرييەلەرنىڭ (مەھەللىلەرنىڭ) بىر قانچىسى بوشاپ قالغان ئىدى. بۇ يەرلەرگە يېڭى كۆچمەنلەر، ئالتىشەھەرلىكلەر بىلەن تۇڭگانلار ئورۇنلاشقان. خونخاي شىۋەلەرنىڭ پايدىسىغا قالغان ئىدى. بۇ توغرىدا قالغان تارانچىلار بىلەن يېڭى غوجىلار ئارىسىدا خېلى تالاشلار بولۇپ ئۆتتى.

يۇقاردىكى جىڭ جاڭجۈڭنىڭ يارلىغىغا بىنائەن تارانچى خەلقى ئۈچ ئېلىش كەبى زورلۇق–زومبىلىقلارغا ئۇچرىمىدى. لېكىن بۇرۇنقىدەك تۇگمەس–پۈتمەس ئالۋان–ياساق ئېچىدە قالدى. تارانچى–خىتاي ماجرالىرىدا بۇزۇلغان ئۆستەڭ، خاراپ بولغان ئىمارەتلەرنى تۈزەش، يېڭى قورغانلىق شەھەرلەرنى سېلىش، مەھكىمىلەر ياساش لازىم ئىدى.

دېمەك، تارانچىلارنىڭ ئۆمرى يەنە كۈرە ئالۋاڭلىرى

54

بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. تارانچىلار نەچچە يىللار بويى كۈرە ئالۋاڭلىرىنى بېرىپ، خارابىلىقلارنى تۈزەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار شەنگەنگە ئۆتكۈزۈلۈپ، قارا خىتاي ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلدى، دېخانلارنى قارا خىتايلار ئىدارە قىلىدىغان بولدى. مانجۇر ئەسكەرلىرى خەلقنىلا سوراتتى.

تارانچى خەلقى قارا خىتايلارغا ئۆتكەندىن كېيىن بۇرۇنقى قاتتىق ئالۋاندىن قۇتۇلدى. ئامما كونا تەرتىپ بويىچە ھوسۇل سېلىغى تۆلەيدىغان بولدى. ئاز خەلققە بۇرۇنقىدەك ھوسۇل بېرىش ئىنتايىن ئېغىر ئىدى، ئەلۋەتتە.

يەتتىسۇغا كۆچكەن تارانچىلاردىن بەزى بىرلىرى كونا يۇرتلىرىنى سېغىنىپ، 5ي10 يىل ئېچىدە 4 مىڭ ئۆيلۈك كىشى ئىلىغا يېنىپ باردى ۋە بۇلار ئۆز يۇرتلىرىغا جايلاشتى.

يەتتىسۇ تارانچىلىرى

ياركەنت تارانچىلىرىنىڭ ھەر قايسى بىر تۈرلۈك ئىشقا كىرىشىپ، تارانچىلىق ي دېخانچىلىق ئىشىغا تولا ئەھمىيەت بەرمىگەن ئىدى. مۇنداق تارانچىلىقتىن بەزگەن ھورۇنلارنىڭ يەر–سۇلىرىنى مەشھۇر ۋېلىباي يولداشېۋ ئۇزۇن مۇددەت بىلەن ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇلارنى يەر–سۇلىرىدىن ئاجرىتىۋەتتى. ئوششاق–چۈشەك كەسىپ ۋە سودىدىن بەھرى ئاالىمغانلار بايىقى يەر–سۇلىرىنى ياندۇرۇپ ئېلىپ تارانچى بولاي دېسە، يولداشېۋ قايتۇرۇپ بەرمەيتتى. يەرلىرىنى ھۆكۈمەت ئارقىلىق ئېلىش بولسا مەھەل ئىدى. چۈنكى يولداشېۋ ھۆكۈمەت ئالدىدا ئېتىۋار ساھىبى بار زات ئىدى. شۇ سەۋەپتىن يولداشېۋ تارانچى كەمبەغەللىرىنى قاخشىتىپ ئالغان پۇللىرىنى ئورۇس مەنسەپدارلىرىنىڭ مېھماندارچىلىغى بىلەن ئۇلارنىڭ ئايالىرىغا قىلىنىدىغان سوغىلارغا سەرىپ قىلاتتى. يولداشېۋ ئورۇس گېنېراللىرىنىڭ تەكلىۋى بىلەن پادىشاھ نىكولاي بىلەن كۆرۈشكەن. دېمەك، يولداشېۋنىڭ، ئالتۇنلىرى ئۆزى ئۇچۇن پادىشادىن تارتىپ، بارچە مەنسەپدارلارنىڭ ئىشگىنى ئاچقان ئىدى. يولداشېۋ بىلەن زامانداش نىزامىدىن ئاخۇن كەبى ھۆر پىكىرلىك مولللارمۇ ئۇنىڭ زۇلۇمىغا گىرىپتار بولغان ئىدى. ئۇلار

55

ئۆز مۇھىتىغا قاراپ، يالغان تەسەۋۋۇپ (سوفىزم) خىياللىرى بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈشكە مەجبۇر بولغان.

ياركەنت تارانچىلىرىنىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالى سەلرەك بولسىمۇ، باشقا ياقلاردىكىلەردىن خېلى ئۇبدان ئىدى. ئىشلار شۇ تېرىقە "باي دادامنىڭ" دېگىنىچە بولۇپ تۇرغاندا 1904–يىلى ئورۇس–ياپون ئۇرۇشى چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا ئورۇسلار مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. مەملىكەتنى ئىختىلال قاپلىدى. ھۆكۈمەت خەلق ئېچىدە يۈز بەرگەن

بۇ قالايمىقانچىلىقنى باسماق ئۈچۈن 1905–يىلى ھەممىگە مەلۇم بولغان ئۆكتەبىر مانىفېستىنى ئېلان قىلدى. مانىفېستنىڭ مەزمۇنى شۇ ئىدى: ھەر كىمنىڭ شەخسىي ھۆرلىگى، خانە ۋە جايلىرىنىڭ ئەمىنلىگى، سۆز، جەمىيەت، مەتبۇئات ئەركىنلىگى مەملىكەت قانۇنلىرىنىڭ خەلق ۋەكىللىرى تەرىپىدىن تەستىق قىلىنماي تۇرۇپ، كۈچكە كىرمەسلىگى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مانىفېستنىڭ تەسىرى بىلەن بالدۇردىن تەرەققىيپەرۋەر تارانچى ياشلىرىنىڭ قەلبىگە "تەرجىمان" جۇرنالىنىڭ تەسىرى بىلەن سىڭگەن ھۆررىيەت ۋە تەرەققىيات غايىسى تارانچى خەلقىنى تەرەققىياتقا ۋە سائادەتكە يەتكۈزۈش توغرىلىق ئەمەلىي ۋە غايەۋى پىكرىنى قوزغىدى ۋە بۇنىڭغا توسالغۇ بولۇپ تۇرغۇچىلارغىمۇ تەسىر قىلدى. بۇلار ھە دېگەندە تارانچىلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تەۋرەندى. تەبىئىيكى، بۇ يولغا مېڭىش بىلەن كەمبەغەل تارانچىلارنىڭ قولىدىن چىقارغان يەر–سۇلىرىنى يولداشبېۋتىن ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى تۇغۇلدى. بۇ ئىش يولداشبېۋنىڭ شەخسىي مەنپىيتىگە تەگدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلە قوزغىلىشى بىلەنلا يولداشبېۋ ياشلارغا قارشى چىقتى ۋە تارانچى خەلقىنى پىرقىلەرگە بۆلۈپ ئىككىگە ئاجراتتى. بايلار، بەگلەر بىر ياق؛ ياشلار، كەمبەغەللەر، يەرسىزلەر بىر ياق... تارانچىلاردا ئۆزارا ئۇرۇش–تالاشلار باشلاندى. ياشلار خەلقنىڭ ئۆز ياقلىرىدا ئىكەنلىگىدىن پايدىلىنىپ، بايلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سايلام ئۇسۇلىدىن پايدىلانماقچى بولدى ۋە بۇ يولدىكى دېگىلىك ھەرىكەتلەر ئارقىسىدا مۇۋاپپەقىيەت قازاندى. لېكىن كونا بەگلەر بىلەن بايلار پۇقارا خەلقنى ئاخچا بەدىلىگە ئۆز پىرقىلىرىگە قوشۇش بىلەن جاۋاپ بەردى.

56

ئۇ ۋاقىتنىڭ سىياسىتىگە بىنائەن ھۆكۈمەت ئەربابى بايلار پىرقىسىنى ياقلاشقا تېگىش ئىدى ھەم شۇنداق بولدى. بۇ پارتىيىلىك تالاشلاردا تەرەققىيپەرۋەر ياشلار مەغلۇپ بولدى. بايلار، موللىلار، بەگلەر بۇلارنى ئەگەشكەن پۇخرالار تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا نەپرەت ئېيتىپ، "كالتە چاپان" لەقىمىنى تاقتى. كالتە چاپانلارنىڭ تولاراغى خەلق يولىدا جاپا چەككۈچى پىداكارلاردىن ئىدى. 1906 يىلى ياركەنتتە تارانچىلارنىڭ مىللىي، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى قاراش ھەمدە دۆلەت دۇماسىغا ۋەكىل سايلاش توغرىسىدا كونكى قۇرۇلتايلار بولدى. بۇ قۇرۇلتاي يولداشبېۋنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆتكەنلىكتىن، "تۇم قارا" يولداشبېۋنى دۇماغا ۋەكىل قىلىپ سايلاشقا قارار چىقاردى. ياشلار نارازى بولۇپ، نارازىلىغىنى مەتبۇئات ئارقىلىق ئېلان قىلدى.

1909–يىلى مۇسۇلمانلارنىڭ مەكتەپ، مەدرىسىلىرىگە پادشاھ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ سۈرەتلىرىنى چاپلاش تەكلىپ قiiلىندى. بۇ ئۈچۈردىن يەتتىسۇدىكى مۇسۇلمانلار، جۈملىدىن، تارانچىلار نارازىلىق بىلدۈردى. باشلىرىمىز كېسىلسىمۇ سۈرەت قويۇشقا رازى ئەمەسمىز دېيىشتى. بۇ توغرىسىدا قارشىلىق قىلغانلارغا جازا بېرىلسىمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ پەرمانى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ چاغلاردا تارانچىلارنىڭ ياشلىرى ئازراق بولسىمۇ مەكتەپ، مەدرىسە ئىسلاھاتىغا، يەنى مائارىپ ئىشلىرىغا كىرىشكەن ئىدى. شىمال تۈركلىرىدە تەرەققىي قىلغان مەتبۇئات ئارقىسىدا يېڭى پىكىرلىك تارانچى ياشلىرىنىڭ سانى ئاشماقتا ئىدى.

مۇتەئەسسىپ قېرىلار ياشلارنىڭ مائارىپ يولىدىكى ھەرىكىتىگە تورالغۇ بولالماي، چاقۇ قىلىش يولىغا كىرىشتى ۋە بۇ يولدا ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقتى. ياشلارنىڭ مەكتەپلىرى يېپىلدى، مۇئەللىملەر سولاندى، قىينالدى. بۇلارنىڭ سۆزىنى ئاقتۇرۇشقا تۆۋەندىكى ۋەقەنىڭ تولۇق ياردىمى تەگدى. 1911–يىلى دېكابىر ئېيىدا بولغان "ئىلى ئىنقىلاۋىغا" مۇسۇلمانلار قوشۇلغان ئىدى. يەتتىسۇنىڭ خوشنىسىدا بولغان بۇ ئىنقىلاپ روھىنىڭ يەتتىسۇغا تەسىر قىلىشىدىن ھۆكۈمەت قاتتىق ۋايىم قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەتتىسۇ خەلقىنىڭ يۇرۇش–تۇرۇشلىرىنى يوشۇرۇن رەۋىشتە تەقىپ قىلىپ تۇردى. شۇ چاغدا "ئىلى ئىنقىلاۋى" مۇنا

57

سۇنتى بىلەن ″شۇرادا″ ″تۈركىستان چىنىي تۈركلىرى″ ناملىق ماقالە بېسىلىپ چىقتى، مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاداغىدا (ئاخىرىدا) مۇسۇلمانلارنىڭ ھەم خىتايلار بىلەن بىرلىكتە ئىنقىلاپ يولىدا ھەرىكەت قىلىشى لازىملىغى يېزىلىپ، ″ياركەنتتە توغرۇ″ دېگەن ئىمزا قويۇلغان ئىدى. مانا شۇ نەرسىنى مۇتەئەسسىپ قېرىلارنىڭ چېقىشتۇرۇشى بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ تارانچىلارنى تىنتىش−ئاختۇرۇشىغا كەڭ يول ئېچىلدى. ئۇلار ″توغرۇنى″ تاپالمىغان بولسىمۇ، ياركەنت ئۆيىيزىدىكى ھەممە مەكتەپلەر يېپىلدى. ئەڭ چەت يەر لەردىمۇ تىنتىش−ئاختۇرۇشلار بولدى. مەتبۇئات بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ياش بۇغۇننى توختاتتى. 1914−يىلى ئىيۇل ئېيىدا ئاۋستىرىيا بىلەن سىربىيا ئارىسىدا ئۇرۇش چىقىش جاھان ئۇرۇشىنىڭ تۇتروغىغا ئوت تۇتاشتۇرغان ئىدى. بۇ پۈتۈن دۇنيانى ياندۇرغان، بەنىي بەشەرنىڭ پالاكىتىگە سەۋەپ بولغان، كەمبەغەللەرنى قان دەرياسىغا غەرق قىلغان ياۋروپا يانغىنى ئوتتۇرا ئازىيانىڭ بىر بۆلىكىدە ياتقان مەزلۇم، مەھكۇم تارانچى خەلقىنىمۇ پالاكەت ۋە سائادەتلەردىن ئۇلۇشسىز قالدۇرمىدى.

1916−يىلى ئىيۇن پەرمانى بىلەن تۈركىستان ئاھالىسى ئۇرۇش مەدىكارلىغىغا چاقىرىلدى. بۇ پەرماندا تالاي تۈركىستان ئاھالىسى نارازىلىق كۆرسىتىپ، ئىختىلال نارازىلىق ۋە ئىسيان ھەرىكەتلىرىدە بولدى. ھۆكۈمەت بۇ پەرمان توغرىسىدا مەھەللە خەلقىدىن شۇنداق قاتتىق قارشىلىق كۆرگەن بولسىمۇ، پەرماننى ياندۇرۇپ ئالمىدى. ئۆز پەرمانىدا چىڭ تۇردى. ئاخىرىدا بۇ مەدىكارلىق مەسىلى سى چوڭ ماجرالارغا سەۋەپ بولدى. 1916−يىلى ئاۋگۇستىنىڭ 9دا قازاق، قىرغىز ھەم تۇڭگان تائىپىلىرى مەزكۇر پەر مانغا قارشى ئىختىلال (قوزغىلاڭ) چىقاردى. قاراقول قىرغىزلىرى ھۆكۈمەت تەرەپدارلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ تۇرغاندا، قارقارا قازاقلىرى ھۆكۈمەتنىڭ مۇنتەزىم ئەسكىرىگە قارشى تۇرالماي قاچتى. قازاق ئۇرۇشىدىن بوشىغان ھۆكۈمەت ئەسكىرى قاراقولدا مەغلۇپ بولغان ئەسكەرلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، ئىختىلالچىلارنى باستۇردى. تۇڭگان، قىرغىزلارنى قىردى. قارقارا سودىگەرلىرى ئاقسۇ كۆپرۈگىدە ئەسكەرلەر تەرىپىدىن قىرىلىپ كەتتى. قارقارا كۆيدۈرۈلدى. تاققا قاچقان قازاق، قىرغىز خەلقى ئالاۋباشى

58

ۋادىسىدا ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن توغرالدى. بۇ ۋادىدا مەجرۇھ بولغان بىر قىرغىزنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مەجرۇھلاردىن ھەپتىلەرگىچە ئىڭغىراشكان ئاۋازلار چىقىپ تۇرغان ئېمىش. قازاق−قىرغىزلارنىڭ ھۆكۈمەت قىلىچىدىن قۇتۇلغان قىسمى جان قاچۇرۇپ، خىتاي يېرىگە كىرگەن ئىدى. ئۇ يەردىمۇ يەنە شۇنداق پالاكەتكە ئۇچرىدى. ئۇلارنى قالماقلار بۇلاپ−تالاپ، ئۆلتۈرۈپ قىردى. بۇنداق پالاكەت ۋە كاساپەتلەرگە ئۇچراپ، مال−مۈلۈك، خانى ماندىن ئاجرىغان غېرىپ قىرغىزلار قىش پەسلى كىرىشى بىلەن ھاۋانىڭ سوغلىغى، قورساقنىڭ ئاچلىغىدىن ھەر بىر ئازگال ۋە دالدىدا سۈرگۈسى (توپى) بىلەن قىرىلىپ كەتتى. بۇ بىچارىلەرگە ياردەم قولىنى سوزغۇچى بولمىدى.

غۇلجا مۇسۇلمانلىرىدىن بېرىلگەن ياردەم ئېھتىياجغا نىسبەتەن سەي ئەمەس ئىدى.

تۈركىستان ئۆزبەكلىرىدىن جىززاق خەلقىمۇ قوزغالغان ئىدى، بىراق ئۇ بوزەكلەرنىڭ كۈلىمۇ كۆككە ئۇچۇرۇلدى. مانا شۇنداق قانلىق پاجىئەلەردىن ئىبرەت ئالغان تارانچى خەلقى ئىيۇن پەرمانىغا ئىتائەت قىلىپ مەدىكار بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۆكتەبىر ئېيىدا ياركەنت ئۆيېزىغا تابى تارانچىلاردىن بىر مىڭ مەدىكار ئېلىنىپ، يېكاتىرىنوسلاۋ ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلدى.

ئىيۇن پەرمانىغا قارشىلىقتا ئەيىپلىنىپ 9 تارانچى ئېتىلدى. تارانچىلار ئىلى ۋىلايىتىدە 100 مىڭ جان (1914−يىلقى رەسمىي ھېساپ بويىچە)، يەتتىسۇدا 110 مىڭ جان (1917)، مەرۋىدە 1 مىڭ جان، جەمى 211 مىڭ جان بولغان.

بۇندا كۆرسەتكەن سان ئىلى مانجۇرلىرىنىڭ قولىدىكى تارانچىلارنى كۆرستىدۇ. قۇمۇل ۋە تۇرپان تارانچىلىرىنىڭ مىليونلاپ ھېساپلانغان سەييالارنىڭ سەياھەتنامىلىرىدىن مەلۇمدۇر.

خاتىمە

تارانچى خەلقىنىڭ كېيىنكى تارىخىي كۈنلىرىگە دائىر بۆلۈمنى ("ئىنقىلاپ كۈنلىرىدە تارانچىلار") بۇرادەر

59

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ يازماقچى ئىدى. ئۇ يېزىپ پۈتىرەلمىگەن سەۋەپلىك مەزكۇر بۆلۈم بۇ كىتاپچىغا كىرمەي قالدى. تېز كۈندە رىسالە شەكلىدە ئالاھىدە بېسىلغۇسىدۇر. بۇرادەر ئابدۇللانىڭ يازغۇسى رىسالىسى يەتتىسۇ تارانچىلىرى نىڭ ئىنقىلاپ كۈنلىرىگە دائىر بولغۇسىدۇر.

بىز بۇ ئورۇندا ئىلى تارانچىلىرىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى ھەققىدە قىسقىغىنا مەلۇمات بېرىپ كەتكۈسىمىز.

ختايلارنىڭ ئىچكەركى ۋىلايەتلىرىدىكى ئىنقىلاپنىڭ سەلتىرى بىلەن 1911-يىلى دېكابىر ئېيىدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ئىنقىلاۋى يۈز كۆرسەتتى. ئىنقىلاپ نەتىجىدە خى تايدا ئەسىرلەردىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن مۇستەبىت مانجۇر سۇلالىسى تەختىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، جۇمھۇرىيەت ئىدارە ئورناشتى. ئىدارە بېشىدا خەلق كىشىلىرى تۇرۇشى لازىم ئىدى. لېكىن ئانداق بولمىدى. چۈنكى ھۆكۈمەت بېشىدىن مانجۇر ئۇدۇمى ھايدىلىپ، ئورنىغا قارا ختايلار مىنگەن ئىدى. بۇلارنىڭ مانجۇرلارغا ئوخشاشلا، ئۇ تالاپ كەلگەن يەرلەرنىڭ "سونىسىنى" يېيىشى لازىم ئىدى. ئىنقىلاپ كۈنلىرىدە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مۇستەملىكىچىلەرنى چىنىي تۈركستاندىن قوغلاپ چىقارغىدەك ئاڭ-ئۇقۇم ئۇيغۇر-موڭغۇللاردا يوق ئىدى.

بۇ تائىپىلەر ئىنقىلاپ يولىدا قانلىق قۇربانلار بېرىپ، مانجۇر ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەپ بولسىمۇ، ئۆز ئۈستىدىكى تۆمۈر قوللۇق ختاي ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىلىشىغا زادى ئېرىشەلمىدى. ئامما بۇنى ختاي خەلقى بەك ئايدىڭ چۈشىنەتتى. كېرەك ۋاقىتتا ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىشنى بىلدى. ئىلى ئىنقىلاۋىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىنقىلاپچى ياڭ تۇڭ ئەسكىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر، موڭغۇللاردىن ئىبارەت چېرىكلەر ئىدى. ئىنقىلاپ جەريانىدا مانجۇرلار بېسىققاندىن كېيىن يەرلىك خەلقتىن تەشكىل قىلىنغان ئىنقىلاپچىلارنىڭ ياراق-جابدۇقلىرى ئېلىنىپ، ئۆزلىرى تارقىتىلدى. ختاي تۈركستانىنىڭ موشۇ كۈندىكى ئەھۋالىغا بىر نەزەر سالساق شۇنى كۆرۈرمىز: ھايات ۋە تۇرمۇشىنىڭ قەھرىگە يولۇققان، سىياسىي ۋە ئىختىسادىي زۇلۇم، ئىستىبدات ئاستىدا يەنچىلگەن، پۈتۈن ئۆمرى ئالۋان، ياساققا باغلىنىشقان ئېغىر-بېسىق، سولغۇن بىر تائىپىنى كۆرسەك، بۇ شۇ تۈركستاندا مىڭلارچە يىللاردىن

60

بېرى ياشاپ كەلگەن، شۇ يەرنىڭ تۈپ ئېگىلىرى ئۇيغۇرلار بولۇر.

بۇ بوزەك تارانچىلار (دېخانلار) ئۆز يۇرتىدا ئۆزلىرىنى ختاي ئىستىبداتىغا ئىتائەت قىلدۇرۇپ تۇرغان چېرىكلەرنى تويغۇزۇپ، لويا، شەڭگەن، جازانخورلارنىڭ خالتىلىرىنى پۇلغا توشقۇزۇپ، ئامما ئۆزلىرى ئاچ-يالىڭاچ بولۇپ، ئىككىدىن بىرى تۇرمۇش قۇرۇۋنى نامى بىلەن قەبرىگە سەپەر قىلىپ تۇرىدۇ.

تۈركستانىنىڭ جۇغراپىيە قىسمىدىكى قازاق، قىرغىز تائىپىلىرىگە قارىساق ئەينى ھالنى كۆرۈرمىز. بۇلار تاقەتتىن تاشقىرى ئېغىر ئېلىق-سېلىق ئارقىسىدا چارۋا ماللىرىدىن ئاجراپ، ئىختىساتتىن مۇنقەرز بولغان دېسەكمۇ مۇبالىغە بولماس. يەتتىسۇ قازاق، قىرغىزلىرىنىڭ 1916-يىلقى پالاكەتتىن كېيىن ئىلى ئۆلكىسىنى توشقۇزغان قاچقۇنلىرى تۇرمۇشىنىڭ قارا كۈنلىرىنى كەچۈرۈپ كەلمەكتە. بۇ مەزلۇملار تۇرغۇن قازاقلارغا باققاندا يەنە ئارتۇغراق جاپا چەكمەكتە.

–1918 يىل ئېتىش پاجىئەسىگە ئۇچراپ، ئىلىغا بارغان تارانچىلار قارا كۈنلەردەدۇر. بۇلار بالا–جاقىدىن، مال ۋاراندىن ئاجراپ، يالاڭ ئاياق، يالاڭ تۆش بارغانلار ئىدى. ئۇ ياققا بېرىشى بىلەن شۇ يىلىنىڭ 15–ئۆكتەبىردىكى قار بورانغا ئۇچراپ، قىرىلىپ قالدى. سالامەت قالغانلىرى ئايلارچە قار–بوران ئازاۋىنى چەكتى، تەبىئەتنىڭ مۇنداق قەھەرلىك زۇلۇمى ئۈستىگە خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ ئىزا–ئاھانەت ۋە جاپالىرىنى قوشساق، يەنە ئارتىلىپ چۈشىدۇ.

–1920 يىللارغىچە بۇ قوغلاندىلارغا ۋەتەنلىرىگە يېنىشىغا ئەھۋال يار بەرمىدى. چۈنكى ياركەنت ئۇيېزى ئاقلارنىڭ باندىلىرى (باش كېسەرلىرى) تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان. ئۇ يەرگە چىقىشى بىلەن يە ئۇلارغا قوشۇلۇشى لازىم ياكى قۇربان بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يولغا ماڭمىدى. 1921–يىلى يەتتىسۇنىڭ ئەھۋالى تارانچىلارنى قوبۇل قىلارلىق دەرىجىگە كەلگەندىن كېيىنلا مەزلۇم تارانچىلار ۋەتەنلىرىگە ياندى. بۇ ھال خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن ئۇيغۇر بەگلىرىنى ۋەتىنىگە يانماي قالغان تارانچىلار ھەققىدە گۇمانغا چۈشەردى. يەتتىسۇ تارانچىلى

61

رىنىڭ ھەممىسى ئىنقىلاۋىي روھ بىلەن روھلانغان ئىنقىلاپچىلاردۇر. بۇلار چولا تاپقان زامان ئىلىدا ئىنقىلاپ قىلىدۇ دەپ ئۇلارنى قىيناشقا ۋە سوراشقا باشلىدى. خىتايلار بۇلارنى ئىنقىلاپچى دەپ ئەيىپلىگەن چاغلاردا مەزلۇم كەمبەغەل تۈركىستان ئاھالىسىدە ئىنقىلاۋىي روھ كۈچلەنمەكتە ئىدى.

شۇرالار روسسىياسىدىكى نامرات كەمبەغەللەرنىڭ ئازاتلىغى ئىلىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ دىماقلىرىغا ئىنقىلاۋىي روھ بېغىشلاپ، ئۇلارغا ئازاتلىق ۋەدە قىلماقتا. ھازىر ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلاردا ئىنقىلاپقا زەمىن باردۇر. ئىنقىلاپنىڭ يولىيورۇغىنى ئۇيغۇر كەمبەغەللىرى ئۇقتى. ھازىر چىنى تۈركىستانىنىڭ ئالتىشەھەر ئۆلكىسىدە ياشىغان خەلقىنىڭ 99 پروسېنتى ئۇيغۇرلاردۇر.

جۇڭغارىيىگە ئىلىغا كەلسەك مونۇ ساناقنى كۆرۈمىز: ئاھالىنىڭ 45 پروسېنتى تارانچى (ئۇيغۇر)، 25 پروسېنتى قازاق، قىرغىز، 11 پروسېنتى قالماق، 13 پروسېنتى شىۋە، 3 پروسېنتى تۇڭگان، 2 پروسېنتى خىتاي، 1 پروسېنتى ئورۇس، نوغايلار.

بۇ ساناق جۇنغارىيىدە ھەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نۇرغۇنلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

دۇنيا يۈزىدە قۇلغا قۇللۇق زامانى ئۆتۈپ بارماقتا. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇرلارمۇ قۇلغا قۇل بولۇشتىن پات ئارىدا قۇتۇلغۇسىدۇر، يورۇق كۈنلەر يېقىن!

غۇلجا سۇلتانلىغى ھەققىدە

مۆھتەرەم "شۇرا" جۇرنالىنىڭ 1911–يىلقى 18–سانىدا "غۇلجا سۇلتانلىغى ۋە تارانچىلار كىملەر" سەرلەۋھەلىك بىر گۈزەل ماقالە بېسىلغان ئىدى. بۇ ماقالىنى ئوقۇدۇم–دە بىر–ئىككى جۈملىسىنى ھەقىقەتكە خىلاپ تاپقان ئىدىم. شۇنداق بولسىمۇ، غۇلجا سۇلتانلىغىغا ئاشنا ئەۋلاتلاردىن بىرسى چىقىپ، بۇنى تەھلىل قىلار دەپ كۈتۈپ تۇردۇم. بۇنىڭغا 4 يىل ئۆتتى، ھېچ كىم بىرەر سۆز دېگىنى يوق. دېمەك، مەزكۇر خىلاپ سۆز ھەقىقەت بولغان ئىش، ھەقىقەت نامىنى ئالدى. ئەندى بىز بېچارىلەر كېيىن بولسىمۇ

62

بۇنى توغرا ئەمەس، ھەقىقەتكە يېقىن كەلمەيدۇ دەپ بىلىمىز.

بۇ جۈملىلەرنى "شۇرا" پېشقەدەملىرىگە ئەرزە قىلماقچىمىز. بىزنىڭ يالغان ۋە يېڭىلىش بولۇپ قالسا، تەنقىت قىلارسىزلەر. "شۇرانىڭ" 18–سان 537–بېتىدە: "غۇلجىنى ئالغاندىن كېيىن ئۇلار خىتايغا سېتىلغان ئەمەلدار ھېساپلىنىپ ئەۋەتىلگەن ئابدۇرۇسۇل ئۆزىنى ئىنقىلاپچى تارانچىلارنىڭ سۇلتانى دەپ ئېلان قىلدى.

ئىنقىلاپچىلار بۇنىڭغا رازى بولىدىلەر..."ﻲ دىدى. بۇ سىز بىزگە دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى تارانچىلار ئەڭ ئىناۋەتلىك. مەزەمبەگ ئاتلىق مۆتىۋەر بىر "بەگنى" ئىتتىپاق ۋە مەسلىھەتلەر بىلەن سۇلتانلىققا كۆتەرگەن ئىدى. بۇنى ئېنىغراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەپسىلىي كىرىشمەكچىمىز.

بەلگۈلۈك: باشتا بۇ ئىنقىلاپتا تارانچىلار مەلۇم بىرسىنىڭ رەھبەرلىگىدە سوقۇشماي، بەلكى ھەر قايىسى ئۆز يۇرتلىرىنىڭ بەگلىرىگە تابى بولۇپ، شۇلارنىڭ ئىختىيارىدا ئىدارە قىلىشىدا ئىدى. باشقا بەگلەرگە ئانچە بويۇن سۇنماس ئىدى. مانا تۆۋەندىكى ۋەقەلەر سۆزىمىزنىڭ دۇرۇسلىغىنى دەلىللەيدۇ.

تارانچىلار باياندىي قورغىنىنى مۇھاسىرە قىلغان. بۇ مۇھاسىرىدە قالغان ئاغىنىلىرىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۈرە شەھرىدىن خىتايلار چېرىگى چىقىپ سوقۇشتى. بۇ سوقۇش ئادەتتىن تاشقىرى دەھشەتلىك بولدى. يۇقۇرىدا دېگىنىمىزدەك، ھەر بىر بەگ ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق قىلاتتى بۇ سوقۇشتا "سىزلەردىن ئەخمەت غوجا"ﻲ ئۆز ئەسكەرلىرىگە قوماندانلىق خىزمىتىنى ئۆتىمەكتە ئىدى، نېمە ئۈچۈندۇر تۇيۇقسىز ئارتقا چېكىندى ۋە قاچتى. بۇنى كۆرۈپ ئەسكەرلەرگە بۇزغۇنچىلىق چۈشتى ۋە ئاخىرىدا سوقۇش مەيدانىدا بىر نەچچە يۈز تۈگىگان ئەسكەرلىرى قالدى. تارانچىلار ھەممىسى ئارتقا چېكىندى ۋە ياندى. بۇ ۋەقە شەھەردە بولغان مەزەمبەگ ۋە ئابدۇرۇسۇل ھاكىملارغا يېتىشى بىلەن ئۇلار ناھايىتى خاپا بولۇپ بۇ "غوجىنى" قايتۇ رۇش ئۈچۈن ئابدۇرۇسۇل ھاكىم يېقىنلىرىدىن بىرسىنى ئەۋەتتى.

بۇنىڭ يولىدا "غوجا" يولۇقۇپ قالدى. ئۇ "غوجىنىڭ" قايتىشى كېرەكلىگىنى ئېيتتى. "غوجا" ئۇنىمدى. شۇندا

63

مەزكۇر ئادەملەر بىلەن "غوجا" ئوتتۇرىسدا جاڭجال چىقىپ، ئاخىرىدا "غوجا" ئالدىغا بارغان كىشىنى ئۆلتەردى. بۇ خەۋەر ئابدۇرۇسۇلبەككە يېتىشى بىلەن ئۇ قىساس ئالىمەن دىدى. بۇنى بىرى دەررۇ "غوجىغا" يەتكۈزدى. "غوجا" ۋاللاھۇ ئابدۇرۇسۇلنى ئۆلتۈرىمەن دىدى. دېمەك، ھەر بىر بەگ ئۆز ئەسكەرلىرىگە ئىگە بولۇپ، ئارىدا ئىختىلاپ، بۆلۈنۈش كېلىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، تارانچىلار ئارىسىدا باياندايدا باش–باشتاقلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇنىڭ ئاخىرىسى ھالاكەت بولىدىغانلىغىنى، بۇندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇتلەق بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش كېرەكلىگىنى موللا نەسىردىن ئاخۇنلۇغۇم ھىس قىلدى ۋە مۆتىۋەر سەردارلارنى بىر يەرگە يىغىپ، چوڭ بىر مەجلىس ئېچىپ، شۇنىڭدا بەگلەرنى بىر بىرىگە دۈشمەن بولماسلىققا ئۈندەپ، قۇران سۆيۈپ، ئانت ئەتكۈزدى ۋە شۇندا مەزەمبەگنى "سۇلتان مەزەمخان" ئۇنۋانى بىلەن سۇلتانلىققا كۆتەردى. ئابدۇرۇسۇلبەگنى ئەمىر، موللا نەسىردىن ئاخۇنلۇغۇمنى قازى كالان، موللا شاۋكەتنى قازىئەسكەر قىلدى. ئەلھاسىل، بۇ مەجلىستە سۇلتاندىن تارتىپ يۈز بېشىغىچە ھەممە مەنسەپلەر بەلگىلەندى. شۇندا سۇلتان مەزەمخان ئەسكەر ھېساۋىنى دەپتەرگە چۈشەردى. شۇڭغىچە ئەسكەر سانى ئېنىق مەلۇم ئەمەس ئىدى. باشلىقسىز ئەسكەرلەر باشلىققا ئىگە بولدى. ھېلىقى باش باشتاقلىق تۈگىدى. دېمەك، غۇلجىنىڭ بىرىنچى سۇلتانى ئابدۇرۇسۇل ئەمەس، مەزەمبەگدۇر. ئابدۇرۇسۇلبەگ سۇلتان ئەمەس، بەلكى ئەمىردۇر. (ئۇ ۋاقىتلاردا ئەمىرنىڭ باش ۋە زىپىسى ئەسكەرلەرگە ئوزۇق–تۈلۈك ۋە يېمەك–ئىچمەك راسلىماق ئىدى!(

يەنە مەزەمخانىنىڭ يېقىنلىرىدىن ئىمىنخان غوجىنىڭ (ئەخمەتخان غوجا بولسا كېرەك) ئابدۇرۇسۇلبەگنى ئۆلتۈرۈشى ۋە مەزەمخانىنىڭ بۇ ئىشقا قاتنىشى بارلىغى ئىمىنىنىڭ غوجىلىق ئۇنۋانىغا كۆتىرىلگەنلىگىدىن مەلۇم بولدى..."ﻲ دىدى. بىزچە بۇمۇ خاتا.

مەلۇمدۇركى، ئابدۇرۇسۇل بەگ مەزەمخانىنى سۇلتان بولغۇسى زات دەپ بىلىپ، سۇلتان بولۇشىغا كۆرۈنۈشىدە

رازى بولسىمۇ، ئىچىدىن، ئەلۋەتتە، نارازى ئىدى. ئىمىنخان غوجا (ئەخمەت خان غوجىمۇ؟) ھەممىشەم ئۆچ ئېلىش قەستىدە ئىدى. دېمەك، ئەخمەت خان غوجىمۇ ئۇنىڭ قەستىدە ئىدى. كۈن

64

لەرنىڭ بىرىدە ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ خىتاي ۋالىسىغا (جاڭجۇڭغا يوشۇرۇن خەت ئەۋەتكەنلىگى توغرىلىق خەۋەر تارقالدى. (ئېھتىمال، بۇ خەۋەرنى دۈشمەنلەر چىقارغاندۇر). غوجىمۇ ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، خەلقنى ئابدۇرۇسۇل ئەمىرگە قارشى قۇتۇرتۇشقا باشلىدى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا بىر توپ مۇھاپىزەتچىلەرنى باشلاپ بېرىپ بارگاھتا كېچىدە ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى بىر قانچە سەپداشلىرى بىلەن ئۆلتۈردى. بۇنىڭغا ئەسكەرلەر ئارىسىدا غوغا كۆتۈرۈلدى. سۇلتان مەزەمخانمۇ ساقچى ئەسكەرلىرى سايىسىدا جېنىنى ئۆلۈم پەنجىسىدىن قۇتۇلدۇردى.

بۇنىڭ بىلەن ئەخمەت خان غوجا (ئىمىنخان غوجا) تەرەپدارلىرى ئاشتى. دەرىجىسى ياخشى كۆتۈرۈلدى. ئاڭغىچە ئەخمەت خان غوجىغا پوچى مەھمۇت (گىرەي غوجا) ئىسىملىك بىرى كېلىپ قوشۇلدى. ئەلھاسىل، بۇ ئىككى غوجا، سۇلتان مەزەمخانغا باش ئەگمەس بولدى. مەزەمخان بۇ غوجىلارنىڭ پۈتۈنلەي يالغانچى كىشىلەر ئىكەنلىگىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، بۇنى تىڭشىغۇچى بولمىدى. چۈنكى تارانچىلار بۇ غوجىلارغا ئۇلارنىڭ ئابروينى دەپ چاپلاشتى. بىر كۈنى بۇ ئىككى "سەئىد" كۆپ ئەسكەرلەرنى باشلاپ بېرىپ، سۇلتان ئەمرى بىلەن قامالغان موللا نەسىردىن ئاخۇننى ئۆز ئىختىيارى بىلەن بوشاتتى. (بۇ كىشى بىلەن بارلىق مەھبۇسلارنى ھەم بوشاتتى). ئاما بۇ ئاخۇن جانابلىرىنى ئەينى شۇ كۈنلا زىندان ساقچىلىرى تەرىپىدىن بىرسىگە ئۆلتۈرۈش تاپشۇرۇغى بېرىلىپ قەتىل قىلىندى. بۇنى بانە قىلىپ غوجىلار سۇلتان مەزەمخاننىڭ چېدىرىنى ئوققا تۇتتى. ئاڭغىچە سۇلتاننىڭ ساقچى ئەسكەرلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ سوقۇشسىمۇ، كېيىن ئارقىغا چېكىندى ۋە شۇندا سۇلتان ئۆلتۈرۈلدى. دېمەك، ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنى ئەخمەتخان غوجا ئۆلتۈردى. گىرەي غوجا بىلەن بىرلىشىپ، مەزەمخاننى ئۆلتۈردى. ئەندى ئويلاپ قاراڭلار: مەزەمخاننىڭ ئابدۇرۇسۇل ئەمىرنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە قانداق قاتنىشى بار؟ "شۇرادا" "گىرەي غوجىنىڭ پۇتىغا ئوق تەككەن، بۇنى نېمە ئۈچۈندۇر گىرەي غوجا خەلققە بىلدۈرۈشنى خالىمىدى"،ې دېگەن سۆز بار. بۇ ئوق مەزەمخاننىڭ ساقچى ئەسكەرلىرى بىلەن ئېتىش ۋاقتىدا تەككەن. "گىرەي غوجا بۇنى خەلققە بىلدۈرمەسلىككە تىرى

65

شىپ، يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنى ساتراشلىرى ئۆلتۈردى دېيىشتى. "غوجىغا ئوق تەگدى "دېگەن خەۋەر چىقىشى بىلەن خەلقنىڭ يەنە مەزەمخان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشىدىن قورققانلىقتىندۇر (ئۇنىڭمۇ ئۆلۈشى شۈبھىسىز ئىدى). گىرەي غوجا مەزەم خاننى ئۆلتۈرۈشى بىلەن ئۆزىنى سۇلتان دەپ ئېلان قىلدى. خەلق بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتمەي، بەلكى چوڭ تەنتەنە بىلەن قوبۇل قىلدى. بۇنىڭ سۇلتان بولۇشى بىلەنلا باشلاپ قىلغان ئىشى كونا بەگلەرنى ئۆلتۈرۈش بولدى. بۇ نىڭدا ئەمىر بىلەن يۈزلىگەن بەگلەرنىڭ باشلىرى ئېلىندى. يالغۇز مەزەمخاننىڭ ساقچى باشلىغى بولغان ئەلاخاننىڭ ئۆلۈم جازاسى كەچۈرۈم بولۇپ، تۈرمىگە قامالدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي گىرەي غوجا مەزەمخان تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۇلار مەزەمخاننىڭ ساقچى باشلىغى ئەلاخاننى سۇلتانلىققا سايلىماق بولۇپ تۈرمىدىن چىقاردى. ئاما بۇ ئارىدا موللا شاۋكەت سۇلتانلىقنى تالاشقانلىقتىن، خەلقنىڭ كۆپىرەگى موللا شاۋكەت تەرىپىگە ئالدى ئۆتتى ۋە ئۇنى سۇلتانلىققا كۆتەردى. بۇ ۋاقىتتا ئەخمەت غوجا تۇڭگانلار ئارىسىغا كىرىپ ئىلتىجا قىلدى. موللا شاۋكەت سۇلتان بولۇشى بىلەن ئەمىر، قازى ۋە ئىلىك مەنسەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىردىن يوق قىلدى ۋە قەشقەر ۋىلايىتىگە ئەلچى ئەۋەتتى. لېكىن ئەلچىلەرنى يولدا قالماقلار ئۆلتۈردى. بۇ ئارىدا توققۇزتارانى قالماق چېپىپ كەتتى. بۇ يېزا ئىلى سۇيىگە يېقىن بولغانلىقتىن بالا–چاقا ھەممىسى ئۆزلىرىنى سۇغا تاشلاپ غەرق بولدى. دېمەك، بۇندا بىر تۈمەن (10 مىڭ) جان

ھالاك بولدى (موللا بىلال تارىخىدىن.(

قىش چىقىشى بىلەن يەنە قالماقلار كېلەرمىش دېگەن خەۋەر چىقتى. ئىلگىرى زەرداپ يېگەن خەلق سەرسان بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالدى. ئاخىرىدا ئۇلار يۇقارقى ئەلاخاننى سەر ئەسكەر قىلىپ تەيىنلەشنى سۇلتاندىن تەلەپ قىلدى. سۇلتان قوبۇل كۆرۈپ، ئەلاخاننى سەر ئەسكەر (قوماندان) قىلىپ تەيىن ئەتتى ۋە ئەلاخان سەر ئەسكەر بولۇشى بىلەن ئۆزىگە تەرەپدار توپلاشقا باشلىدى. كۆپ ئۆتمەي بۇنىڭ تەرەپدارلىرى كۆپىيىپ كەتتى. موللا شاۋكەتنىڭ سۇلتان بولۇشىغا قارشىلىق ۋە نارازىلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاخىرىدا موللا شاۋ

66

كەت قالدۇرۇلۇپ، ئەلاخان سۇلتانلىققا كۆتۈرۈلدى. (قاراڭلار، قانداق بۈيۈك ئۇنۋان، قانداق بۈيۈك مەنسەپ؟). ئارۋستەڭ موللىسى شەمشىدىن ئاخۇن قازى ئەسكەر بولۇپ تەيىنلەندى. بۇ ۋاقىت موللا شاۋكەتمۇ تۇڭگانلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتتى، ئەخمەت غوجىغا قوشۇلدى ۋە بۇلار تۇڭگانلارنى ئىختىلال چىقىرىشقا قۇترىتىپ ئىختىلال چىقاردى. سۇلتان تۇڭگانلارنىڭ سەردارى ياگۇردىن مەزكۇر ئىختىلال باشلىغى بولغان ئىككى زاتنى تۇتۇپ، تەسلىم ئەتمەك نى تەلەپ قىلدى. ياگۇر سۇلتاننىڭ سۆزىنى ئېتىۋارغا ئالماي، سۇلتان تەرىپىدىن بارغان كىشلەرنى ئۆلتۈردى. بۇ ئىشقا ئاچچىغى كەلگەن تارانچى ئەسكەرلىرىنىڭ سەردارى تۇڭگانلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ياگۇرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسيان چىقارغۇچىلارنى جازالىدى. ئاخىرىدا تۇڭگانلار موللا شاۋكەت ئاخۇن بىلەن ئەخمەتخان گوجىنى تۇتۇپ بېرىپ، تەسلىم بولدى. ئەخمەتخان غوجا سۇلتاننىڭ ئەمرى بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلدى.

موللا شاۋكەت تىرىك بويىچە تاغارغا سېلىنىپ ئىلى سۈيىگە تاشلاپ غەرق قىلىندى. ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا شۇندىن كېيىن سۇلتان ئالماشماي، مەزەمخاننىڭ ساقچى باشلىغى ئەلاخان سۇلتان بىلەن تامام بولمىشتۇر، ۋەسسالام.

غالجاتلىق ن. ئابدۇسېمەتوۋ (ئۇيغۇر بالىسى(

چىنى تۈركىستان سارتلىرىنىڭ مىللىي تارىخى ھەققىدە

بىر رىجە

"ئەۋلادلىرىمىزنى، ئىنسان، بىل خەلققە خىزمىتىدىن،

ھەر ۋەتىنىمدە مەزلۇم ئەل ئاھ چەكمەس ئاھانىتىدىن."

مىللىي تارىخنى بىلىش، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئاتا—بوۋىلىرىنى تونۇشى، ئۇرۇق—تۇققان ۋە قېرىنداشلىرىنى ھەممە ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى تۇرلۇك ئەھۋاللىرىنى، يەنى ئۆرپ—ئادەتلىرىنى، ئىلىم—مائارىپ، ھۈنەر—سانائەتلىرىنى ۋە سودا—ئالاقىلىرىنىڭ، قانداق ۋە قايسى دەرىجىدە بولغان

67

لىغىنى، دۇنيا مەئىشەتلىرىدە قانداق يول بىلەن يۈرگەنلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ يۈرگەن يوللىرىنىڭ ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ خەلقلەرنى بەخت—سائادەتكە چىقارغانلىغىنى ياكى، ئەكسىنچە، پالاكەتكە دۇچار قىلغانلىغىنى، كىملەر بىلەن دوست ۋە كىملەر بىلەن دۇشمەن بولغانلىغىنى بىلىشى مۇتلەق زۆرۈر بىر ئىشتۇر. شۇنىڭدىندۇركى، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ يەتتە ياشلىق بالىسىدىن يەتمىش ياشلىق قېرىلىرىغىچە ۋە ھەمجىسى "مىللىي تارىخنى‍ېبىلدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ. ئەھۋال شۇكى، بىزنىڭ بالا—چاقا ۋە ئاۋام خەلقىمىز تۇرماق غوجىلىرىمىزمۇ، مۆتىۋەر ئادەملىرىمىزمۇ تارىخنى بىلمەيدۇ. (ئەلۋەتتە، ھۆكۈم ئەكسىگەدۇر). "بۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟"ېي دېگەن سوئالغا: "بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز تارىخىمىزنى يازمىغان، يازغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا

ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىكتىن ئۇمۇ ئۆز–ئۆزىدىن يوقىلىپ كەتكەن. بىزلەر بولساق ئەمدى تارىخىمىزنى يورۇققا چىقارماقچىمىز. تارىخسىز مىللەت بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ تارىخىمىزمۇ يورۇققا چىقىپ (تەدۋىن قىلىنىپ) قالغان بولار ئىدى. بىزمۇ باشقىلار ئوخشاش بىلەر ئىدۇق"،ېي دەپ جاۋاب بەرگۈچىلەرنىڭ بولۇشى تەبىئىيدۇر. بۇلارمۇ داۋالىرىدا بىر ئاز ھەقلىق كۆرۈنىدۇ. چۈنكى تارىخنى تەدۋىن ئېتىشتىن مەقسەت شۇكى، قاراڭغۇلۇقتا قالغان بىر قەۋمنىڭ ئۈستىگە كېيىنكىلىرىمۇ نادان بولسا، ئۇ ئەلنىڭ ئۆتۈقلىرى ھەققىدە بىرەر نەرسە بىلمەك بەك قىيىن ئىدىكى، ھەر كىم ھەر خىل چۈشىنەتتى. ئاما ھىممەتلىرىگە رەخمەت. بىز تۈركلەرنىڭ تارىخى مەجھۇل بويىچە قالمىدى. كېيىنرەك بولسىمۇ بىر نەچچە مۆھتەرەم ئەھلىلەرنىڭ غەيرەت، ئىجتىھادى سايىسىدا يېزىلدى ۋە تەدۋىن ئېتىلدى. ئاما بۇنى يەنە تۈركىي خەلقلەر ئېلىنىڭ تارىخى تولۇق تەدۋىن ئېتىلدى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى چىنى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ سانى بىر نەچچە مىلىئون دەپ ھېساپلانغان تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى ھامان يورۇتۇلمىغاندۇر. بۇ ھەقتە "شۇرا" سەھىپلىرىدىكى ماقالىلارنىڭ كۆپايە قىلالماسلىغى ئېنىق گەپ. ئايرىم ھالدا يېزىلغان كىتاپلاردىمۇ بېرىلگەن مەلۇمات جىق ئەمەس. ھەتتا بۇ ھەقتە بۇريات، تۇڭغۇسلار ھەققىدە بىر قەدەر مەلۇمات بېرىلگەن. ئاما چىنى تۈركىستان بىلەن

68

رۇسىيە تۈركىستانىدا بولغان تارانچى تۈركلىرى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ سۆز يېزىلمىغان. بۇنىڭغا بولسا دەيدىغان، ئەلۋەتتە، بىر ئېغىزمۇ سۆزىمىز يوق. چۈنكى بىزنىڭ ئەسلى مەخسىتىمىز مىللىي تارىخنى، يەنى چىنى تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تارىخنى بىلىش ئىدى. بىز بۇ توغرىسىدا مۆھتەرەم "شۇرا" سەھىپسىگە مۇراجىئەت ئېتىپ، چىنى تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تارىخلىرىنى ۋە قەشقەردە ھۆكۈمەتنى باشقۇرغان خانلارنىڭ تەرجىمە ھاللىرىنى "شۇرادا" يېزىشنى ئۆتۈنۈش قىلاتتۇق. "شۇرا" بولسا (4–توم 11–ساندا) ئۆز تەرىپىدىن بۇ توغرىسىدا قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە خىزمەتتە بولىدىغانلىغىنى بىل دۈرۈش بىلەن باراۋەر، تارىخى تەدۋىن ئېتىلمىگەن بىر قەۋم ھەققىدە چەتتىن تۇرۇپ مەلۇمات بەرمەك مۈشكۈل بولغانلىغىنىمۇ بىزگە خەۋەر قىلدى. بىز ئاۋال چىنى تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ تارىخنى يازماقچى مۆھتەرەم "شۇرا" مەجمۇئەسىدىن خۇسۇسىي سۈرەتتە ئىلتىماس ئەتكەن بولساقمۇ، ئەمدى ئۇمۇمىي مىللىي تارىخىمىزنى بىلگەن مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىزدىن ئىلتىماس ئەتمەكچىمىز. بۇ مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىز ھەر ھالدا بىلگەنلىرىنى ئايىماي "شۇرا" جۇرنالىغا يېزىپ، بىزنى خۇرسەنت قىلسۇنلەر. تارىخنى يېزىشنى ئۆتۈنۈش قىلغىنىمىز چىنى تۈركىستاندا ھازىر 30 مىلىئوندىن ئارتۇق تۈركىي مىللەتلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپرەك ئىشلىرىنى، ئۆرپ–ئادەتلىرىنى دىنىي رەئىس بولغان (روھانىي) ئەلەم ئاخۇن باشقۇرماقتا. بۇ ئەلەم ئاخۇن ھەر ئىشنى توغرىدىن–توغرا مۇھەممەت شەرىئەتنىڭ قانۇنى بويىچە باشقۇرىدۇ. ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى ئەلەم ئاخۇننىڭ ھېچ بىر ئىشىغا قارشىلىق قىلماي، بەلكى ياردەملىشىدۇ. بۇ يەردە جەمىيەت ۋە كېڭەش مەجلىسى ئوخشاشلارنى ئېچىش مۇسۇلمانلارغا تامام ئەركىنلىك بولۇپ، بۇنىڭغا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ھېچ مەنىي يوقتۇر. زاتەن غالىپ مەدەنىي ياۋروپا مەملىكەتلىرىنىڭ ھېچ بىرسىمۇ مۇسۇلمانلارغا بۇ قاتارلىق ئەركىنلىك بېرەلمىگەن، ئاما نېمە چارە، مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنالمىدى. چۈنكى ئاھالىنىڭ ئەكسەرىي

1ئە ل ئە م ئاخۇن ىي مۇفتى ياكى شەيخۇل ئىسلام دېگەن سۆز.

69

كۆپچىلىگى نادان بولۇپ، مەدەنىيەت دۇنياسىدا مەۋجۇت مۇسۇلمان خەلقىنىڭ ئارقىدا قالغانلىرىدىندۇر. سەۋەۋى نېمە؟ چۈنكى مىللەتنىڭ پىكىر ۋە مەلۇماتىنى، ئاڭ–سەۋيەسىنى ۋە ئەقىل–ئىدرەكلىرىنى

يېتىشتۈرگىدەك مەكتەپ ۋە مەتبۇئات بۇلاردا يوق. شۇنچىلىك ھالدىكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا خىتاي ھۆكۈمىتى بۇلارنىڭ ئىچىدە شۆتاڭ (باشلانغۇچ مەكتەپ) ئېچىشقا باشلىغان بولسىمۇ، مەكتەپلەر ئاھالىغا قارىغاندا بەك ئاز بولۇپ، يەنە ئۇ مەكتەپ خىتاي تىلىدا. ئەلۋەتتە، بۇ مەكتەپلەردىن مۇسۇلمانلارغا ئانچە پايدا تەگمەيدۇ. مۇنداق ئۇلۇق بىر مىللەتتە مىڭلارچە مۇنتەزىم باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر نەچچە مىللىي گېزىت ۋە مەتبۇئاتلار يوقلىغى ھەجەپلىنەرلىك بىر ھالدۇر. بۇ رىجانى مىللىي گېزىتلىرىمىزنىڭ كۆچۈرۈپ يازماقلىرىنى ئۆتۈنىمىز.

"شۇرا"نىڭ 1911–يىلى 20–سانىدا

چىنى تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرى

چىنى تۈركىستاندا 1863–يىلى كۇچار غوجىلىرى ۋە ئاتىلىق غازى ئاتالمىش ياقۇپبەگ ئىجتىھادى بىلەن مۇستەقىل بىر ئۇيغۇر خانلىغى ۋۇجۇتقا كېلىپ، 1876–يىلى مۇنقەرز بولغان ئىدى. شۇ ئۇيغۇر خانلىغىنىڭ 14 يىللىق تارىخىي ماجرالىرىنى چىنى تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ كېيىنكىلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخلىرىدىن ئىلغاپ بىر مەجمۇئە قىلىپ، "شۇرا" جۇرنالىغا بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتىم. "شۇرا"نىڭ" 4–تومدىكى ۋەدىسىگە بىنائەن بېسىپ چىقىرىشنى ئۆتۈنىمەن. 1862–يىلغا يەتكەندە خىتاينىڭ ئىچكى ۋىلايەتلىرىدىكى تۇڭگان تائىپىلىرى ئىختىلال چىقىرىپ، خىتايلارنى يېڭىشكە باشلى دى، ئۇنى ئاڭلاپ، شۇنىڭغا ئاچچىق قىلىپ، چىنى تۈركىستاندىكى خىتايلار مۇسۇلمانلارنى باشقىچە قاتتىق ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە تۇڭگانلاردىن بىر نەچچە يۈز جاننى ئاۋام خەلق كۆزىچە

70

مەيداندا چاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىدىمۇ ھۆكۈمەتكە قارشى نەپرەت ھىسسى ئويغاندى. مۇسۇلمانلار ئومۇمەن ھۆكۈمەتكە قارشى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاۋال كۇچار مۇسۇلمانلىرى 1863– يىلى مۇھەررەمنىڭ بىرىدە كېچىلەپ ئىسيان باشلاپ، شەھەر مەھكىمىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈردى. ئۇلار شۇ كېچىدە خېلى جىق خىتايلارنى قىردى. ئەتىسى پاراكەندە خىتايلار بىر يەرگە يىغىلىپ، قارشى چىقىپ، سوقۇشۇپ كۆردى. ئاخىرىدا چېكىندى. بۇندىن كېيىن كۇچار ئەتراپى ئىختىلالچىلار تەرىپىدىن زەبت قىلىندى. بۇ ئىختىلال خىتايلارنىڭ ۋەھشىلىگىگە قارشى يۈز بەرگەنلىكتىن، باشلىقسىز باشلانغان ئىدى. ئەمدى ئىختىلالچىلار بولسا، جىددىي سۈرەتتە ئىش تۇتماق ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە بىر باشچى ئادەم كېرەكلىگىنى ھىس قىلدى. شۇندىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولغان بەگلەرگە مۇراجىئەت ئېتىپ، ئۆزلىرىگە باشچى بولۇپ بېرىشنى تەلەپ ئەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچ بىرى تەلەپنى قوبۇل قىلمىدى. ھەر قايسىسى چىن خاقانى بىلەن سوقۇشۇش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەسلىگىنى ئوچۇق ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىختىلالچىلار خەلق ئىچىدىن سۈرۈشتۈرۈپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان راشىدىنغوجا ئىسىملىك بىرىنى خان دەرىجىسىگە كۆتىرىپ، ئۆزلىرىگە باشچى قىلدى ۋە شۇ ۋاقىتتا ئىختىلالچىلار مەزكۇر بەگلەرنىڭ بارچە ماللىرىنى تالاپ ئالدى. راشىدىنغوجا خان بولۇشى بىلەن، بۇرھانىدىنغوجا ئىسىملىك بىرىنىڭ قوماندانلىغىدا 200گە يېقىن ئەسكەرنى 8 توپ بىلەن سايرام تەرەپكە ئەۋەتتى. ئۇندىن ئەسكەر يىغىپ، ئاقسۇغا بېرىشقا بۇيرۇق بەردى. بۇرھانىدىن غوجا سايرامغا داخىل بولۇشى بىلەن ھەممە خەلق ئىتائەت قىلدى. شۇندىن بىر توپ ئەسكەر تەركىپ ئېتىپ، ئىلى يولىدىكى مۇزداۋانغا ئەۋەتتى. ئۆزى باي، سايرام، ياقائېرىقلاردىن ئىككى مىڭغا يېقىن ئەسكەر يىغىپ، ئاقسۇغا يۈردى. بۇلار قارايۇلغۇنغا بېرىپ ياتتى. بۇ ۋاقىت جام شەھىرىدىكى خىتايلار بىلەن ئاقسۇ ھاكىمى سېيىتبەگ بىرىكىپ، بۇلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. بۇرھانىددىننىڭ ئەسكىرى بىت–چىت بولۇپ، ئالدى–ئالدىغا قېچىپ

71

تارقالدى.

سېيتبەگ بۇلارنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ قوغلىغان بولسىمۇ ئارقىسىدىن جامنى كۇچارنىڭ ئىككىنچى پىرقە ئەسكىرى ئالدى دېگەن خەۋەر كېلىپ، يېنىپ كەتتى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ سوقۇشتا بۇرھانىدىن ئەسكىرىدىن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇغراغى ھالاك بولدى.

جامنى ئالغان ئىككىنچى پىرقە ئەسكەر ئىكەن، سېيتبەگ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قىردۇردى. بۇندىن بىر قانچە ۋاقىت كېيىن بۇرھانىدىن غوجا بىر چوڭ توپ ئەسكەر يىغىپ، ئاقسۇنى زەبت ئەتمەك قەستى بىلەن يولغا چىققان ئىدى. يولدا قەشقەردىن غۇلجىغا ئېلىپ ماڭغان غەزىنە مېلىغا يولۇقۇپ، ھەممىسىنى غېنىمەت ئەتتى. (ئۇ ۋاقىتلاردا قەشقەر سېلىقنى غۇلجىغا تۆلەتتى). شۇ ئورۇندا 20 كۈن مىقدارى تۇرۇپ، ئاندىن ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇلار پات ۋاقىت ئىچىدە ئاقسۇغا بېرىۋالدى.

ھاكىم سېيتبەگ قاچتى. بۇ كۇچار ئىختىلالى توغرىلىق خەۋەر ئىلى جاڭجۇڭغا يېتىپ ئۇ خىتايلارغا ياردەمگە 10 مىڭ مىقدارى چېرىك ئەۋەتسىمۇ، مۇزداۋاننى كۇچار ئەسكەرلىرى توساپ ئۈتكەزمىدى. شۇندا 2 ئاي مىقدارى تۇرۇپ قايتتى. (بۇندىن كېيىن ئىلدا تارانچى ئىختىلالى باشلىنىپ، 2قېتىم خىتايلار ياردەمگە كىشى ئەۋەتەلمىدى.(

شۇنىڭدىن كېيىن بۇرھانىدىن غوجا 16 توپ، 600 مىقدارى ئەسكەر بىلەن ئۈچتۇرپانغا يوللاندى. بۇرھانىدىن ئەسكىرى ئاچاتاغ دېگەن يەرگە يەتكەندە ئۇنىڭغا ئۈچتۇرپان ھاكىمى توختىبەگ ئىسمىلىك بىر كىشى بىر پىرقە ئەسكەر بىلەن قوشۇلدى. بۇنى خىتايلار قاراۋۇل ھېساۋىدا قويغان ئىكەن. غوجا شەھەرگە يېتىشى بىلەن خەلقنىڭ ھەممىسى قوشۇلدى. خىتايلار ناھايىتى قاتتىق قارشى تۇرۇپ سوقۇشتى ۋە ئاخىرىدا شەھەرگە كىرىپ بېكىندى ۋە شەھەرمۇ مۇھاسىرىگە ئېلىندى. بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن كىمدۇ بىرى شەھەر ئىچىدىكى پوروخ ئامبىرىغا ئوت قويدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر ۋەيرانە بىر ھالغا كەلدى. شەھەر ئېلىندى. بۇر ھانىدىن غوجا 3 ئاي بۇ يەردە تۇردى. بۇ ۋاقىتتا قەشقەردىن قىپچاق سادىقبەگ ئۆلدى دېگەن خەۋەر كېلىپ، بۇرھانىدىن غوجا 3500 ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە ماڭدى. قەشقەر چېتىگە يېتىشى بىلەن سادىقبەگ ئەسكىرىگە يولۇقۇپ، ئوتتۇرىدا ئېتىششلار بولۇپ، ئىككى تەرەپتىن خېلى چىقىملار بولدى.

72

ئاخىرىدا سادىقبەگ رازىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى شەھەرگە ئېلىپ كىردى. بۇندا سادىقبەگ بىلەن غوجا ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم تۈزۈلدى. كېلىشىم بويىچە غوجىنىڭ قەشقەرگە تەئەررۇز قىلماسلىغى شەرت قىلىندى. بۇندىن كېيىن غوجا ئاقسۇ تەرەپكە قايتتى. ئامما سادىقبەگ غوجىنىڭ يەقىن ئارىدا يەنە بېسىپ كېلىشىدىن قورقۇپ، قوقەند خانىدىن ياردەم سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇ ۋاقىتتا قوقەند خانى مەشھۇر خۇدىيارخان بولسىمۇ، مەملىكەت ئىشلىرىنىڭ كۆپەرەگى قىرغىز" ئالىمقۇلنىڭ قولىدا ئىدى.

سادىقبەگنىڭ ياردەم سورىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى. ئالىمقۇل بولسا بىر نەچچە تۆرىلەر بىلەن 200گە يېقىن كىشى ئەۋەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئىلگىرى قوقەند ھۆكۈمىتى خوۋۇپلىنىپ قولغا ئالماق بولغاندا بۇخارا ئۈلكىسىگە قېچىپ كەتكەن ياقۇپبەگ ئىسمىلىك ئادەم (ئەسلى تاشكەنتلىك) يەنە بۇخارادىن قېچىپ، قوقەند ئۈلكىسىگە كىرگەن ئىدى. بۇ كىشى قىرغىز ئالىمقۇلنىڭ يېقىن دوستى ۋە تونۇشلىرىدىن ئىدى. بۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىنى ئاڭلاش بىلەن ئالىمقۇل ئۇنى دەرھال چاقىرتىۋالدى. ئۇ ياقۇپبەككە بۇندا تۇرىدىغان بولسا ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدىغانلىغىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتلەق كېتىشى كېرەك ئىكەنلىگىنى ئۇقتۇردى. تۈركىستان چىنى تۈركلىرىنىڭ خىتايلارنى يېڭىۋاتقانلىغىنى، قوقەند خانىدىن ياردەم سورىغىنىنى ۋە ئۆزى تەرىپىدىن كىشى ئەۋەتكەنلىگىنى، ئەگەردە شۇ ياققا بېرىشنى خالىسا، ئەۋەتىلگەن كىشىلەرگە قوش بېگى قىلىپ تەيىنلەپ، خەت

بىلەن ئەۋەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بۇ سۆزلەر بىزنىڭ ياقۇپبەگكە ناھايىتى خۇش يېقىپ، مەزكۇر خەت بىلەن ماڭدى، تۆرىلەرگە قەشقەر سىرتىدا يېتىپ، ۋەقەنى ئېيتتى. تۆرىلەرگە ھەم خوپ بولۇپ، ھەممىسى بىرلىكتە قەشقەرگە ماڭدى. سادىق بەگ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. بۇلار ئېھتىرام بىلەن قەشقەرگە داخىل بولدى. بۇ يەردە ياقۇپبەگ بىر نەچچە كۈن تىنچ تۇردى. ئاخىرىدا قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ئۆزلىرىگە قىرغىز ھاكىملىقىنى خالىمايدى غانلىقىنى ئەرزە قىلىپ، ئۆزلىرىدىن بىرىنىڭ ھاكىم بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. ياقۇپبەگمۇ ماقۇل كۆرۈپ، قىرغىزلارنى قەشقەردىن چىقىرىشقا تەييارلاندى ۋە سوقۇشۇپ، سادىقبەگنى قەشقەردىن چىقاردى. مانا ئەندى ”ئاتىلىق

73

غازى“، ”بەدەۋلەت“، ”قوشبېگى“ ئاتالمىش مەشھۇر ياقۇپ بەگنىڭ دەۋرى باشلاندى.

ئەمدى كۇچار خانلىرىغا كېلەيلى. بۇرھاندىن غوجا قەشقەردىن قايتىپ ئاز زامان ئۆتكەندىن كېيىن 6000 ئەسكەر بىلەن ياركەنتنى ئېلىشقا راۋان بولدى. يولدا مارالبېشى سوقۇشسىز غوجىغا تەۋە بولدى. بۇ يەردىن ئۇ ياركەنتكە راۋان بولدى. ياركەنت مۇسۇلمانلىرى خىتايلارغا قارشى قانچىلىك ئىسيان چىقارغان بولسىمۇ، يېڭەلمىگەنىدى. بۇ ۋاقىتتا غوجا ئۇستىگە ئاتالىق غازى قەشقەردىن ئۆز قوشۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە خىتايلار بىر ياقتا قېلىپ، ئىككى مۇسۇلمان قوشۇنى سوقۇشتى. ئاخىرىدا ”ئاتىلىق غازى ئەسكەرللىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. شەھەر غوجا تەرىپىدىن مۇھاسىرىگە ئېلىندى. 8 ئايدىن كېيىن غوجا شەھەرگە كىردى. شۇندىن كېيىن غوجا ياركەنتتە كۆپ تۇرالمىدى، سەۋەبى ئۇ يەردىكى تۇڭگانلار، تۇركلەرگە قارىغاندا سان بويىچە ئارتۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر ئىشىغا، ھەرىكەتلىرىگە توسالغۇ بولۇپ، كېلىشمەسلىك قىلىپ، تىنچلىق بەرمىدى. غوجا كۇچارغا قايتىپ، قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ياز چىققاندا 26 مىڭ ئەسكەر بىلەن يەنە ياركەنتكە يۈرۈش قىلدى. مەخسەت ېئۇ شەھەردىكى مەزكۇر تۇڭگانلار بىلەن قوقەندىن كەلگەن ”ئاتىلىق غازىغا“ زەربە بەرمەك ئىدى. غوجا ئەسكىرى ياركەنتكە يېقىنلىشىشى بىلەن تۇڭگان–تۈرك بىرىكىپ، ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ئەسكەرلەرمۇ دۈڭگى– داراس، تەنتەنە بىلەن شەھەرگە كىردى. غوجا ئەمدى قەش

قەرگە بارماق بولۇپ، يەرلىك خەلقتىن ئەسكەر يىغدى. كۆپ ئۆتمەي ئەسكەر سانى 70 مىڭغا يەتتى. غوجا بۇنىڭ بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلدى. بۇلار يېڭىسار يېزىسىغا يەتكەندە ئاتالىق غازى ئەسكىرىگە يولۇقۇپ، سوقۇش باشلاندى. ئۇزۇندىن–ئۇزۇن سوقۇشقاندىن كېيىن غوجا كېيىن چېكىندى ۋە قاچتى، ئاما تۇڭگانلار پىرقىسى كېچىچە سوقۇشتى. ئاخىرىدا ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئەلچى بېرىپ، بۇلارنى سوقۇشۇشتىن توختاتتى. بۇ قېتىم بۇرھاندىن غوجا روھسىزلىنىپ، قۇچارغا قايتتى. قۇچاردا ئاز ۋاقىتنى تىنچ ئۆتكۈزدى. بۇ ئارىدا ئۇچتۇرپان خەلقى ھۆكۈمەتتىن باش تارتىپ، ئۆزلىرىدىن خان سايلىدى. بۇرھاندىن غوجا ئەسكەر بىلەن ئىسيانىنى

74

باستى. يېڭى خانىنى ئەسىرگە ئېلىپ، 2 مىڭغا يېقىن ئادەمنى قىردۇردى. ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، پۈتكۈل تۈركىستاندا ئىختىلال ھۆكۈم سۈرۈپ، ھەر يەردە خىتاي تائىپىسى يېڭىلىپ، ھەر جايدا بىر خان ئولتىراتتى. بۇ ۋاقىتلاردا كۇچار ئەسكىرى ئاتالىق غازىدىن مەغلۇپ بولغانلىقتىن راشىدىن غوجا قەشقەرنى تەسخىر ئېتىشتىن ۋاز كېچىپ، شەرق شەھەرلىرىگە ئەسكەر ئەۋەتمەكنى قارار قىلدى. توختىبەگ قوماندانلىقىدا بىر–ئىككى پولك ئەسكەرنى تۇرپان، قاراشەھەرگە ئەۋەتتى. بۇلار قاراشەھەرگە يېتىشكە بىر ئاز مۇساپە قالغاندا 18 مىڭچە خىتاي چېرىگىگە– يولۇقۇپ، سوقۇش ئاچتى. ئاخىرىدا خىتاي چېرىكلىرى يېڭىلىپ قاچتى.

بۇ ئەسنادا 2 يولۇۋچى خىتاي قولىغا چۈشتى. بۇلارنىڭ، يېنىدىن 3 كۈن ئىچىدە 20 مىڭ چېرىك ياردەمگە

كېلىدىغانلىقى يېزىلغان بىر خەت تېپىلدى. بۇنى بىلگەن ھەممىسى سوقۇشقا تەييارلاندى. دېگەن كۈندە مەزكۇر چېرىكلەر كېلىپ يەتتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى ۋە ئۈ 3 كۈن، 3 تۈنگە سوزۇلدى. ئاخىرىدا خىتايلار قاچتى. ئامما بۇلاردىن تىرىك قالغانلىرى ساناقلىقلا بولدى. مۇسۇلمانلاردىن ھەم بىر توپى شېھىت بولدى. ئىسلام ئەسكىرى سوقۇشتىن بوشاپ، يېڭىلا ئەس-ھوشىنى يىغىپ ئولتارغان ئىكەن، قاراشەھەر تەرەپتىن نۇرغۇنلىغان خىتاي چېرىكلىرى كېلىۋاتىدۇ دېگەن خەۋەرنى بەردى. ئىسلام ئەسكەرلىرى ھامان ھېرىپ-ئېچىپ، تەييارلىنىشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا خىتايلار يېتىپ كېلىپ، سوقۇش قىزىپ كەتكەندە، خىتايلارنىڭ بىر نەچچە تۆگىدىكى ئوق-دورىلىرىغا ئوت كەتتى. بۇنىڭ بىلەن خىتايلار يەنە قاچتى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىغان ئىسلام ئەسكىرى قاراشەھەرگە يەتتى. خىتايلار شەھەرگە بېقىندى، شەھەر بىر نەچچە كۈنلۈك مۇھاسىرىدىن كېيىن ئېلىندى. بۇندىن كېيىن بۇ چېرىكلەر تۇرپان شەھرىگە يۈردى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن تۇرپانغا يەتتى. بۇندىن ئىلگىرى تۇرپان ئۇيغۇرلىرى خىتايلار بىلەن بىر نەچچە قېتىم سوقۇشقان بولسىمۇ، يېڭەلمىگەن ئىكەن. بۇلار كېلىشى بىلەن خىتايلار قېچىپ، شەھەر ئىچىگە كىرىپ بېكىندى. شەھەر كۇچار ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن مۇھاسىرە قىلىندى. بۇ ئەسنادا ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرىدىن ياردەم سوراپ

75

مەخسۇس كىشىلەر كەلدى. بۇنىڭغا بولسا، تۇڭگان مانۇر خەلپە قوماندىسى بىلەن 2000 چېرىك ئەۋەتىلدى. بۇ چېرىك ئۈرۈمچىگە يېتىشى بىلەن ئەتراپىدىكى شەھەر ۋە يېزىلارنىڭ ھەممىسى ئېلىندى. ئامما تۇرپان 4 ئاي مىقدارى مۇھا سىرىدە قالدى. خىتايلار بۇندا ئوبدان ھالسىزلانغاندىن كېيىن ئەلچى چىقىرىپ، پېكىن تەرەپكە يول بېرىلسە، ھەممە قۇرال-جابدۇق، ئەسلىھەلىرىنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

ئۇيغۇر قوماندانى بۇنىڭغا رازى بولدى. شۇنىڭغا بىنائەن بارچە خىتاي شەھەرنى تاشلاپ، يولغا چىقتى. نېمە ئۈچۈندۇر سەر ئەسكەر تەرىپىدىن ھەممىسىنى قىرماققا ئەمىر بولدى ۋە بارچىسى قىرىلدى، خوتۇن-قىز، بالا-چاقىسى مۇسۇلمانلارغا ئولجا بولدى. بۇنىڭدا خىتايلار 20 مىڭ مىقدارى قىرىلدى. مۇسۇلمانلاردىن 400گە يېقىن ئادەم شەھىت بولدى.

بۇ ئەسنادا قۇمۇل ۋاڭى بەزى تارتۇق-سوغىلار بىلەن كۇچار خانى نامىغا ئەلچى ئەۋەتتى. بۇندىن كېيىن كۇچار ئەسكىرى قۇمۇلنىمۇ ئالدى. قۇمۇل بولسا كۇچار خانلىقىغا تابى بولدى. شۇ ئارىدا راشىدىنغوجا تەرىپىدىن كۇچار ئەسكىرىنى قايتۇرۇش توغرىلىق بۇيرۇق بولدى ۋە ھەممىسى قايتىپ كەتتى.

1865-يىلى كىرگەن ئىدى. راشىدىن غوجا قەشقەر ۋە ياركەنتنى باشقىدىن ئىشغال ئەتمەك مەخسىتى بىلەن 40 مىڭ مىقدارى ئەسكەر ئەۋەتىپ، ياركەنتنى ئىشغال قىلدى. بۇ خەۋەر قەشقەرگە يەتكەندە، ئاتلىق غازىمۇ دەرھال نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن كېلىپ يەتتى. بۇ ئارىدا ماجرا باشلاندى. بۇ سوقۇش پەۋقۇلاددە دەھشەتلىك بولدى. ئاخىرىدا كۇچار ئەسكەرلىرى ئاجىزلىشىپ، سۇلھى سورىدى ھەم ئوتتۇرىدا كېلىشىم بولدى. ئىككى خاننىڭ چېگارىسى ئاقسۇ بولدى. ئاقسۇ شەھرىدىن شەرق تەرەپتىكى شەھەرلەر كۇچار خانلىقى تەسىرىدە قالدى، غەرپ تەرىپى بولسا ئاتلىق غازى ئىختىيارىغا بېرىلدى. كۇچار ئەسكەرلىرى ياركەنتتىن قايتىپ، ئاقسۇغا داخىل بولغان ئىدى. بۇ ۋاقىت مەزكۇر ئەسكەر قوماندانى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قولغا ئېلىندى. سەۋەبى، مارالبېشى، ياركەنت ئوخشاش يەرلەرنى ئاتلىق غازىغا ساتماققا مەسلىھەت قىلغان ئىدى. بۇندىن كېيىن كۇچار خان

76

لىغىغا بۆلگۈنچىلىك كىردى. مەزكۇر قوماندان تەرىپىدىكى ئەسكەرلەر جېدەل چىقارغانلىقتىن باشلىقلىرى قولغا ئېلىندى. بىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ۋاقىت ئاتلىق غازى پۇرسەتنى غېنىمەت بىلىپ، نۇرغۇن ئەسكەر

بىلەن ئاقسۇغا داخىل بولدى. ئاقسۇ خەلقى سوقۇشماق تۇرماق، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، نان–تۇز بىلەن قارشى ئالدى ھەم ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قەشقەر خانلىقىغا تاۋى بولغانلىقىنى ئاۋام خەلققە ئېلان قىلدى. كۇچار ئەسكىرىنىڭ مەشھۇر قومان دانى بۇرھاندىن غوجا ئۇنىڭغا تابى بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ خەت يازدى. بۇنىڭغا ئاتىلىق غازى ئىنتايىن خوشال بولمىشتۇر. ئاتىلىق غازىنىڭ ئاقسۇغا داخىل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، راشىدىن غوجا ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەسكەرلەر يېتىپ بېرىپ، ئاتىلىق غازى ئەسكىرىنى يەڭگەن بولسىمۇ، ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا يېڭىلىپ، تولۇق تەسلىم بولدى. ئىككىنچى پىرقە ئەسكەرلەر ئاتىلىق غازى ئەسكىرىگە ياقىرىق دېگەن يەردە يولۇقۇپ، سوقۇشماي ئاتىلىق غازى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىلىق غازى ئەسكىرى بىلەن كۇچار شەھىرىگە داخىل بولدى. ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ سو قۇشقۇچى بولمىدى. ئاتىلىق غازى ئەسكەر ئەۋەتىپ، راشىدىن غوجىنى ئالدۇردى. غوجا قولىغا قىلىچ تۇتقان ھالدا ئاتىلىق غازى ھوزۇرىغا كىردى. ئاتىلىق غازى ئۆزىنىڭ، يېقىنلىرىدىن بىرىگە ئۇنى چاپ دىدى. ”قەيەردە مېنىڭ، باتۇرلىرىم، قەيەردە مېنىڭ ئارسلانلىرىم؟ بۇ سارتنى نېمشكە ئۆلتۈرمەيسلەر؟“ي دەپ ۋاقىرىدى. شۇندا ياساۋۇللار كېلىپ راشىدىن غوجىنى باغلىدى (1866–يىلى). شۇنىڭدىن كېيىنكى ئەھۋالى مەلۇم ئەمەس.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاتىلىق غازى خوتەننى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن خوتەن ۋالىسى ھاجى پاشانى ئالداپ ئۆلتۈرۈپ، ئوڭايلا شەھەرگە كىرىپ، غوجا بولۇپ ئولتىرىۋالغان بولسىمۇ، 4ي5 كۈن ئۆتمەي خوتەن خەلقى غۇل–غۇلا قىلىپ سو قۇشتى، ھەپتىلەرگە سوزۇلغان بۇ دەھشەتلىك سوقۇشتا خوتەن خەلقىدىن 10 مىڭغا يېقىن ئادەم ھالاك بولدى. شۇنىڭ بىلەن كۇچار خانلىقى تۈگىدى. بۇندىن كېيىن قەشقەر خانلىقىنى غەيرىي پادىشالارغا تونۇتماقچى بولۇپ، ئەڭ ئاۋال ستامبۇل سۇلتانىغا ئەلچى ئەۋەتتى. غۇلجا سۇلتا

77

نىنى بىرلەشمەككە دەۋەت ئېتىپ، ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، موللا شاۋكەت دۇنيادىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جاھىل بىر ئادەم خان بولۇپ ئولتارغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئۇ خەيرلىك تەكلىۋى قوبۇل قىلىنماي قالدى. بۇندىن كېيىن 1867–يىلى قوقەندلىك خانزادە مۇزەپپەرخان ئىسملىك بىرسى ئىلى ۋىلايىتىدىكى تۇڭگان، قالماقلاردىن بىر توپىنى ئەگەشتۈرۈپ، قەشقەر ئۆلكىسگە تابى كورلا شەھىرىگە يەتتى. مەخستى ئاتىلىق غازىنى قەشقەر تەختىدىن چۈشىرىپ، ئورنىغا ئۆزى ئولتارماق ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاتىلىق غازى ئاڭلىغاندا ئۇ ناھايىتى قورقتى. سەۋەۋى، ئاتىلىق غازىنىڭ سەر ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسى قوقەندلىك بولۇپ، مۇزەپپەرخان قوقەندتە ئەڭ مۆتىۋەر خانزادىلەردىن بولغانلىقتىن، سەر ئەسكەرلەرنىڭ مۇزەپپەر خان تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى ئېھتىمال ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتىلىق غازى بۇ خەۋەرنى سەر ئەسكەرلىرىدىن يوشۇرۇپ، كۇچار خانلىرىدىن ئىشاق غوجىنى مەزكۇر مۇزەپپەرخان بىلەن سوقۇشماققا بۇيرىدى. ئىشاق غوجا سوقۇشۇپ، مۇزەپپەر خاننى شېھىت ئەتتى. ئەسكەرلىرى ئۆزلىگىدىن تارقىلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن بىر يىل تىنچلىق بىلەن ئۆتتى.

–1869يىلمۇ كېلىپ قالدى. ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تۇڭگانلىرى 20 مىڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە داخىل بولدى. ئۇلار ئەڭ ئاۋال كورلىنى ئالدى. ئاندىن كۇچارغا يېتىپ كەلدى. بۇلارغا قارشى ھېكىمخان تۆرە قوماندانلىقىغا 2 مىڭ ئەسكەر ئەۋەتىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇڭگانلار تەرىپىدىن قىرىلدى. كۇچار تۇڭگانلار تەرىپىدىن زەبت قىلىندى. تۇڭگانلار نېمە ئۈچۈندۇر 19 كۈندىن كېيىن كۇچارنى تاشلاپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا ئاتىلىق غازىنىڭ ھېكىمخان دېگەن ئەسكەر باشلىقى 25 مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىپ يەتتى. كۇچار تۆرىلىرىنىڭ بارچە ماللىرىنى تۇڭگانلار پىرقىسى تالاپ كەتكەن ئىدى. مال ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسگە ئاتىلىق

غازى غەزنىدىن مال بېرىدىغانلىغىنى ئۇقتۇرۇپ، كۆ گۆللىرىنى تىنچلاندۇردى. ئۆزى ئەسكەرلەر بىلەن تۇڭگانلار ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. يولدا توخسۇن تۇڭگانلىرىغا بىر پىرقە ئەسكەر ئەۋەتىپ، تەھتىد سالدى. بۇندىن يۆرۈپ، دادىڭ دېگەن جايدا بارگاھ قۇردى. بۇندا ئىككى كېچە قونۇپ، 3–كۈنگە ئۆتكەندە تۇرپان تەرەپتىن 6 مىڭ تۇڭ
78

گان چېرىگى قارشى چىقىپ سوقۇشقان بولسىمۇ، تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ، شەھەر تەرەپكە قاچتى. 4 كۈن ئۆتۈپ، 5–كۈنى 20 مىڭدىن ئارتۇق تۇڭگان قارشى چىقىپ سوقۇشتى. بۇ بولسا تۇڭگانلارنىڭ ئاساسىي كۈچى ئىدى. ئۇلار ھەم قېچىپ شەھەرگە بېكىندى. بۇندا تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئاتىلىق غازى ئەسكەرلىرىگە كۆپ ياردەم كۆرسەتتى. تۇرپان 9 ئاي مۇھاسىرىدە بولۇپ، ئاخىرىدا تۇڭگانلار ئەسىرگە بېرىلدى، ئۇلارنىڭ ھەممە قۇراللىرى ئولجىغا ئېلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ 1500 ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىدىكى داۋۇت خەلپىگە ئەلچى ئەۋەتسىمۇ، داۋۇت خەلپە بۇلارنىڭ مىڭدىن ئارتۇغىنى قىردى. قالغانلىرى كېلىپ، ئاتىلىق غازى ھوزۇرىغا يەتتى. بۇنىڭدىن 20 كۈن كېيىن ئاتىلىق غازى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن ئۈرۈمچىگە يەتتى.
ئىككى ئارىدا سوقۇش باشلىنىپ، ئاخىرىدا تۇڭگانلار مەغلۇپ بولۇپ شەھەرگە كىرىپ بېكىنىۋالدى. شۇ ئەسنادا داۋۇت خەلپە ئەلچى چىقىرىپ، سۈلھي سورىدى. ئۈرۈمچى قەشقەرگە تابى بولۇش شەرتى بىلەن سۈلھي بولدى ۋە ئۈرۈمچى قەشقەر خانلىغىغا تابى بولدى. ئاتىلىق غازى بۇ يەردە 3 ئاي تۇرۇپ، قەشقەرگە قايتتى. ئۇ 1870–يىلنى ئاقسۇدا ئۆتكۈزدى. بۇ ئارىدا ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرى ئىسيانغا ھازىرلانسىمۇ، ئاتىلىق غازى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى. بۇ ئارىلىق تىنچلىق بىلەن ئۆتسىمۇ، 1874–يىلى خىتايلار يەنە قوزغىلىپ، تۇڭگان تائىپىلىرىنى يېڭىپ، ۋەھشىيلەرچە قىرىشقا باشلىغانلىقتىن، تۇڭگانلار ئىچىدىن 30 مىڭ تۇڭگان، ئۇلارنىڭ داخۇ ۋە شوخۇ ناملىق ئىككى سەردارى قېچىپ، قەشقەرگە تابى تۇرپان دىيارىغا داخىل بولدى. بۇلارنى قەشقەر ھۆكۈمىتى ناھايىتى ئېھتىرام بىلەن ئۆز ھىمايىسىگە ئالدى. بۇ ۋەقەلەردىن كېيىن خىتاي چېرىگى قۇمۇلغا داخىل بولدى. 1875–يىلى ئاتىلىق غازى 23 مىڭ ئەسكەر بىلەن قۇمۇل تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. توخسۇن دېگەن جايغا كېلىپ ئىستىھكام قۇرۇپ ئولتاردى. بۇ چاغدا توخسۇندىن ئىلگىرى كوما دېگەن يەردە قەشقەرنىڭ 2000 ئەسكىرى تۇرماقتا ئىدى. خىتاي ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قىرىپ تاشلاپ، كومانى زەبت قىلدى. شۇندا ئۈرۈمچى تۇڭگانلىرى خىتايلارغا قارشى كېلىپ سوقۇشقان بولسىمۇ، ئاتىلىق غازىدىن "خىتايلارغا قارشى تۇرۇپ سوقۇشماڭلار"،ې دېگەن ئالىي
79

پەرمان سادىر بولۇپ، تۇڭگانلار سوقۇشتىن توختىدى. (بۇنىڭدىن مەخسەت ې سۈلھي بولماق بولسا كېرەك). بىر نەچچە كۈندىن كېيىن داخۇ ۋە شوخۇ كېلىپ ئۇلارغا قوشۇلدى، خىتايلار ھەم كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاتىلىق غازى ئۆز ئەسكەرلىرىگە سوقۇشماسلىققا بۇيرۇق بەرگەن بولسىمۇ، خى تايلار كېلىپ سوقۇش ئاچتى، بىزنىڭكىلەر ئاستا–ئاستا ئارتقا چېكىندى. شۇ ئارىدا بىر نەچچە بەگنىڭ خىتايلارغا ئەۋەتىلگەن يوشۇرۇن خەتلىرى قولغا چۈشتى. ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك چۈشتى. شۇ ئارىدا ئاتىلىق غازىغا ئوغا ئىچكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىلىق غازى ۋاپات بولدى. مانا ئەمدى ئىشلار تەتۈرىگە ئايلاندى. غالىپلار قارشى چىقىپ: "مانا سارت دېگەن نەرسە، بىز بېچارىلەرنى، چىن دەۋلىتى بىلەن سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئوغا ئىچىپ ئۆلىۋالدى"،ې دەپ ئەسكەرلەر ئارىسىدا پىتنە تارىتىپ، ۋاقىراپ يۈردى. 1876–يىلى ھەر بىر سەر ئەسكەر باشلىغىنىڭ ئۆز ئالدىغا خان بولماق ئارزۇسى پەيدا بولدى. بەزى بىرلىرى خىتايلارغا ياخشى

كۆرۈنۈش ئۇمىدى بىلەن يوشۇرۇن سىر (مەلۇمات)  بەرمەككە باشلىدى. ئاتلىق غازىنىڭ ئوغۇللىرىمۇ خان بولماق بولۇپ، بىر–بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى. ئۆز يۇرتىدا بەگلەرمۇ بىر–بىرىنى ئۆلتۈردى. باشباشتاقلىق ھۆكۈم سۈردى. خىتاي چېرىگىنىڭ جىڭ جاڭجۈڭ قو ماندانلىغىدىكى  قىسىملىرى غۇلجا تەرەپكە  يوللاندى. دۇڭ دارىن قەشقەرغىچە ھەممە شەھەرلەرنى سوقۇشسىز ئېلىپ باردى. بەزى ئاچچىغى كەلگەن يەرلەردە مۇسۇلمانلارنى سويۇپ، ھۇزۇرلىنىپ يۈردى. ئىلىدىن قېچىپ كەلگەن شوخۇ ئىسىملىك تۇڭگان ئۆز گرۇھى بىلەن قېچىپ، رۇسىيە دەۋلىتىنىڭ ھىمايىسىگە ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇتۇلدى. ئاما داخۇ خىتايلار قولىغا چۈشتى. شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى زۇلھەججەي12–ئايدا خىتايلار قەشقەر شەھىرىنى زەبت ئەتتى.

بۇندىن كېيىن دۇن دارىن ئاتلىق غازى جەسىدىنى ئاچقۇزۇپ كۆيدۈردى. قانچىلىك ۋەھشىلىك بولسا ھەممىسىنى يېرىگە يەتكۈزدى. ئۇ ئىنتايىن زالىم ئادەم ئىدى. شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار راھەتتىن جەبىرگە كىردى. قەشقەر خانلىغى يوقالدى.

80

تارانچى تۈرۈكلىرى غۇلجا ھوزۇرىغا ھىجرەت ئېتىشتىن 30ېي40 يىل مۇقەددەم ئۇچتۇرپان خەلقى ھۆكۈمەتكە قارشى ئىسيان چىقىرىپ، ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئومۇمەن قىرىلغان ئىدى. ئۇلاردىن بىر نەچچە يۈز ئۆيلۈك كىشى تىرىك قالغان بولسىمۇ، ئۇلارنى  ئىلى ۋىلايىتى تېكەس  يايلىغىدا  ئولتىرىشلىق قالماقلار ئىچىگە  ئەۋەتىپ تاجى  دېگەن   قالماق ئۇرۇغىغا خان تەرىپىدىن قۇل سۈپىتىدە تەغدىم قىلىنغان ئىدى. ئاما ئۇچتۇرپان شەھىرىنى يېڭىدىن ئاۋات قىلىش ئۈچۈن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدىن بىر نەچچە مىڭ ئائىلە ئۇيغۇرنى كۆچۈرۈپ كەلتۈردى. ئۇچتۇرپانىنىڭ ھازىرقى خەلقى كونا تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدۇر. يۇقۇرىدا مەزكۇر تاجى ئۇرۇغىغا تۆھپە ئېتىلمىش ئۇيغۇرلار 2 ئەسىرلىك  ۋاقىت داۋامىدا قالماقلار  خىزمىتىدە  قالدى.  شۇ سەۋەپتىن  نەسىللىرى بۇزۇلۇپ سىما، قىياپەت ۋە تىللىرى تامامەن موڭغۇللاشتى. بۇلار غۇلجا  خانلىغى  زامانىسىدا ئازات  قىلىنىپ، ھەممىسى رەسمىي تارانچى بولدى. ئاما غۇلجا خانلىغى تۈگەپ، غۇلجا رۇسىيىگە تابى بولغاندا بۇلاردىن 30 ئۆي كىشى قالماقلار بىلەن ئالمۇتىغا كۆچۈپ، قالماق دىنىغا كىردى.

خىتايلار يەنە غۇلجىغا كەلگەندە بۇلارنىڭ ھەممىسى يېنىپ كەتتى. بىر ئازراغى ئىسسىقكۆل تەرەپكە كۆچۈپ كەتتى. بۇلار ھەم تارانچى، ھەم سارت قالماق دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى ئەھۋال

ھەممىگە مەلۇمدۇركى، خىتاي مەملىكىتىدە كۆپتىن بېرى كونا ئىدارىگە قارشى ئىختىلال باشلىنىپ، كۆپ ماجرا ي ئۆلتۈرۈش، قىرىشلاردىن كېيىن ئىختىلالچىلار كونا ئىدارىنى ھىمرىپ، مەملىكەتتە يېڭى ئىدارە (جۇمھۇرىيەت) قۇردى. بۇ ماجرالارغا خىتايدىكى تۇڭگانلار جىددىي قاتناشتى. بۇنداق ئىختىلال بىزنىڭ تۈركىستان ئىچىدە ئۆتكەن يىلى دېكابىر باشلاندى.

بۇنىڭغا بىزنىڭ تۈركىستاندىن جىددىي قاتناشقۇچىلار بولمىسىمۇ، ئىختىلالچىلارغا ئەڭ كۈچلۈك قورال بولدى، يەنى ئاخچا ئۈچۈن يالىنىپ سوقۇشقۇچى كۆپ بولدى.

81

بۇ ھەقتە مۆتىۋەر "ۋاقىت"قا غۇلجىدىن يېزىلغان بىر مەكتۇپنى كۆچۈردۇم.

بۇ مەكتۇپتە بىزنىڭ چىنى تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالى شۇ قەدەر توغرا تەسۋىر ئېتىلگەنكى، بۇنى ئوقۇغانلار ئەينەكتىكى ئۆز ئەكسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ... خەۋىرى يوق، ھامان ئۇخلايدۇ. ھەرىكەت، پىلانى يوق.

بۇ ئىختىلالنى چەت مەملىكەتتە بولغان سوقۇش ياكى بىر خىيالىي ئەپسانە ئوخشاش كۆرۈپلا، زور لەززەت بىلەن ھۇزۇرلىنىپ سۆزلەيدۇ. باشقا گەپ يوق. گەرچە بۇلار ئارىسىدا، خىتايلارغا تەقلىت يوللار، قۇيرۇق بولۇپ يۈرگۈچىلەر ئاز–ماز بولسىمۇ قالغانلىرى ئەسلىدە بىر مەسلەك ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت شۇ ئىختىلال ۋاستىسى بىلەن بىرەر مەنسەپ ئېلىشنى ياكى ئاخچىغا ئىگە بولۇشنى كۆزلەيدۇ. باشقا گەپ يوق.

ئىختىلالنىڭ ئىستىقبالى ۋە يېڭى ئىدارىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق ياكى زۆرۈر بولىدىغانلىغى ياكى يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ مەھكىمە ۋە ئىدارىلىرىنىڭ نىزام–تەرتىپكە قويۇلىدىغانلىغى، زاماننىڭ ئۆتۈشىدىن ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھاللاردىن پايدا ئېلىنىدىغانلىغى مۇمكىن بولسىمۇ، بۇلار بەك يىراق بولغان ئېھتىماللاردىندۇر.

چۈنكى بۇلار ئالەمدىكى ئەھۋالدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر بولۇپ، دەۋلەت ئىدارىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ، ئىستىدات ۋە ھۆررىيەتنىڭ سەمەرىلىرىنى بىلىش ۋە ھاياتنى شۇلارغا كۆرە ئۆزگەرتىشنىڭ ھەم پايدىلىنىشنىڭ لازىملىغىنى بى لىش دەرىجىسىدىن بەك يىراقتۇر.

كونا خۇراپات ۋاستىلىرىگە ئىشىنىپ ئۆمۈر كەچۈرىدۇ، خالاس. خىتايدا قۇرۇلغان ئادىل جۇمھۇرىيەت بىرلىشىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، بۇ يەردىكى چىنى تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنىڭدىن چەتتە تۇرۇپ، پايدا ئېلىشلىرى بەك گۇمانلىق ھەم شۈبھىلىكتۇر. چۈنكى بۇندىكى مۇسۇلمانلار ئاسارەتكە شۇ قەدەر بېرىلگەنلەركى، بۇلارغا قارىغاندا ھېلىقى نيۇ–يورك پاركلىرىدىكى پىلمۇ ھۆررىيەتنىڭ نېمە ئىكەنلىگىنى ياخشىراق بىلسە كېرەك. ("ۋاقىت" جۇرنالى، 930–سان). گېزىتلاردىكى "چىنى تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرى ئۆزلىرىدىن خان قويماقچى بولۇپتۇ"،ي پالانى–پۇكۇنى دېگەن سۆزلەر بىكار سۆزلەردۇر.

82

قاراڭ، ئەپەندىلەر! بۇ يەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاسارەت كىشنى ئاللىقاچان ئۈزۈلسىمۇ، ھېلىقى پىلگە ئوخشاش ئورۇنلىرىدىن قىمىرلىماي، ھېمىشەم شۇ يەردە ياتىۋېرىدۇ. ئاڭلاۋاتامسىز، ئاسارەت نەمۇنىسى ۋە جاھالەت كانى! بىز خىتايلار بىلەن بىللە مەدەنىيەتكە قاراپ، يۈرۈش قىلىشقا ۋاقىت يەتتى.

"چىڭگىز" سۆزى ھەققىدە

مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە چىڭگىزخاندىن بەس بولىدۇكى، ھامان "چىڭگىز" نېمە دېمەك ۋە مەناسى نېمە؟ بۇ سۆز تۈركچىمۇ ياكى موڭغۇلچىمۇ؟"ي دېگەنگە ئوخشاش بىر قاتار سوئاللار پەيدا بولۇپ، بۇنىڭغا ھەر بىر مۇئەررىخ ۋە ھەر مۇھەررىر تەرىپىدىن تۈرلۈك مەنالار بېرىلىپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، بۇ ھۇنۇز بىر قارار تاپمىدى. بىر مۇئەررىخ "چىڭگىز" سۆزىنىڭ مەناسىنى بەك يۇقىرى كۆتىرىۋەتكەن، ئىككىنچىسى ناھايىتى تۆۋەن چۈشىرىپ تاشلىغان. نېمە ئۈچۈندۇر ي بۇ ئۇقۇشماسلىق! مەسىلەن، مۆتىۋەر "شۇرا" مۇھەررىرى چىڭگىزخاننىڭ تەرجىمە ھالىنى يازغان ئىكەن. ئۇ "چىڭگىز" سۆزىنىڭ "مالىك" "مۇزەپەر" ۋە مۇستەقىل خان" مەناسىدا ئىكەنلىگىنى بايان ئەتتى. ئامما "تاتار خانلىرى" مۇھەررىرى بىر ئېتىقاتچىنىڭ يېزىشىغا قاراپ، "ۋەھشى، قان تۆككۈچى"،ي دەپ مەنا بېرىدۇ. قاراڭلار، بۇ ئىككى سۆز مۇساپىگە نېمە دېگەن يىراق. ئەندى ئىستامبۇلدا چىقىدىغان "تۈرك يۇرتىنىڭ" مۇھەررىرى بۇ ئىككى مۇئەررىخنى بىر ياقا تاشلاپ، "چىڭگىز" سۆزىنىڭ ئەسلىگە دائىر بىر ھېكايە نەقىل ئەتتى. ئۇ: "تېمۇچىن خان ئېلان قىلىنىشىدىن ئاۋالقى ئۈچ كۈن ئەتىگەنلىك ئۈچۈپ كەلگەن سالى قۇشىغا ئوخشاش بەش رەڭلىك بىر قۇش تۆرت بۇلۇڭلۇق تاش ئۈستىگە قونۇپ، ئۈزلۈكسىز "چىڭگىز"، "چىڭگىز" دەپ ۋاقىراپ ئولتاردى. شۇنىڭ، بىلەن "چىڭگىزخان" دەپ ئالەمگە مەشھۇر بولدى"،ي دەپ يازدى. بەزى مۇئەررىخلەر بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي، "چىڭگىز" سۆزىنىڭ مەناسىنى تۈركىي ۋە موڭغۇل لۇغەتلىرىدىن تەپتىش قىلىپ، تاپقان ھەقىقىتىنى ئالەمگە ئىزھار ئېتەر.

83

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەڭ مەتلۇبى شۇدۇر. "تۈرك يۇرتى" مۇھەررىرلىرىدىن ئاكىب ئىسىملىك بىر تۈرك مەزكۇر مەجمۇئەگە يازغان بىر خېتىدە "چىڭگىز" سۆزىنى توغرۇ، گىرچىك، راست، چىن سۆزلىرى بىلەن تەپسىر ئەتكەن. كېيىن مۇ ئەررىخ "لىئون كاھۇندىن" شۇ سۆزنى نەقىل ئېتىدۇ. ئۇ "چىڭگىز سۆزى موڭغۇلچە ئېگىلمەس، پۈكۈلمەس مەناسىدا"نى دېدى. كېيىنكى جاۋاپتا: "ئۇ زامان لىسان، ئەدەبىي تىل تۈركچە بولغانلىقتىن بۇ سۆز موڭغۇلچە ئەمەس، ئۇيغۇرچە ئىدى"نى دېيىلدى. بىزنىڭ بۇنىڭغا قوشۇمچە سۆزىمىز بولسا، ئۇمۇ كېيىنكىسى، ئۇيغۇرچە دېگىنى توغرا ۋە شۇنى مۇۋاپىق كۆرگىنىمدىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى تۈركىستان چىنى تۈركلىرىدە (ئۇيغۇرلاردا) "چىڭگىز"نى سۆزى ھازىرمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، پۇختە، پىششىق، قاتتىق، كۈچلۈك، قۇتلۇق مە نالىرىدا قوللىنىلماقتادۇر.

زاتەن، "چىڭ" تۈرۈكچىدە بەك قاتتىق، ئېگىلمەس، پۈكۈلمەس، يەنچىلمەس، ئېزىلمەس، دېمەكتۇر، ھاسىلى ھەر نەرسىنىڭ ئەسلىگە (سۆزنىڭ يىلتىز–تومۇرىغا) قارىتىپ ئېيتىلىدىغان بىر سۆز ئەمەسمۇ؟ مەسىلەن، تاش چىڭ ياغاچتىن چىڭ، ئالماس تۆمۈردىن چىڭ، تېمۈر قوغۇشۇندىن چىڭ دېمەكتۇر. بۇلار بىلەنمۇ كۆڭۈل تىنارمۇ. چۈنكى ئۆتكەن يىلى "شۇرادا" "تۈرك ئوغلىنىڭ" "چىڭگىز" سۆزىنىڭ لۇغەت مەناسىنى مۇئەررىخلەر، فىلولوگلار بىلمىسە كېرەك، بىز بۇنىڭ مەناسىنى يازماقچىمىز"نى دېگەن سۆزى خاتىرەمدىن چىقمىدى. ئۇلار يازسا ياخشى بولاتتى. بىز بۇنىڭغا مۇنتەزىرمىز، ئەپەندىم.

ن. ئا. "ئۇيغۇر بالىسى" 1912–يىلى "شۇرانىڭ" 18–سانىدا

مەجۇسىيلەردە ئاچارچىلىقتىن ساقلىنىش

ئىلى ۋىلايىتى ئىلى دەرياسىنىڭ سول ياقىسىدا ئولتىرىشلىق مانجۇر نەسلىگە مەنسۇپ شىبە نامىلىق 8 سۇمۇل خىتاي تائىپەسى بار. بۇلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇلار ئىلى ۋىلايىتىگە تارانچى تۈركلىرىدىن

84

بىر ئاز زامان ئىلگىرى مۇكدىن دېگەن شەھەردىن كۆچۈپ كەلگەن ئىكەن. بۇلار باشتا 800 جان بولۇپ، ھەر بىر سۇمۇلغا 100دىن بۆلۈنۈپ ئولتارغان ئىكەن. ئۆزلىرىنىڭ ئىقرار قىلىشلىرىغا بىنائەن، خوشنىلىرى تارانچى تۈركلىرىگە قارىغاندا، ئۆسۈشلىرى بەك سۇسلۇق بىلەن بارغان. چۈنكى بۇلاردا رەسىم–قائىدىگە رىئايە يوق، تازىلىق ناچار. دېمەك، بۇلار ھازىرمۇ 8 مىڭ جاندىن ئارتۇق ئەمەس ئىكەن. ئاما ھەر بىر 45 يىلدا بىر قېتىم ئاچارچىلىق ھۆكۈم سۈرۈپ؛ رىيازەت قىلماقتا بولغان. تارانچى تۈركلىرى بۇ لارغا قارىغاندا ئارتۇغىراق ئىكەن. ئەكسىنچە، شۇۋەلەر ئۆسۈش قانۇنى بويىچە ئۆسمىگەن. بۇنىڭدا ھەيران قالىدىغان بىر ئىش بار. ئۇ بولۇپمۇ تارانچى تۈركلىرىدە ھەر تۆرت–بەش يىلدا بىر مەرتىۋە ئاچارچىلىك ھەكۈم سۈرۈپ تۇرغان ھالدا شۇۋەلەردە 200 يىلدىن بېرى ئاچارچىلىق دەھشەتلىك تۈردە ھۆكۈم سۈرمىگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق؟ بۇنىڭ سەۋەۋى بەك ئېنىقدۇر. بۇلار ئاچارچىلىقتىن ساقلىنىشقا ئەڭ ئوڭاي چارە تاپقان.. بۇلار ئاۋال ئىلگە كۆچۈپ كېلىشى بىلەن "داڭزىپاڭ" نامىلىق بىر مەھكىمە تەسىس ئېتىپ، بۇنىڭ نازارىتىدە بولىدىغان ئۆزارا ساڭ (ئامبار) سالغان. بۇ ئامبارغا بولسا ھەر بىر ئەركەك بېشىغا مەلۇم مىقداردا ئاشلىق (بۇغداي، ئارپا، تېرىق) يىغىپ تۇرغان. بۇ ئامبارنىڭ ئاشلىغىنى توقچىلىق يىللىرىدا ھەر بىر دېخانغا ئۇرۇق قىلىپ چېچىش ئۈچۈن مەجبۇر قىلىنغان. ئەلۋەتتە، مەلۇم پروسېنت پايدىسى بىلەن، مەسىلەن، بىر پۇت بۇغداي ئالغان دېخان بىر پۇت بەش قاداق تۆلەم شەرتى بىلەن. بۇنىڭدىن باشقا كىمگىلا ئاشلىق لازىم بولسا، مەزكۇر پروسېنت بىلەن بېرىلىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يۇرت پايدىسىغا كېلىدىغان ھەر تۈرلۈك ئۇششاق ئىئانە پۇلى بولغان. بۇ ئاخچىلارنى بەگلەر ئۆز يانچۇغىغا تىقماي، مەزكۇر مەھكىمە غەزنىسىگە يىغىپ تۇرۇشقان. بۇ پۇلنىڭ مىقدارى ھازىرمۇ 30 مىڭغا يەتكەن. ساڭدىكى ئاشلىقلىرى ھەم ئەگەر ئاچارچىلىق بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆزلۈكسىز

تۆرت–بەش يىل ھۆكۈم سۈرسىمۇ چەتتىن ھېچ كىمنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولماستىن يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپەيگەن. مەزكۇر پۇل بىلەن ئاشلىق ئۆز ئېچىدىكى ئاجىز، قېرى، يېتىم–يېسىرلارنىڭ تەربىيىسىدىن ئاشقىنىدۇر، بولمىسا

85

بۇنىڭدىن كۆپ ئارتۇق بولار ئىدى. بۇلارنىڭ ئۆرپ–ئادىتىدە ھەممە ئۈچۈن بالا–چاقا، يېتىم–يېسىر خوتۇنلار باي بولسىمۇ 80 ياشقا كىرگەندىن كېيىن قېرى بوۋاي، موماي ھېساپلىنىپ، مەزكۇر مەھكىمىنىڭ غەزنىسى ھېساۋىدىن بېقىلىدۇ. ھەم چەت مىللەت كىشىلىرىدىن قانداقلا مېھمان كەلسە، ئۇنىڭ خىراجىتىگە كەتكەن چىقىمنىڭ ھەممىسى شۇ غەزنىدىن بېرىلىشى كېرەك.

ئۇلار ھازىرمۇ شۇنداق قىلماقتا. بۇلارنىڭ تا كۆچۈپ كەلگەندىن بېرى يۇرتىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدا بولغان ھادىسە–ۋاقىئەلەر كۆپ، سائاتى بىلەن يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار تارانچى تارىخى توغرىسىدىمۇ خېلى كۆپ مەلۇمات بار دەپ ئېيتىشقان ئىدى.

توغرۇ ياركەنت ن. ئا.

–1914 يىلى "شۇرانىڭ" 23–سانى

ئىلى ۋىلايىتىنىڭ تارىخى

ئىلى تېكەس ۋە ئالتىشەھەر تاغلىرىدىن، خاڭتەڭرى، يەنى مۇزارت ۋە بۇنىڭ ئالدىدىكى قاراتاغ شىمالىدا بولغان ئالتاغدىن باشلىنىپ، غەرپتە بالقاش كۆلىگە قۇيۇلغان دەرياغا قويۇلغان ئىسمىدۇر. بۇ دەريا ياقىسى قەدىمدىن ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ قارارگاھى، بولۇپ، بۇندا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار چەكسىز مەدەنىي قەۋملاردىن ئىدى ۋە بەك كۆپ يېزا، شەھەرلەردە تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئاشلىق تېرىش ۋە تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈش، سودا قىلىش، ئىلىم–مائارىپ، ھۈنەر–سانائەت ئوخشاش مەدەنىيەت ئۈچۈن لازىم ھېساپلانغان ئىشلارنىڭ ھەر بىرى بۇلاردا بار ئىدى. "كىنچا" ۋە "شالى" ناملىق شەھەرلەر بولغان. خۇلاسە، بۇلارنىڭ ھەقىقىي مەدەنىي قەۋملار ئىكەنلىگى، مۇئەررىخلەر تەرىپىدىن تەستىق بولۇنغان. لېكىن بۇلارنىڭ بەك كونا زامانىدا بولغانلىغى، ئاما كېيىنكى زامانلاردا بولسا، بۇ يەرلەردە جۇڭغار ياكى چاقار ئاتالغان قالماق تائىپىسى ياشاپ، بۇلار بەدەۋىي ھالدا ياشىغان بولسىمۇ، ئىچىدىن خېلى قۇۋۋەتلىك خانلار چىقىپ، ئۇيغۇر تۈركلىرىنى ئۆزلىرى

86

گە قارىتىپ، ئومۇمەن ئالتىشەھەرمۇ بۇلارنىڭ زور تەسىرىدە بولغان. خىئىئى ئەسىردە جۇڭغارلار ئارىسىدىن تۇغلۇق تۆمۈر تۇغۇلۇپ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئالتىشەھەر تامام بۇنىڭ ئىختىيارىدا بولدى. ھەتتا سەمەرقەنت ۋە بۇخارا ۋىلايەتلىرىگە قەدەر بارغان. سەمەرقەنتكە ئوغلى ئىلياس غوجىنى ھاكىم قىلىپ، ئۇنىڭغا ئاسقاق تۆمۈرنى ياردەمچى قىلىپ، كېيىن ئۆزى ئىلىغا قايتىپ ۋاپات بولغان. تۇغلۇق تۆمۈر ۋاپاتىدىن كېيىن ئاسقاق تۆمۈر بىلەن ئىلياس غوجا ئارىسىغا پىتنە–ئاداۋەت چۈشۈپ سوقۇشقان. ئاخىرىدا ئىلياس غوجا قېچىپ، ئىلىغا كەلگەن ئىكەن. ئاسقاق تۆمۈر كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ، ئىلياس غوجىنى ئۆلتۈرۈپ، تۇغلۇق تۆمۈر خانىنىڭ بىر قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ ۋە تەختى بولغان كۆك تاشنى يىراق دەپ، قورغان شەھىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ قايتقان.

تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىدىن ئوغلى جالالىدىن باغدادى قولىدا مۇسۇلمان بولغان دېيىلىدۇ. باياني مۇنداق. جالالىدىن ھەزرەتلىرى ئالتىشەھەر ۋىلايىتىدە كىتكى دېگەن شەھەرگە كەلگەن. بۇ شەھەر خەلقى بۇ ئادەمنىڭ ئىزگۈ–ئۇلۇق ئىكەنلىگىنى بىلىپ، ھەققىمىزدە دۇئا قىلىڭ، مېلىمىز كۆپ بولسۇن دېگەن. جالالىدىن ھەزرەت دۇئا قىلغان ئىكەن. دۇئاسى بېرىكىتىدە ئالتۇنغا غەرق بولۇپ، شەھەر ئاھالىسى باي بولۇپ، نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن ئىكەن. ئىلاھى غەزىۋى بىلەن ئۇلارغا ئاسماندىن قۇم يېغىپ، شەھەر قۇم ئاستىدا

قالغان ئىكەن. بىزنىڭ ھەزرەت سالامەت قالغان مۇرىدلىرى بىلەن ئاقسۇغا كەلگەن. بۇ چاغلاردا بۇ ۋىلايەت تۇغلۇق تۆمۈرخان تەرىپىدە بولغانلىقىدىن، ۋەقەدىن خەۋەر ئېلىپ تۇغلۇق تۆمۈرخانمۇ ئاقسۇغا كەلگەن ئىكەن. شۇ ۋاقىتتا جالالىدىن ھەزرىتىگە يولۇقۇپ، ئوردىغا بېرىشنى تەكلىپ قىلغان. لېكىن بۇ ۋاقىت ئەجەل مۇددىتى يېتىپ جالالىدىن ھەزرەت ۋاپات بولۇپ، ئوغلى ئەرشىدىنگە بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان ئىكەن. ئوغلى ئاتىسىنى دەپنە ئەتكەندىن كېيىن، خان ھۇزۇرىغا بېرىپ، ئۆزىنى مەلۇم قىلغان. خان بولسا شۇندا مۇسۇلمان ھېساپلىناتتى. لېكىن بىزگە مەلۇم بولىشىچە، ئىسلام قوبۇل قىلغانلىقىنى سىر تۇتقان ئىكەن. بۇ ۋاقىتتا ئاشكارە قىلغاندا قالماقلار يىغىلىپ كېلىپ، خاننى ئاتا-بوۋىمىزنىڭ دىنىدىن نېمىشكە چىقتىڭ

87

دەپ، چاتاق قىلغانلار ئىكەن. خان ئىسلام دىنىنىڭ ھەق بىر دىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىكەن. قالماقلار ئەگەر ھەق دىن بولسا، دەۋەت ئەتكۈچى بىزنىڭ پالانى پالۋىنىمىز بىلەن چېلىشىپ يىقىتسا، ھەممىمىز مۇسۇلمان بولىمىز، ئەكسىنچە، يېڭىلسا، ئۇنى ھالاك قىلىمىز دېگەن. شۇندا چېلىشىپ، بىزنىڭ ھەزرەت يىقىتقان. شۇندا بىر نەچچە مىڭ قالماق مۇسۇلمان بولغان. بۇ چاغدا ئىشەنگۈچى قالماقلار بېشىدىكى كاپىر بەلگىسى بار قالپاقلىرىنى سۇغا ئاتقاندا سۇ توسۇلۇپ، بوغۇلۇپ كۆرەنى خاراپ ئەتكىلى باشلىغاندا قالپاقلىرىنى سۇدىن ئېلىپ تاشلا دېگەن مەنىدە "ئىلا-ئىلا"، دەپ ۋاقىرىغان. شۇنىڭ بىلەن "ئىلا" ("ئىلى") بۇ سۇغا نام ۋە ئەلەم بولۇپ قالغان. ئەسلىدە بۇ سۇنىڭ ئىسمى ›جىم بولغانمىش.

بۇ خەۋەر مەرھۇم شەرق مۇئەررىخى قۇربانەلى خالىد ھەزرەتلىرىنىڭ "تارىخى خەمسە"سىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ تەرەپلەردە بەينەل ئەھلىگە تولۇق مەشھۇردۇر. لېكىن بۇ خەۋەر تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا دەلىل بولغان بولسىمۇ "ئىلى" سۆزىنىڭ چۈشەندۈرۈلىشىگە دەلىل بولالمايدۇ. نېمە ئۈچۈن دېسىڭىز، ئىلى چوڭ دەريا بولۇپ، بىر نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ قالپىغى بىلەن ئەمەس، بەلكى مىلليونلىغان ئادەم قالپاق تاشلىغاندىمۇ، دەريا توسۇلۇپ چۆرىسىدىكى كۆرەنى سۇ باسالمايدۇ. بۇ بولسا، مىلليونلىغان ئادەم ئۆزىنى سۇغا تاشلىغاندىلا مۇمكىن بولار ئىدى. يەنە ئىلى دەرياسىنى ھېچ كىم ئىلا دەپ ئاتىمايدۇ. ئىلىنىڭ لۇغەت مەناسىغا كەلسەك، "ئىلى"ـ ئىلىق، يېقىملىق سۆزلىرى ئالتىشەھەر ئاھالىسىدا كۆزگە يېقىملىق ۋە خۇش كۆرۈنۈش مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ، ئومۇمىي ئالتىشەھەر خەلقى ۋە ختايلار ئىلىخو دەيدۇ. "خو" بولسا ئىلى سۆزىنىڭ تەرجىمىسى بولىدۇ. دېمەك، ئىلى سۆيىنىڭ بۇرۇنقى قالماقچە نامى جىم بولغان بولسىمۇ، ئۇيغۇرچە نامى ئىلىدۇر. ئاما ئالتىشەھەر ئاھالىسىنىڭ "ئىلى" دېيىشىگە كەلسەك، ئالتىشەھەرنىڭ قۇملۇق-توپىلىق چۆللىرىدە ئۆسكەن ئۇيغۇر بالىسى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ كۆك مايسى سىنى كۆرۈشى بىلەن كۆزىگە بەك يېقىملىق كۆرۈنگەنلىك تىن، "ئىلى" دەپ تاشلىغان بولار. (بىز شۇنداق ئويلىدۇق، ۋاللاھۇ ئەلەم بىس ساۋاپ.(

88

ئىلى ۋىلايىتىدە تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى خىزىرخان غوجا خانلىق قىلغان. بۇنىڭ قول ئاستىدا قومۇل ۋە تۇرپان ئاھالىسى ئىسلامىيەت زۇمرەسىگە داخىل بولمىش. خىزىرخان غوجا ختايلار بىلەن سوقۇشۇپ، بىر نەچچە شەھەرلەرنى ئالغان. ئاخىرى سوقۇشتا ئۆزى شېھىت بولغان. قەبرى تۇرپاندا دېيىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەدخان تەختكە چىقىپ، ھۆكۈمەتنى سورىغان. بىر چاغدا بىزنىڭ تەرەپتە ئۇنىڭ ئىسمىغا ئاتاپ سوقۇلغان تەڭگىلەر (ياماقلار) تېپىلغان ئىدى. لېكىن بىزنىڭ ياشراق ۋاقتىمىزدا تەسادىپ ئەتكەنلىكتىن، بۇ تەڭگىلەرنىڭ بىر دانىسىنىمۇ مالىك بولالمىدۇق. بۇ تەڭگىلەرنى "ياركەنت ئۇيېزىدىكى گوسپودىن سىمرنوۋ" ئالدۇرۇپ كەتكەن ئىدى. شۇندىن كېيىن تەڭگىلەرنى تاپقۇچىلارغا بىر نەچچە مىڭ سوم ئاخچا ئەۋەتىپتۇ .

بۇندىن كېيىن مۇھەممەدخاننىڭ ئوغلى ۋەيسخان خانلىق قىلغاندۇر. بۇ زاتنىڭ قەبرى ئىلى ۋىلايىتىدىكى سۇلتان ۋەيس مازىرى نامى بىلەن مەشھۇردۇر. بۇ يەردە بۇ خان توغرىلىق تەپسىلىيرەك يازماقنى مۇناسىپ كۆردۇم، سەۋەۋى، ئاھالى ئارىسىدا بۇ توغرىلىق تۈرلۈك خاتا پىكىرلەر تارقالغاندۇر. ۋەيسخان گۈمبىزى غۇلجىدىن 70 چاقىرىم مىقدارى شەرقتە ئاۋرال تېغى ئىچىدىكى سۇلتان ۋەيس ناملىق يېزىدىدۇر. قەبرە خاننىڭ قەبرىسى بولغانلىغى ئۈچۈن خىشلار بىلەن مەھكەم بەكتىلگەن، يېنىدا ئانىسى ھەم بار دەيدۇ. بۇ قەبرە مەخسۇس ۋەخپە ھوجرىلار مۇجاھىتلار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ، يەنى ئىسلامنى تارقاتقۇچىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. بۇ مازار بۇ تەرەپ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئومۇمي ئىستىقامەتگاھى ھېسابلىنىدۇ. ئاھالە ئىچىدە شۇنداق بىر بۇزۇق ئېتىقاتمۇ تارقالغاندۇر. گويا ھەجگە بارغۇچىلار بۇ مازارنى زىيارەت قىلماي ھەجگە بارسا ھەيجلىرى قوبۇل بولماي قالارمىش. ھەتتا ھىجاز خەلقى بۇ دىياردىن بارغان ئادەملەردىن سۇلتان ۋەيسنى زىيارەت قىلدىڭىزلارمۇ؟"ي دەپ سورىغىدەكمىش. "يوق" جاۋاۋىنى ئالسا: "ئېي، بېچارىلەر، شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەنلىگىڭىزدىن نېمە پايدا بار؟"ي دەپ كۈلۈپ كەتكىدەكمىش. بۇنى بەزى نادان ھاجىلار ئېيتىپ كېلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مازارغا ئەتراپتىن تۈركۈم—تۈركۈم

89

لەپ خەلقلەر كېلىپ زىيارەت قىلىپ، قۇرۋانلىق قىلىپ، كېيىن ھەجگە ماڭىدىكەن. ئاما بۇ مازار بۇ تەرەپ ئاھالىسىدىن كۆرە، مەلۇم تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇرۇغى سۇلتان ۋەيس ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي باشقا، مەجھۇل بىر ۋەيسل قىرانى ئاتلىق ئادەم قەبرى بولماق بىلەن مەلۇمدۇر. بۇنى بىزگە بۇ تېرىقىدە ھېكايەت قىلىپ بېرىشتى: ئەسىر سائادەتتە ھىجاز ۋىلايىتىدىن ۋەيسل قىرانى ئىسىملىك ئادەم خەلقتىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن ئىمىش. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئاۋرال تېغىدا بىر غارغا كىرىپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولمىش. ھەزرىتى رەسۇلىللا ئىكرامنى كۆرمەكچى بولسا، غايىبانە مۇھەببەت ئەتمىش ئىكەن. "ئوھوت ئۇرۇشىدا" رەسۇلىللانىڭ مۇبارەك چىشلىرىنىڭ سۇنغىنىنى ئاڭلاپ، گويا ھەزرىتى رەسۇلىللاغا مۇھەببەت يۈزىسىدىن، قايسى چىشلىرى سۇنغانلىغىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ بارلىق چىشلىرىنى سۇغىرىپ ئالغان. رەسۇلىللا دۇنيادىن رېھلەت ئەتكەندە، ئۆزىنىڭ سائادەت كەلتۈرىدىغان كىيىمنى ۋەيسل قىرانىگە ئەۋەتىپ بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن گاربيار ئەزەم ھەزرىتى كىيىمنى ئىلى ۋىلايىتىگە ئەكېلىپ، سۇلتان ۋەيسخانغا تاپشۇرغانمىش. ھېكايە تامام. لېكىن بۇ قەبرە، بىزنىڭ ئېنىقلىشىمىزچە، مۇنداق مەجھۇل ۋەيس قىرانى قەبرىسى ئەمەس، بەلكى مەلۇم ۋە مەشھۇر سۇلتان ۋەيس قەبرىسىدۇر. بۇنى بىزگە تارىخچى موللىلاردىن ھاجى مەرۇپ ئەپەندى ھەم شۇنداق بايان قىلغان. مەرۇپ پانتۇسوۋنىڭمۇ شۇ پىكىردە بولغانلىغىنى ئېيتىدۇ. بىزنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە مۇنداق مەجھۇل مازىر شەرەپ بەك كۆپتۇر. ئاما بۇلارنىڭ ئاساسي كۆپچىلىگى تۈركىي خەلقلەر بەگلىرى ۋە جوڭغار تۆرىلىرىنىڭ قەبرىلىرى بولۇشى، ئېھتىمال. ۋاللاھۇ ئالەم، خۇتئى ئەسىر ئەتراپىدا ئىلى ۋىلايىتىدە جوڭغارلار خانى غالدان دېگەن قالماق بولۇپ، ئالتىشەھەرنى ئىشغال ئەتمىش. ئۇ ھەزرەت ئاپپاق غوجىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغاندىن باشقا، ھەتتا تىيانشان ئەتراپىنى تامام زەبت ئېتىپ، خىتاي چېگارىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەندۇر. بۇ مەزگىلدە ئىلى قالماقلىرى خېلى دەرىجىدە كۈچەيگەن. كېيىن غالدان خان ۋاپات بولۇپ، ئۇر نىغا خوڭ تەيجى خان بولغان. بۇمۇ بىر خىل تەدبىرلىك ئادەم بولۇپ، ئالتىشەھەر ئىدارىسى ھەر ھالدا غوجىلار

90

قولىدا بولغان بولسىمۇ، ھەر شەھەرگە قالماقتىن بىردىن نازىر قويۇپ، غوجىلار ھەرىكەتلىرىدىن تامامەن خەۋەردار بولۇپ تۇرغان. ئالتىشەھەر غوجىلىرى ئىلىگە خىراجەت تۆلەپ تۇرغان. خوڭ تەيجىدىن قالغان ئاسار ئەتىقىلەر غۇلجا ئەتراپىدا ھازىرغىچە بار. ھەممىدىن قايتۇق ناملىق يېزىغا يېقىن ئوردىسى بولۇپ، ئۇنىڭ

خىشلىرىنى، كوزا، تاشلارنى يېزا ئاھالىسى ئېلىپ تۈگەتكەن بولسىمۇ، تام قالدۇق لىرى باردۇر.

بۇ ″ۋاقىت ھەزرىتى ئاپپاق غوجا دۇنيادىن رىھلەت ئېتىشى بىلەن ئىلىدا خوتۇ تەيجىمۇ ۋاپات .بولدى. كېيىن غوجىنىڭ ۋارىسلىرى جۇڭغار خانلىقىغا تابىلىكتىن باش تارتتى. ھەر نېچۇك ئىلى قالماقلىرى ئالتىشەھەر تەۋەسىگە تۇرپانغا قەدەر ئېرىشكەن بولسىمۇ، غوجىلار ئۈستىگە چېرىك ئەۋەتەلمىدى. سەۋەۋى خوتۇ تەيجى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا داباچى خان بولغان بولسىمۇ، خوتۇ تەيجىنىڭ ئىككىنچى ئايالىدىن بولغان بىر بالىسى خانلىق تالىشىپ، جۇڭغارلار ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى. ھۆكۈمەت ئادەملىرى ئىككىگە ئايرىلدى. ئامۇرسانا دېگەن قالماق خىتاي خانىغا بېرىپ، ″خانلىق مېنىڭ ئەۋلادىمغا تېگىشلىك ئىدى. باشقا بىر ئادەم زورلۇق بىلەن تارتىۋالدى. خانلىقنى قايتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بەرسىڭىز″،ې دەپ ئۆتۈندى.

خىتاي خانىغا جۇڭغار خانلىغىنى ئىشغال ئېتىشكە ئەڭ قولايلىق پەيت تۇغۇلدى. خىتاي خانى ئامۇرساناغا نۇرغۇن خىتاي چېرىگىنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ئامۇرسانا خانلىق ئارزۇسى بىلەن ئىلى ئۆلكىسىگە يېتىپ كەلدى. بۇنىڭغا داباچى باتۇر قارشى سوقۇشقان بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ قاچتى. خىتاي چېرىگى جۇنغار خانلىغىنى زەبت ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭغار خانلىغى ئىنقىراز بولدى. ئامۇرسانانىڭ قاياققا كەتكىنى مەلۇم ئەمەس. بۇ ۋاقىتتا خىتاي ئەس كەرلىرى ئالتىشەھەرنىمۇ زەبت ئېتىپ، بۇ ئىككى ئۆلكىنى بىر مەزگىلدە خىتاي خانلىغىغا قاراتتى. 1750ې1760–يىللار ئارىسىدا شەرقتىن خىتاي چېرىگى كېلىپ، جۇڭغار خانلىغىنى ئالغاندا، غەرپتىكى قازاق خانلىغىدىن ئابلايخان جۇڭغار خانلىغىغا بېسىپ كىردى. بۇنىڭغا غۇلجىدىن خىتاي گېنېرالى چىقىپ، كېلىشىم قىلدى. قازاقلارنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىلى ئۆلكىسىگە ئاياق باسقىنى شۇ

91

بولسا كېرەك. قازاقلارنىڭ جۇڭغار تۇپرىغىغا ئاياق باسقىنىنى رۇسىيىنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە قولى دەپ ساناپ، خىتاي ھۆكۈمىتى رۇسىيە بىلەن بېرىش–كېلىش قىلماي قويىدى. بۇنىڭدا چىڭگىزخان ″قاراقۇرۇمدا″ تۇغۇلۇپ، دەسلەپ ئال تىشەھەرنى زەبت ئېتىپ، بۇندىن غەرپ تەرەپكە يۈرمۈشكى، قالماق تابىئەسىدە چىڭگىزخاندىن بۇ يان شىمالدا: تابۇل، تارى؛ جەنۇبتا تۈركىستان، غەرپتە ئۇرال تېغىغىچە بېرىپ قايتىپ، كەڭ–تاشا ياشاپ جۈرگەندۇر.

خۇسۇسەن، جۇڭغار قەبىلىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاندىن تا خىتاي ھىمايىسىگە ئىگە بولغىچە ئۇلارنىڭ قارارگاھلىرى ئىسسىقكۆل، ئىلى ياقىسى، تېكەس تاغلىرى، ئالتاغ، ئالاكۆل، بالقاش، ئالتاي تاغلىرى بولۇپ، بۇ يەرلەردە ھېمىشەم قالماقلار بىلەن مۇئامىلىدە بولغان.

تېكەس ې ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولغان غۇلجا شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا ۋە قەشقەر ۋىلايىتى، ئالتىشەھەر، ئاقسۇ، كۇچارنىڭ شىمالىدا، قاراشەھەر ۋە تۇرپانىنىڭ غەربىدە ئەتراپى بەك ئېگىز تاغلار بىلەن قورشىلىپ باشقا ئۆلكىلەردىن ئايرىلغان، غەرپتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان بىر تار ئۆلكىدۇر. بۇ ئۆلكىنىڭ ئالتىشەھەر (ئاقسۇ) تاغلىرى غايەت ئېگىز بولۇپ چوققىلىرى دائىم قار بىلەن قاپلىنىپ تۇرغانلىقتىن غۇلجىدىن ئاقسۇ ياققا، يەنى قەشقەر ۋىلايىتىگە بىرلا يول بولۇپ، ئۇ مۇز داۋان ناملىق تارلا بىر داۋان ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خىخ ئەسىردىكى مەشھۇر كۇچار ئىختىلالىنى باسماققا غۇلجا جاڭجۇڭى ئەۋەتكەن ئەسكەرنى ئىختىلالچىلار مەزكۇر داۋاندا توساپ، ئۆتكۈزمەي قايتۇرغاندۇر ۋە شۇ سەۋەپتىن ئاقسۇ، كۇچار خىتايلىرى ياردەمسىز قالغان. (تەپسىلىي بىلىشنى خالىغانلار ″شۇرانىڭ″ 1912–يىلى چىققان سانلىرىغا قاراڭلار.(

بۇ تېكەس تاغلىرىدا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ھەر تۈرى كۆپ بولۇپ، توپ–توپى بىلەن يۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياققا ئامېرىكىلىق سەيياھلار كېلىپ، ئو ئولاپ، ئەڭ كام ئۇچرايدىغان ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ۋە مۈڭگۈزلىرىنى ئېلىپ كېتى

92

دۇ. ئىلى سۇيىنىڭ بېشى شۇ تېكەس تاغلىرىدىن باشلىنىدۇ. بۇ ئۆلكىنىڭ بۇرۇن تۈركىي خەلقلەرنىڭ قارارگاھى بولغانلىغى تاغ–داۋانلارنىڭ ناملىرىدىن مەلۇمدۇر. مەسلەن، ئاتىنىڭتېغىدا چىنتۆمۈر باتۇرنىڭ قەبرىسى بار. بۇ ئادەملەرنىڭ قايسى زامان ئادەملىرى ئىكەنلىگى مەلۇم ئەمەس (چىنتۆمۈر باتۇر ھېكايىسىنى بالا ۋاقتىمدا ئاڭلىغان ئىدىم). ئامما بۇ ئۆلكىدە بەش–ئالتە ئەسىردىن بېرى مەزكۇر جۇڭغار قالماقلىرى بولغانلىغى مەلۇمدۇر. قالماقلارنىڭ مەشھۇر خانى خوڭ تەيجى بۇ يايلاقلاردا يايلايت تىكەن. بۇ ئۆلكىدە بۇرۇنمۇ قازاق، قىرغىز بولغانمىش. غۇلجا خانلىغى ۋۇجۇتقا كەلگەندە ياكى ئۇنىڭدىن بىر ئاز يىل بۇرۇن بۇ يەردە تۇرۇش ئۈچۈن قازاقلارغىمۇ ئورۇن بېرىلگەن. غۇلجا خانلىغى رۇسىيە دۆلىتىگە تابى بولغاندا، تېكەس قالماقلىرى ئالمۇتىغا كۆچۈپ كەتكەن بولسىمۇ، غۇلجا خىتايغا ياڭلىۋاشتىن قوشۇلغان چاغدا قايتىدىن كۆچۈپ كەلگەندۇر. شۇندىن بېرى قالماقلار بىلەن قازاقلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاندۇر. (بۇ ھېلىقى ئىلى ۋىلايىتى ۋەقەلىرىدە جۇمھۇرىيەتچىلەرگە قارشى تۇرۇپ، كۈچ كۆرسەتكەن قالماقلار شۇ ئالمۇتىدىن كۆچۈپ كەلگەن قالماقلاردۇر). بۇ ئۆلكىدە بۇرۇندىن قالماق، قازاق، قىرغىزلار بولغان بولسىمۇ، تارانچى، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى بولمىغان ئىدى. ھالبۇكى، كېيىنكى يىللاردا بۇ يەرلەر دە ئۇيغۇرلار بولۇشقا باشلىغان. ھازىرمۇ قەشقەر، تارانچى تۈركلىرى تەرىپىدىن ھەر يەرلەردە مەھەللىلەر ۋە يېزىلار پەيدا بولغان، مەسلەن، قوبا دېگەن يېزا. بۇ يېزىدا بىر مەسچىت، يىگىرمىچە دۇكان بار. بۇ يېزا بارغانسىرى چوڭايماقتا. كۆپ ئۆتمەي بۇ ئۆلكىدە قانچە قانچە يېزىلار بارلىققا كېلىدىغانلىغى ھەقىقەتتۇر. چۈنكى تېكەس دېخانچىلىق قىلىشقا ئەڭ قولايلىق يەردۇر. بىر خو ئۇرۇق يۈز خو ھوسۇل بېرىدۇ.

ن. ئابدۇسېمەتوۋ "شۇرا" جۇرنالى، 1915–يىلى 3–سانى

93

بىزنىڭ تۇرمۇش

بۇرۇنقى زاماندا "ئۇيغۇر" ئاتىلىپ، ھازىر ئاتسىز قالغان شەرقىي تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر. بىز بۇنى 1914–يىلى ئاقسۇ سەپىرىمىز ئەسناسىدا كۆرگەن ئىدۇق. مە سلەن، ئۇ يەردە 15 سوم قەرزنى بېرەلمەي قالغان بىر تۈرك ئەزىز بالىسىنى بىر خىتاي سودىگىرىگە ساتقانلىغىنى، ئىككى–ئۈچ مۇسۇلمان ئايالىنىڭ بىللە بىر ئىپلاس خىتايغا بېرىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئائىلە تەشكىل قىلغانلىغىنى ۋە جاڭگۇيدىسىنى ماختىشىپ، ئۆتكەن–كەچكەن ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە قىلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتىرىشقىنىنى، سارايلاردا تولىسى مۇسۇلمانلار پاھىشۋازلىق قىلىپ، خىتايلار بىلەن ھەزىللىشىپ، ئوينىشىپ ئولتۇرۇشقىنىنى، تەپسە تۆمۈر ئۈزگىدەك ياش يىگىتلەر تۈركۈم–تۈركۈم بولۇپ يۈرۈشۈپ، كوچىلاردا ۋاقىراپ يۈرۈپ، بىر پارچە نان غېرىۋى بولۇشۇپ، باشلىرىنى دېۋانىلىققا سېلىشىپ، "يا، دوس، يا، ئاللا" دەپ ھاۋانى ياڭرىتىپ، دۇنيانى چاڭلىتىپ بىر پۇل ئۈچۈن ئۆتكەن–كەچكەننىڭ ئېتىگىگە يېپىشىپ يۈرگەنلىگىنى، ئۆز مەئىشىتىنى ئۆزى تەمىن قىلماققا تىرىشقان نومۇسلۇق ئىشچىلارنىڭ كۈنلۈك ھەققى 6 تىيىن بولغانلىقتىن، بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى تەمىن ئېتىپ، دۇنيادا ياشاش ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىگىنى، بۇندا ھۈنەر–سانائەت نامىغا يالغۇز ماتا–چەكمەن ۋە شايى قولدا توقۇلسىمۇ، لېكىن ئاياق كىيىملىرى بىلەن يارىشىدىغان دەرىجىدە چىرايلىق بولمىغانلىقتىن، بازىرى يوق ئىكەنلىگىنى، سودا–تىجارەت ساھەسىدە ئېيتقىدەك ئىش قىلغان بىرمۇ تىجارەت ئورنى بولمىغانلىغىنى، ئوقۇش ئوقۇتۇش بولسا تا ھەزرىتى نوھ زامانىدىن قالغان ئۇسۇل بىلەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەرەپلەردە مەتبۇئات بۇ ئەسىردە بولمىغانلىقتىن، بۇ جەھەتتىن ھېچ نەرسە يوقلىغىنى كۆرگەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلە تەربىيىسى بەك ناچار ھالدا بولۇپ، باللارغا كىچىگىدىن ئىسلام

تەربىيسى بېرىپ، ئىسلام روھى بىلەن روھلاندۇرالمىغانلىقىدىن، مىللىي مەتبۇئات بىلەن ئاشنا ئادەملەر ئەمەس، بەل كى مەتبۇئاتنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭمۇ بارلىقى گۇمانلىق ئىدى. خۇلاسە: بۇلارنىڭ

94

تۇرمۇشىدىن مۇرات ھاسىل ئەمەس. ناچار ھاللىرىنى كۆرۈپ قايغۇرۇشقان ۋە بۇنىدىن تولايى شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە بەك ۋەھىمىدە ئىكەنلىكىنى سەزگەن ئىدۇق. لېكىن شۇنداق بول سىمۇ، ئاقسۇ تۈركىستان شەرقىنىڭ نەق ئوتتۇرىسىدا بولغانلىقتىن، بۇلار ختاي خەلقىدىن غەيرى مىللەتلەرگە ئارىلاشماي ياشىغان، ئەمدى ختايلار بولسا مەدەنىيەتتىن بەك يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار بەك ئارقىدا قالغان. بۇ يەردە مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئانداق ئەمەستۇر. قەشقەر خەلقى تەرەققىي ئەتكەندۇر. ئۇ يەردە بەك تەرەققىيپەرۋەر مۇسابائېۋلار، ئابدۇقادىر داموللىلار بارغۇ دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بەرگەن ئىدۇق ھەمدە تېز ۋاقىتتا بۇ دىيار ئەھلىمۇ قەشقەرلەردىن ئۈلگە ئېلىپ، تېز ئالەم مەدەنىيىتىگە ئاياق باسىدۇ دەپ ئۈمۈت قىلغان ئىدۇق. لېكىن بىزنىڭ بۇ ئۈمۈتلىرىمىز خاتا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. سەيياھ مۆھتەرەم نوشۇرۋان ئەپەندى بىزنى شەرقىي تۈركىستان تۇرمۇشى بىلەن يېقىندىن تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئىستىق بالىمىز بەك ۋەھىملىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق.

نوشۇرۋان ئەپەندىنىڭ يېزىشىچە، قەشقەردە بۇندىن 3—4 يىل ئىلگىرى گېزىت ئوقۇغۇچىلار بولمىغان بولسىمۇ، ھازىر خېلى كۆپەيگەنلىكى، بۇ ھال ئارقىلىق ئۆز ئەھۋاللىرىنى چۈشىنىپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئىنقىرازلىقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىغانلىقىنى، بىرەن—سەرەن تەرتىپلىك مەكتەپلەر بولۇشقا باشلىغانلىقىنى ئاڭلىساقمۇ، بۇ ئىشلار ئۇلارنى مەتلۇپ بولغان مەخسەتكە يەتكۈزدى، ئىنقىراز چوڭقۇرىدىن تارتىپ ئالالمايدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ كېسەل ئادەم ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىش، چۈشىنىشى بىلەن ساقايدى دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئاۋال بۇنى داۋالاش ئۈچۈن تېۋىپ كېرەك. بۇنىڭ تېۋىپى جەسۇر، پائال ۋە ھېچ ھارماس تالماس خادىم، قابىلىيەتلىك ئالىملاردۇر، ئۇلارنىڭ داۋالىرى ياش بۇغۇنلارنى سۆزدىن كۆپرەك ئىشقا ئۈگىتىشى كېرەك. مۇنداق بولمىغاندا، مەكتەپتە بىلىپ چىققان ئىلى مىڭ ئەمەلىي جەھەتتىن بىر ئىشقا يارىمىسا، قۇرۇق پەلسەپە سېتىپ، ئالەمنى ياڭراتقان بىلەن ئىنقىرازلىقتىن قۇتۇلالمايسەن. بۇرۇنلاردىنلا بىز مولللارغا كامچىل ئەمەس ئىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ئىنقىراز تەرەپ

95

كە مېڭىشىمىزنى توسالمىدى. سەۋەبى، ئۇلار پەلسەپە سېتىپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇشقا ماھىر بولسىمۇ، ئىش توغرىسىغا كەلگەندە ئۇلار ئۆز مەئىشەتلىرىنى (ئۆز تۇرمۇشىنى) ئۆزلىرى تەمىن ئېتىشتىن ئاجىزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئاۋام خەلق ”موللا كىشى ۋ يېرىم كىشى“ ېي دەپ ئاتايدۇ. قاچانكى بىزنىڭ خەلق ”موللا كىشى ۋ يېرىم كىشى“ ۋ دېگەن ئېتىقاتتىن قايتىپ، ”موللا كىشى ۋ پۈتۈن كىشى“ دېگەن ئېتىقاتقا كەلسە، مولللارمۇ پائالىيەت كۆرسىتىپ، ”موللا كىشى پۈتۈن كىشى، ئاۋام كىشى ۋ يېرىم كىشى“ ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكەندەك ھالغا كەلسە، تەرەققىيات يولىغا كىرىپ، ئىنقىراز يولىغا كىرمەيدىغان بولالاتتۇق. يەنە نوشۇرۋان ئەپەندىنىڭ قەشقەر مەكتۈپلىرى ئارىسىدا مونۇ جۈملىلەر كۆرۈندى: ”يېقىندا قەشقەرلىك بىر قازىنىڭ ئايالى قېچىپ، بىر ختايغا بارغان، قازى مەزكۇر ختاي ئۈستىدىن ھاكىمغا ئەرىزە بەرگەن. مەزكۇر ئايال ھۆكۈم ۋاقتىدا ”مېنىڭ ئېرىم قازى ئەمەس، ختاي“ دېگەن. يەنە بىر ئۇيغۇر بىر ختايغا قەرز بولغان 15 سومنى بېرەلمىگەنلىكىدىن، ئەزىز بالىسىنى سويۇپ بەرگەن“. مانا بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز...

دېمەك، ھەممە يەردە بىر ئەھۋال. ئۇ يەردىمۇ شۇنداقلا پاھشۋازلار، دىۋانىلەر، تىلەمچىلەر، قىمارۋازلار بىرىنچى دەرىجىدە رول ئوينايدۇ. مىللەتپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەرلەر ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. يۇقىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ئاۋال ئۇيغۇر ئاتىلىپ، كېيىن ئاتىسىز قالغان"نى دېگەن ئىدۇق. نېمە ئۈچۈن؟ يەرلىك بىر تۈرككە سەن كىم دېسەڭ، قەشقەرلىك ياكى خوتەنلىك دەيدۇ. "ئۇ يەرنىڭ ئىسمىغۇ؟"دېسەڭ، ھامان "مەن مۇسۇلمان" دەيدۇ. ياق مەن دىنىڭنى سورىمىدىم دېسەڭ، ھودۇقۇپ "مەن چەنتۇ" دەيدۇ. قازاق، قىرغىزغا ئارىلاشقان يەردىكىلەر "بىز سارت" دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىگىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا جاھالەت.

بۇغراخان

1. قەشقەر خانلىرىدىن بۇغراخان ئىسمىگە بېغىشلانغان "قۇتادغۇ بىلىك" كىتاۋىنى يازغان يۇسۇپ خاس ھاجىپ

96

بىلەن ماۋەرائۇننەھىردىن بارغان يۇسۇپ قادىرخان ئىككىسى بىر ئادەممۇ؟ مۇنداق بولسا مەزكۇر كىتاپ 10– ئەسىردە يېزىلغان بولۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى يۇسۇپ قادىرخان 961– يىلدا قەشقەرگە بارغان ئىكەن. ھالبۇكى، "قۇتادغۇ بى لىك" 1071–يىلى يېزىلغانلىغى كىتاپ ئىچىدە مەلۇمدۇر.

2. بۇغراخان قەشقەر خانلىرىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى مەزكۇر خانلارنىڭ ئۇنۋانىمۇ؟

3. بۇرۇنقى تۈركلەردە خاقان بىلەن خاننىڭ ماۋقەئەلىرى بىر ئىدىمۇ؟ ياكى خان دېمەك ئوسمانىيلارنىڭ پادىشالىرىغا ئوخشاش بىرەر ئۇنۋانمۇ؟

4. "شۇرا"نىڭ ئۆتكەن يىلقى ساندا يۇقىرقى سوئاللارغا تەئەللۇق بىر تارىخچە يېزىلغان ئىدى. بۇنىڭدىكى شەخسلەر كىملەر؟ مەداين شەھرى نەدە؟

5. ئۇيغۇرلارنىڭ بىردىنبىر كونا ئەسرى، ئۇلۇق ئەسەر "قۇتادغۇ بىلىكنى" "شۇرا" سەھىپىلىرىدە چىقىرىپ، تۈرك قېرىنداشلارنى خوشال قىلىشقا مۇمكىن بولماسمۇ؟

6. 1910–يىلى مۆتىۋەر "شۇرا"دىن يۇسۇپ سەككاكى كىم ئىكەنلىگىنى سوراپ يازغان ئىدىم. بۇنىڭغا بولسا مەزكۇر ئادەم توغرىسىدا رۇس سەيياھلىرىدىن بىرىنىڭ بىر رىسالىسى بار ئىكەنلىگىنى، لېكىن ھازىرچە مەزكۇر ئەسەرنىڭ تېپىلمىغانلىغىنى يازغان ئىدىڭىز، ئامما ئۆتكەن ساندا مەزكۇر ئەسەر ئىدارىگە بىر مۇئەللىم تەرىپىدىن ھەدىيە ئېتىلگەنلىگى يېزىلغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەزكۇر ئادەم توغرىلىق ھېچ نەرسە يېزىلمىدى. ئەمدى بۇ توغرىلىق بىر ھەممەت قىلىپ يازسىڭىز ئىدى، بىز بۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇپ قالدۇق.

يەنە مەزكۇر مۇئەللىپ مۆھتەرەم پانتۇسوۋنىڭ تارانچى–قەشقەرلىكلەر تارىخىغا ئائىت بىر چوڭ ئەسرى بار ئىكەنلىگىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەر كىمدە بولسىمۇ تۆۋەندىكى ئادرېسقا ئوچۇق خەت مەلۇم قىلسا، ئارتۇغى بىلەن پۇل تۆلەپ سېتىۋالغان بولار ئىدىم ۋە باشقىمۇ ئالدىغان ئادەملەر تېپىلىپ قالىدۇ. ئادرېسىم:

س. ت. پودگورنىي سېمىرېچ. ئوبل. دجاركېنت ئۇئېزد. سېلو كولجات ن. ئابدۇساماتوۋ

97

"شۇرانىڭ" جاۋاۋى

1، 2ھەم 3 مەسىلىلىرىڭىز ھەققىدە "تارىخ خەمسىيە شەرقى" كىتاۋىدا بىر قەدەر مەلۇماتلار بار. 658، 681، 683–بەتلەرگە مۇراجىئەت قىلىڭ

4. مەداينېئىران شاھلىرىنىڭ پايتەختىدىن بىرى بولغان مەشھۇر شەھەر بولۇپ، خارابىلىرى بۈگۈنكى باغداتقا يېقىن بىر يەردىدۇر.

5. ″قۇتادغۇ بىلىك″ ئۇيغۇر قەلىمى بىلەن يېزىلغان چوڭ بىر ئەسەر بولغانلىقتىن، ″شۇرا″غا كۆچۈرۈپ يېزىشقا بولمىدى.

6. سىزنىڭ سوئالىڭىزغا كەلگەندە، مەلۇم رۇسچە ئەسەرنى تاپالمىدۇق، كېيىن مەزكۇر ئەسەر كەلدى، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ سوئالىڭىز خاتىرىمىزدىن چىقىپ قالغان ئىكەن. ئەمدى سوئالىڭىزنى خاتىرىمىزگە چۈشەردىڭىز، لېكىن كىتاب تېپىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشىڭىزنى بېجىرەلمىدۇق. مەزۇر كۆرۈڭ.

–1910يىلى 15–ماي ″شۇرا″ جۇرنالى، ئورېنبۇرگ.

تىل يارىش

ئىشتىراك ئېتىپ، ماقالىلار يازغىنىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندە ئىسىملىرى

تىل يارىش ھەققىدە ئولان دەۋەتنە

ئىشتىراك ئېتىپ، ماقالىلار يازغىنىڭىز ئۈچۈن تۆۋەندە ئىسىملىرى يېزىلغان زاتلارغا ″شۇرا″ ئىدارىسى سەممىمي سۈرەتتە تەشەككۈر ئېيتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ″تىل يارىش″ مەجمۇئەسىدىن بىر نۇسخە ھەدىيە ئەتتۇق. نەزەرغوجا ئابدۇسېمەتوۋقا: بۇگۈنكى ئادرېسىڭىزنى ئىدارىگە ئەۋەتىشىڭىزنى ئۆتۈنىمىز. ئادرېسىڭىزنى 15–ئىيۇنغا قەدەر كەلتۈرۈشىڭىز مەتلۇپ. ئورەنبۇرگ شەھرىدە يېزىلغان كىشلەر ″تىل يارىش″ مەجمۇئەسىنى ئۆزلىرى توغرا ئىدارىگە كېلىپ ئالارسىلەر.

1910––يىلى 15–ماي

″شۇرا″ جۇرنالى

ئورېنبۇرگ شەھرى

تارانچى تۈركلىرىنىڭ ھاياتى

تارانچى تۈركلىرى ئومۇمەن مەدەنىي بولۇپ، ھەممىسى شەھەر ۋە يېزىلاردا ئولتۇراقلىشىپ، تىرىكچىلىك قىلىدۇ. بۇلارنىڭ تۇرمۇشى ئىككى دەۋرگە بۆلۈنگەندەك، يۇرتلىرىمۇ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بىرىنچىسى ئالتىشەھەردىن كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان يۇرتى. ئۇنىڭ كوچىلىرى غەيرىي مۇنتەزىم، ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى كېسەكتىن بىرلىرى ئېگىز، بىرلىرى پەس قىلىپ، قالايمىقان سېلىنغان بىر بىرىگە مۇتەسىل بۆلۈنمىدىغان كوچىلاردا ئەتىياز، باھاردا، پاسكىنىلىق ھۆكۈم سۈرگەنلىكتىن ھەر تۈرلۈك سېسىق پۇراقلار كۆتىرىلىپ تۇرىدۇ. بۇندىن ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر پەيدا بولۇپ، ئاھالىنى قىينايدۇ. كېيىنكىلىرى بولسا غۇلجا خانلىغى روسسىيا دۆلىتىگە تابى بولغاندىن كېيىن يەتتىسۇ–ئۆلكىسىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى يۇرتىدۇر. بۇلارنىڭ كوچىلىرى تەرتىپلىك، مۇنتەزىم ۋە تازا بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئەتراپى باغلار بىلەن قورشالغانلىقتىن، ئاۋۇلقىلارنىڭ ئەكسىچە، باھاردا خۇشپۇراق چېچىلىپ تۇرىدۇ. مۇنداق يۇرتلارنىڭ بەزى ئىمارەتلىرى

چىرايلىق بولۇپ، كوچىغا قارىغان چوڭ–چوڭ دېرىزىلىرى

بار. ئامما ئاۋۇلقىلاردا كوچىغا قارىغان دېرىزىلىرى ناھايىتى ئاز، كۆپرەك دېرىزىلەر ھويلا ئىچىگە ئورۇنلاشقان. تارانچى يېزىلىرى قىشنى بەك جىم–جىت ئۆتكۈزىدۇھېچ بىر ھەرىكەت يوق، ياشلىرى ئوقۇيدۇ. چوڭ كىشلەر ئاپتاپقا يىغىلىپ، بەسلىشىپ بەھۇزۇر كۈن ئۆتكۈزىدۇ. كېچىنى بولسا″ ئۇلار ئومۇمىي تۈركىستانلىقلاررغا ئوخشاش، مەشرەپ، نەغمە–ناۋا، ئويۇن–كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ئۇششاقبالىلارنىڭ بەزىلىرى مەكتەپكە ماڭىدۇ ۋە قايسىلىرىكۈننى ئوشۇق ئويناپ ئۆتكۈزىدۇ، باشقا ئىش يوق.

قىش بويى ھاياتى جىملىقتا بولغان تارانچى دۇنياسىمارت ئېيى كىرىشى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، بال ھەرىسىگەئوخشاش، تىنىمسىز غىجىلداپ، ئىش–ھەرىكەت باشلايدۇ. بولۇپمۇ بۇ ۋاقىتتا چەتتىن قارىغان

كىشلەرنى ھەيرانقالدۇرىدىغان بىر پائالىيەت كۆرۈنىدۇ. ھەر كىم ئۆز ئىشىدا. بىرى ئىككىنچىسى بىلەن بەسلىشىپ سۆز قىلىش تۇرماق، بۇرۇلۇپ قاراشقىمۇ ۋاقتى يوق. ھەر بىر تارانچىئىپتىز تەييارلىغى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، چامىسىنىڭ يەتكىنىچە تىرىشىدۇ. كۈنىنىڭ بىر سائاتىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي،ئەكسىچە، بۇ بىر سائات بەك قىممەت باھاغا چۈشىدۇ.شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋىلىرىمىز "كۈنلۈكتىن قالساڭ يىللىقتىن قالىسەن"،ىي دەگەن ئىكەن. مانا بۇ ماقاللارنىئۇلار دەستۇر، ئامىل قىلىپ تۇتقان، شۇ نىيەت بىلەن ئارام—كۈن كەچۈرىدۇ. لېكىن تارانچى تۈركلىرى دېخانچىلىققا ماھىر، ئىخلاسلىق، تىرىشچان بولسىمۇ، قوللانغان دىخانچىلىق جابدۇقلىرى بەك كونا بولۇل، ھەزرىتى ئادەمزاماندىن قالغان بوغۇسا دېگەن بىر تۈرلۈك ياغاچ ساپانلاردۇر. بۇ زامانلاردا مۇنداق جابدۇقلارنى قوللىنىشقىيىن كۆرۈنسىمۇ، ئۇلار ھۇنۇز يېڭى ئۇسۇلنى، دېخانچىلىقجابدۇقلىرىنى ئالماشتۇرۇپ كېتەلمىدى. شۇنداق بولسىمۇ قوشنىلىرى ىي خوخوللاردىن كۆرۈشى بىلەن تېزدىن زامانىۋى جابدۇقلارنى ئېلىپ، ئىشلىتىشكە باشلاشنى ئۈمىد قىلماقتا. تارانچى تۈركلىرى ئىلى ۋىلايىتىيەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىدىكىيەرلىك خەلق ھېساپلىنىپ، بۇندىكى دېخانچىلىق ئومۇمەنقولىدا بولسىمۇ، سودا—تىجارەت تەرەپتىن بۇلار چەتتىن كېلىپ تۇرغانلاردىن ئارقىدا قالغان. چۈنكىتارانچى تۈركلىرىدە شىركەت بولۇپ ئىش قىلىش تېخى ئادەت بولمىغانلىقتىن، تارانچى سودىگەرلىرى تارانچىدىيارىدىن چىقالمايتتى. ھامان شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرىدۇ.بىچارىلەرنىڭ مىڭ مۇشەقەتلەر بىلەن ئاران قولغا كىرگۈزگەن ماللىرىنى ئەرزەن باھا بىلەن، بايىقى چەتتىن كەلگەن قەرىنداشلارغا بېرىشكە مەجبۇر بولاتتى. ئاماچەتتىن كەلگەن نوغايلار ۋە سارتلار شىركەت بولۇپ ئىش قىلغانلىقتىن، بۇلاردىن ئالغان ماللىرىنى، ماكاريا ۋە تۈمەن بازارلىرىغا ئاپىرىپ ساتىدۇ. بۇ ساھەدە بۇلارسومغا سوم تاپاۋەت قىلىدۇ. سارتلارمۇ شۇنداقلا ئەنجان، تاشكەنت بازارلىرىغا يەتكۈزۈپ ساتىدۇ. شۇنداق قىلىپ پارچە قىلىپ پارچەپارچە مال ساتقۇچىلار بىرلەشكەن چون سودىگەرلەرگە بەقىندى بولۇپ، ئۇلارغا ياللانمىچىلىق خىزمىتىنى ئىجرا ئېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، باشقا چارىسى يوق. شۇنداق قىلىپ تارانچى تۈركلىرى مەئىشەت تەرىپىدىن

دىنمۇ غەيرىلەردىن ئارقىدا، تۆۋەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھاللىق ھېساپلىنىدۇ. خىراجەت ۋە ئۆي جىھازى تەرەپلىرىدە ئۇلار باشقىلاردىن ئەسلا قېلىشماسلىققا تىرىشاتتى. قىسقىسى، ئۇلار ئىسراپچانىراق بولۇپ، ئىختىساتقا دېگەندەك رىئايە قىلالمايتتى.

تارانچى ئۆيلىرى ھەر تۈرلۈك جىھاز بىلەن جىھازلىنىپ ، پولدا كىگىز، پالاز، گىلەم، چۈشەكلىرى بار ئۆزلىرى شۇ كۆرپىلەر ئۈستىدە پۈتلىرىنى قاتلاپ ئولتۇرىدۇ. ئۈستەل، ئورۇندۇق ئوخشاشلار زادىلا ئۇلارغا ئادەت بولمىغان. شۇنداقلا كىيىم—كېچەك جەھەتىدىن غەيرىلەردىن قېلىشماسلىققا تىرىشىدۇ.

بۇرۇنقى زامانلاردا بۇلاردا ئەھۋال باشقىچە بولغان. قەشقەر بۆزىدىن ئورتىچە كۆينەك، كەڭ ئىشتان، ئۇشۇققىچە ئۇزۇن چاپان، بېشىغا قارا ئەلتىرىدىن كىچىككىنە تۇماق ئوخشاش تۆپە، پۇتىغا كۆندىن تىكىلگەن ئۆتۈك، كەشە كىيگەن. ئەلھاسىل، بۇلار ھازىر باشكىچىلا بولۇپ كەتكەن. پۇتىدا بولسا شىگىرىن ئۆتۈك، ئامېرىكا كەشە، بېشىدا كەمچەت تۆپە ھەم رېزىنكا كالاش بار. ئۈستىدە لامبۇكتىن چاپان، ئىشتان، كۆينەكلىرى ھەر تۈرلۈك نەپىس، يۇمشاق ماتېرىياللاردىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقلا خوتۇن—قىزلىرىمۇ چىت ياكى يۇڭ ماتېرىياللاردىن—ئۇزۇن كۆينەك، بۇنىڭ سىرتىغا بايلىرى پلاش، ئوتتۇرا ھاللىقلىرى لەستۈكتىن پەشمەت كىيىش، باشلىرىغا شال، رومال سالىدۇ. تارانچى خوتۇن—قىزلىرى ئەزەلدىن يېزىلاردا، ئۆزى ئوچۇق، پەرەنجىسىز يۈرىدۇ. بۇنىڭغا ھېچ بىر تارانچى ناچار كۆز بىلەن قارىمايدۇ. تارانچى خوتۇنلىرى ھەممە ۋاقىت ئوچۇق، مۇلايىم ۋە يۇگاچ بولىدۇ. ھەر قانداق ئىش—ھەرىكەتلەردە ئەرلىرىگە

ئۆمۈرلۈك يولداشلىق ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن باراۋەر ئاياللىق ئۆي-ئىشى، بالا تەربىيلەش توغرىسىدا ئەسلا كامچىلىق قىلمايدۇ. لېكىن تارانچى تۈركلىرىدە بۇرۇندىن تارتىپ قىزلارنى ئوقۇتۇش ئادىتى بولمىغانلىقتىن، تارانچى خوتۇنلىرى ھەقىقىي تەربىيە ئۇسۇلى ۋە ھېيزى سەھەت (تازىلىق) قائىدىلىرىدىن خاۋەردار ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈنمېكىن، تارانچى ئائىلىلىرىدە باللار تەربىيسى بىر ئاز ناچار. بۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن-قىزلار دۇنياسىدا ھەم خۇراپاتقا ئىشىنىش ناھايىتى
101

كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ھەر تۈرلۈك ئاغرىق-سىلاقلا مۇتلەق جادۇ، سېھىر ۋە جىن شەيتانلاردىن كۆرىدۇ. داۋالاشلىرى ئىرىم-جىرىم، ئۈشكۈرۈك-تۈكرۈكلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بېچارە ئاغرىكلارنى ۋاقتسىز كەبرىگە يوللايدۇ. ياكى تېخىمۇ ئاغرىقچان قىلىپ، ئىشتىن چىقىرىدۇ. تارانچىلار ئارىسىدا دوختۇرلار بولمىغانلىقتىن، ئاددىي ئاغرىقلاردىن باشقا، تۈرلۈك يۇقۇملۇق ئاغرىقلارمۇ پەۋقۇلاددە جىق بولىدۇ. مەسلەن، 1910-يىلى تارانچى يېزىسىنىڭ بىرسىدە بولغان يۇقۇملۇق ئاغرىق توغرىسىدا "ۋاقىت"نىڭ 614-سانىدا شۇنداق يېزىلغان: "ياركەنت ئۇيېزى غالجات يېزىسىدا ئۆتكەن يىلى چېچەك ئاغرىگى پەيدا بولۇپ، كۈنگە تۆرت-بەش بالىنى قەبرىگە ئېلىپ كەتكەن ئىدى. بۇ يىلى قىزىل ئاغرىغى پەيدا بولۇپ، بىر ئاي ئىچىدە 90 بالا ۋاپات بولغان. غالجات ئەتراپىدىكى قىرغىز ئائىلىلىرىدە چېچەك ئاغرىغى تارقىلىشقا باشلىغان. ئۆلۈم كۆپ بولۇپ، 30 ياشتىن يۇقىرى كىشلەردىنمۇ بىر نەچچىسى ئۆلگەن. مۇشۇ ئەسىردە مەدەنىي مەملىكەتلەردە چېچەك ئاغرىغى تۈپ-يىلتىزىدىن يوقالغان ۋە ئۇلار ئۇنتۇپ كەتكەن ئاغرىق، بىزدە كىشلەرنىڭ ئىككىدىن بىرى شۇنىڭدىن ئۆلىدۇ. بۇ يەردە "ئىنقىراز" كىتاۋىدىكى ئاغرىق ئەسكە چۈشىدۇ. مانا بۇنىڭدىن بىزنىڭ ئارىمىزدا يۇقۇملۇق ئاغرىقنىڭ قانچىلىك مۇدھىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولسا كېرەك. يەنە تارانچى تۈركلىرىدە ئاغرىقلارغا "پېرە ئوينىتىش" ئادىتى بار. "پېرە ئويۇنى" شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئاغرىق ياتقان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تۇغ قاداپ، ئاغرىق تۇغدىن چىر ئايلاندۇرىلىدۇ. بۇنىڭ ئارقىسىدىن باخشىنىڭ ئاغىنىلىرى داپ-دۇمباقلارنى چېلىپ ئاۋۇيدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باخشى ئۇزۇن كۆينىگىنى كۈركە قىلىپ. پىرقىراپ، چۆرگىلەپ ۋاقىراشقا باشلايدۇ. ئاخىرىدا بېچارە ئاغرىقنى ياغاچ خەنجەر بىلەن خەنجەرلەپ تاشلايدۇ. تارانچىلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە، بۇ باخشىلار جىنلار بىلەن ئالاقىدار بولۇپ، گويا ئۇلار جىنلارنى ھايداپ تاشلايدۇ. ئاغرىقلار شۇنىڭدىن كېيىن ساقىيىشقا باشلايدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، رۇسلار بۇلارنى "شەيتاندوختۇر دەيدۇ. لېكىن موللىلارمۇ ئۇلاردىن قېلىشماسلىققا تىرىشىدۇ. بۇلارنىڭ كۆز
102

قارىشى بويىچە جىنلارنى ئۇنداق ئوينىتىپ ئەمەس، بەلكى ئوقۇپلا چىقىرىش مۇمكىن. بۇنداق ئوقۇش ئاشۇنداق جادۇ ۋې سېھىرلەرنى قايتۇرىدۇ. شۇڭلاشقىمىكىن □رەد كۆردۇم، باتىل كۆردۇم□لەرنى قايتۇرۇپ ۋې قايتۇرۇپ ئوقۇپ بەك□شىپالىق□مىكروبلارغا تولغان تۈكرۈكلىرىنى بىر قاچىغا تۈكۈرۈپ ۋې تۈكۈرۈپ، ئاندىن بۇ شىپالىق سۇ بىلەن بېچارە ئاغرىقلارنى

چۆمۈلدۈرىدۇ. ئېيتىشىچە، بۇ چارە شۇ دەقىقىدىلا بەك يېنىكلىك بېرەرمىش. شۇنىڭ بىلەن ئۆز خىزمىتىنى ئادا قىلىدۇ، ئاپىرىن موللىلاغا! تارانچى موللىلىرىمۇ بۇنىڭغا پەۋقۇلاددە ئىستېداتلىق بولغانلىقتىن مۇندىن باشقا كەسىپ ئەھلىلىرى كەسپلىرىدىن توختاشقا مەجبۇر بولىدۇ. مەسلەن، 1905- يىلدىن ئىلگىرى تارانچى دىيارىدا

ئىشانلىق ئادەتتىن تاشقىرى شۆھرەت قازىنىپ بۇندا ئىشانلار بىرىنچى رول ئوينىغان ئىدى. بۇلار ئۆز مەۋقەلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن. مازارلارنى كۆتىرىپ ئۇلارنى خۇدا بىلەن–بەندە ئارىسىدىكى ۋاستە دەپ، يەنى "پىر ۋ پىرغا يەتكۈزەر پىر خۇداغا" دەپ تەلىم بەرگەن. مۇندىن تولايدۇركى، تارانچى" ئاكىلار پىرلىرى ئىشانلارغا مەھكەم يىپپىشقان ۋە ئۇلار ئۆز نەزەرلىرىدە پىرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن جەننەتكە كىرمەكچى بولغان. بۇنى كۆرۈش بىلەن بىزنىڭ موللىلارمۇ تىچ تۇرمىغان. ھامان ئۆزلىرىنى ئىشان دەپ ئىلان ئەتكەن. دىمەك، بۇلار بىلەن ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا تالاش–تارتىش باشلانغان. لېكىن ھەر ئىككىسى ئىشانلىق پەردىسى ئارقىلىق، بۇلارنىڭ ھەر قايسىسىغا مۇناسىپ ئادەملەر ھەر قاچان شەيخلىرى ھەققىدە تۈرلۈك كارامەتلىك خەۋەرلەرنى ئىخترا ئېتىپ تۇرغان. بۇ ۋاقىتلاردا مازارلارغا بەك يىراق يەرلەردىن سەپەر ئازاۋىنى چېكىپ، قۇربانلىقلار ئەكېلىپ سويغۇچىلارنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، ئىشانلارغا نەزىر–سەدىقە ئاپىرىپ، خەيرى–پاتىھەلىرىنى ئالغۇچىلار كۆپ بولغان.

ئۇ زامانلاردا، ئۆزلىرىنى ئىشان ئىلان قىلغۇچىلار ئارىسىدا نوغايلاردىن ئابدۇراخمان مۇھەممەت، تارانچىلاردىن نىزامىدىن ئاخۇنۇملار ئوخشاش پازىل زاتلارمۇ بولغان. لېكىن بۇ ئىشانلىق 1905–يىلدىن كېيىن تارانچىلار ئارىسىدا مودىدىن قالدى.

ھور قانداق ئالىم بولسىمۇ، ئىشانلىق نامىنى ئالغانلارغا ئادەملەر بىر تۈرلۈك گۇمان بىلەن قاراشقا باشلىدى. چۈنكى روسسىيا ئۇيغۇرلىرىدا مەتبۇئات تەرەققىي ئېتىپ، تۈرلۈك گېزىتلەر چىققاندىن كېيىن، تارانچى تۈركلىرىدىمۇ گېزىت ئوقۇغۇچىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇلار مەتبۇئات ئارقىلىق پىكىرلىرى ئېچىلىپ، ئەتراپ ئالەمدىن خەۋەردار بولۇشقا باشلىدى. شۇڭلاشقىمكىن، بۇلار ئۆزلىرىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي كامچىلىقلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. بۇلار ئىشلىرىنى زامانغا مۇۋاپىق ئىسلاھ قىلىشقا تىرىشتى. بۇ يولدا قارشى چىققۇچىلار بولسا ئۇنى تەنقىت قىلىدىغان بولدى. ياشلارنىڭ بۇ پىكىرلىرى چوڭلارغا خۇش ياقمىدىمۇ، ياكى ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشتىمۇ، ياكى ئۇلارچە مېڭىشقا تەڭزىل ئەتمىگەنلىكتىنمۇ، نېمىگىدۇر، ئىككى ئارىدا ئىختىلاپ يۈز بەردى. ياشلار ئۆزلىرىگە قارشى تۇرغانلارنى گېزىتكە يېزىپ، تەنقىت قىلدى. قېرىلار بۇلارغا ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ قارشى تۇرماق بولدى. ياشلار ئارىسىدا بەزى ياش ئالىملار بولسىمۇ، ئاھالىگە سۆزلىرى ئۆتمىدى، قېرىلار، ئەكسىچەچە نوپۇزلۇق ئىدى. بۇندىن تولايدۇر، ياشلارغا تەھدىت سېلىشقا باشلىدى. لېكىن بۇلارنىڭ قارشىلىغىنى كۆرگەنسىرى، ياشلارنىڭ پىكىرداشلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بۇ توغرىلىق ياش ئالىملاردىن بەزىلىرى قاتتىق ئازاپ چېكىپ قالدى. تۈرلۈك قىينىلىشلارغا گىرىپتار بولدى. ئاخىردا بۇلارمۇ سۇسلاشتى. ئاۋال قېرىلار ياشلارنى "كالتە چاپان" دەپ كەمسىتەتتى. كېيىن ئىسلاھات تەرەپدارلىرىنى ئاھالە چۈشىنىپ، "كالتە چاپانلار"نى ياقلاي

دىغان بولدى. "كالتە چاپان" سۆزى ئاۋال سەلبىي مەنا ۋە ياشلارنى كامسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولسا، كېيىن ماختاش ئورنىدا قوللايدىغان بولدى. ھەيران قالارلىقبىر ھال، قىزىق ئىكەن زامان. بۇ ئەھۋال ھازىرمۇ تارانچى تۈركلىرى ئارىسىدا بار ۋە مىللىي مەتبۇئات بىلەن خۇشتار يىگىتلەر ۋە ياشلار كۆپ بولۇپ، بۇ كېيىنكى زامان ھادىسلىرى سەۋەۋىدىن گېزىت ئوقۇغۇچىلار سانى كۈندىن–كۈنگە كۆپىيىپ، تەرەققىي ئەتمەكتەدۇر.

بەينەل ئەھلى ئۈچۈن ئەن چوك گېزىت–جۇرناللار "ۋاقىت"،"تەرجىمان"، "يۇ لتۇز"، "شۇرا"، "تۈرك يۇرتى"ۋبۇلارنىڭ

104

مۇشتەرىلىرى جىق. ئەمدى "ئايال" جۇرنالىنىڭمۇ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. تارانچىلار ئارىسىدا

ئۇسۇلى جەدىت ھېچ قارشىلىقسىزلا قوبۇل قىلىنىپ، كونا مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپىگە ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ مەكتەپلەرنىڭ بىر چوڭ قۇسۇرلىرى بولۇپ، ئوچۇق، مۇھىم، ئۇلۇغ، مەخسەتكە يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە، مۇنتەزىم ھالدا ئەمەس. بۇ قۇسۇرلارنىڭ بىر قىسمى خۇسۇسەن ماددىي جەھەتتىن ئاھالىدا بولسىمۇ، كۆپى قىسمى مەكتەپلەردىدۇر، بۇلار تەلىم بېرىش ئۇسۇلىدىن خەۋەرسىز بولغانلىغى بىلەن باراۋەر، بەك مۇساھىلەكاردەدۇرلەر. تارانچى تۈركلىرىدە دېخانچىلىقتىن باشقا ھۈنەرۋەن ۋە كاسىپلار كام بولىدۇ. تارانچىلار مېھماندوست خەلقتۇر. باشقا نەسىل، مىللەتتىن بولسىمۇ، مېھماننى مېھمان بولغىنى ئۈچۈنلا ئوچۇق چىراي ۋە يېقىملىق مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىپ، بەك قەدىرلەپ، چامىسىنىڭ يېتىشىچە سىيلايدۇ. بۇلاردا ئەن قەدىرلىك ئاش ېپولۇ بولغانلىقتىن گادايلىرى ھەم مېھمانغا پولۇ تەييارلايدۇ. ھەممە نەرسىنى قىلىپ، مېھماننى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. تارانچىلاردا خىتاي زامانىسىدا ئىچىملىك ئىچىش مەلۇم بولسىمۇ، ھازىرمۇ ھېچ بىر تارانچى ئىچمەيدۇ، لېكىن ناسۋاي تارتىدۇ، تاماكا چېكىش مەلۇمدۇر. خوتۇن—قىزلاردا ئۇنداق ئەھۋاللار ئەسلا يوقتۇر. تارانچىلار بۇرۇن كۆپ خوتۇن ئېلىش ئادەت بولمىسىمۇ، بۇنى قازاق— قىرغىزلاردىن كۆرۈپ، ئادەت قىلىپ بارماقتا. تارانچى باللىرىنى ناھايىتى ياش، ھەتتا 13پ14 ياشلاردىلا ئۆيلەندۈرىدۇ، ئوغۇل—قىزلارنىڭ رازىلىغى ۋە مەسلىھەتلىرىگە ئېتىۋار قىلمايدۇ. قۇدا—قۇدىلارنىڭ بىر—بىرىگە كۆڭلى توغرا كەلسە ئىشنى ئۆزلىرى ھەل قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئائىلىدە ھەر قاچان تالاش—تارتىشلار، كۆڭۈلسىز ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. تارانچى تۈركلىرى ئويۇن—كۈلكە تاماشىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە توي كۈنلىرىدە ″ئوغلاق″، ئات بەيگىسى ئوخشاش مىللىي ئويۇنلار قىزغىن ھالەتتە ئىجرا ئېتىلىدۇ. ياز چىقىشى بىلەن تارانچى يۇرتلىرىدا ″بۆكە باتۇر چېلىشى باشلىنىپ، ھەر كۈنى ياشلار ۋە قېرىلار چېلىش مەيدانىغا ھازىر بولىدۇ. لېكىن بۇ چېلىشار بۇندىن 10 يىل ئىلگىرى جانلىق سۈرەتتە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بۇ كۈنلەردە ئازىيىپ، يوقىلىپ كېتىپ بارىدۇ. شۇنداقلا بۇندىن 20 يىل ئىلگىرىكى رەسىم—قائىدىلەردىن، ئادەتلەردىن بىر تالىيى ئۇنتۇلۇپ كېتىپ بارىدۇ. مەسىلەن، بۇلاردىن بىرى يەڭى يىلنى، نورۇز مەيرىمىنى قارشى ئېلىش ئىدى. ھەممە ئۈچۈن ئۇنىڭدا يېڭى باخىت —سائادەتكە ئېرىشىش ئۈمۈت بولغانلىقتىن، ئومۇمىي ئاھالى خوتۇن—قىزلار بىر مەيدانغا يىغىلىپ، بۇ يىلنىڭ ھەممە ئۈچۈن قۇتلۇق يىل بولۇشىنى تىلەيتتى. پۈتكۈل ئاھالە تەرىپىدىن بايرامغا مۇناسىپ مىللىي ئويۇنلار ئوينىلاتتى. موللىلارمۇ ئۇنىڭغا شوخ—شاتلىق بىلەن ئىشتىراك قىلاتتى. ئايالار ئىشتىراك قىلسا ھەرگىز پىتنە، ھ؛ملە قىلىنمايتتى ۋە ئۇلارنى ئىشتىراك قىلىشتىن مەنىي قىلىشمايتتى. لېكىن ھازىرقى زاماندا مۇنداق ئويۇنلارنى پىتنە قىلىش خەۋپى بىلەن موللىلار مەنىي قىلماقتا.

مىللىي تارىخقا دائىر تۈرلۈك مەسىلەلەر

تۇرپانلىقلار كىملەر؟

تۆلەك دېگەن تۇرپانلىقنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا، خىتاي زامانىسىدا تۇرپان تۈركلىرىدىن 30 كىشى خانىيالىك بىر ئىشتا ئەيىپلىنىپ، بېجىنگا پالانغان. دەل شۇ چاغدا چىن بىلەن ماچىن ئارىسىدا ئۇرۇش چىققان بولۇپ، بايىقى تۇرپانلىقلار ئۆزلىرىنى ماچىن ئۇرۇشىغا ئەۋەتىشنى سورىغان. خاننىڭ ئەمرى بىلەن بۇلار ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. ئۇلار ئۇرۇشتا تولا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ ماچىن خەلقىنىڭ مەغلۇپ بولۇشىغا سەۋەپ بولغان. خان بۇنىڭغا ناھايىتى خوشال بولۇپ، بۇلارغا بېجىن چۆرىسىدە يەر—جاي ئېھسان قىلغان. لېكىن تۇرپانلىقلار خاندىن قانچە ئىلتىپات كۆرسە ھەم ۋەتەنلىرىنى سېغىنىپ قايتىشقا ئىزنا سورىغان. خان ئىزنە بېرىپ، داڭقى چىققان قارا باتۇر بىلەن يەتتە باتۇرنى بېجىن چۆرىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قالماقلاردىن 150 ئۆيلۈك ئادەمنى قوشۇپ ياندۇرغان. بۇلار تۇرپاندىن ئۆتۈپ، ئىلى ئۆلكىسىدىكى تېكەس يايلىغىغا ئورناشقان. بۇلار كېلىشىنىڭ

ئالدىدا تېكەس قالماق، تاغلىق قازاق–قىرغىزلارنىڭ ئۇرۇشلىرى بولۇپ تۇرغانلىقتىن ئەل–يۇرتىدىن ئاجراپ، تاغ ئارىسىدا مۆكۈپ يۇرگەن تاغلىق ئاقسۇلۇق، ئۇچتۇرپانلىق قازاقلار بۇلارنىڭ چۆرىسگە توپلانغان. بۇ قۇراما خەلق بولۇپ بىر يېرىم ئەسىر مىقدارى قالماق–موڭغۇللار بىلەن بىللە ياشىغان. بۇلارنىڭ موڭغۇللارغا قانلىرى ئارىلىشىپ، قىياپەت، چىرايلىرى تامام مەنپۇلەشكەن، تىللىرى قالماقلاشقان بولسىمۇ، ئانا تىللىرى تۈركچىنى ھەم ئۇنتۇمىغان ۋە كېرەك يېرىدە ئىستىمال قىلىپ كەلگەن.

تۇرپانلىقلار ئىسلامىيەتنى رەسمىي سۇرەتتە ساقلاپ كەلگەن. غۇلجا سۇلتانلىغى زامانىسىدا بۇلار رەسمىي رەۋىشتە تارانچى دەپ ئاتالدى. ئىلى ئورۇسلارغا ئۆتكەندە يېرىمى ئالمۇتا ياقىا، يېرىمى قاراقولغا كەتكەن. ئۇ يەردىكىلەرىلىرى ھازىر سارتقالماق دەپ ئاتىلدۇ. قاراقولغا كەلگەنلىرى كېيىن تېكەسكە بېرىپ، بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ، قالماق ئاتالدى (تارانچىلار ئارىسىدىكى تۇرپانلىقلارغا ھەديە).

* * *

"دەستەك (ھاكىم بەگلەرنىڭ يارلىقلىرىدىن) ھەزرىتى ھاكىمبەگلىكنىڭ ئىشكاغا بەگلىكنىڭ ھۆكۈملىرىدىن:

قاينۇق ئىسكەندەر دىۋان بېگى ۋە زۇليار مىڭبېگىلەرگە ئانداق مەلۇم بولسۇنكى، قەدىمكى تەچلىق زامانلاردا ئەلەم ئاخۇن باشلىق ئالتە چوڭ ئاخۇننىڭ قېشىدا ئۇستەڭ–ئۇستەڭلەرنىڭ ئاخۇن، خاتىپلىرى بار ئىدى. بۇنىڭ بىلەن يۇرت يۇقۇرى–تۆۋەن بولۇپ، كۆچ–كۆچتە قەدىمكى ئەن بۇزۇلۇپ كېتىپ، قالغان يۇرتلارغا ئۇلۇقلىرىمىز باگ، يۇز بېگى، ئەللىك بېشى ئوخشاش مەنسەپدارلارنى قويۇپ بەرگەن ئىدى. ھازىر يۇرت كونا ئىزنا بىلەن ئەن توختاپ، تېچلىق بولۇپ جايلاشتى. باقساق، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمرى–مەرۇپ، ئالدى–بەردى ئېھتىساپ قىلىدىغان مەكتەپلىرىنى باشقۇرىدىغان، ئۆلگەنلەرنىڭ ناماز ۋە قەبزىنى، توي–تۆكۈن بولسا نىكاھ نېزىر–نۇزرى بولسا دۇگا ۋە تەلۋىنى قىلىدىغان ئىشلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر باشلىق ئۆستەڭ–ئۆستەڭلەرگە خاتىب ۋە ئاخۇنلار تەيىن قىلدۇق. بۇندىن بەزى شەھەرنىڭ ئاخۇن ۋە بەگ قاتارلىق مۆتىۋەر ياخشى ئادەملىرى ئۆلسە نامىزىنى ئەلەم ئاخۇنلۇق چۈشۈرىدۇ، قەبزىنى مۇپتى ئاخۇنلۇق، توي–تۆكۈن بولسا نىكانى خاتىپ ئاخۇنلۇق قىلىدۇ. ئۇششاق پۇخرالار ئۆلسە، يە توي–تۆكۈن، نەزىر–نۇزۇرى بولسا ھەر قايسى مەھەللىنىڭ ئىمام– مەزىنلىرى باشقۇرىدۇ، ئۇلار بىر–بىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايدۇ. قاينۇق تۆرت يۇزگە مۇپتى ئاخۇننى تەيىنلىدۇق، موللا سادىقنى خاتىپ قىلدۇق. ئۇنىڭ ئۈچۈن تامغىلىك دەستەك قىلىپ چىقاردۇق. بۇ دەستەك يېتىپ بارغان زامان تۆرت يۇز بېگى، ئەللىكبېشى، ئىمام ۋە مەزىنلەرگە جاكا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭلار. بۇندىن كېيىن قاينۇق تۆرت يۇزدە ئادەم ئۆلسا نامىزىنى مۇپتى ئاخۇنلار چۈشىرىدۇ. قەبزىنى، توي كۈندە نېكانى موللا سادىق خاتىب قىلىدۇ. ھەر قاچان يۇرت ئىچىدە مۇردا بولسا، ئاخۇن ۋە خاتىپلارنى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ چىقسىلەر.

ئەگەردە بۇلارنى چىرلىماي، مابادا يەنە ئىلگەركىدەك بىپەرۋالىق قىلىپ، ئۆلۈم–يېتىم، توي–تۆكۈن ئىشنى ئاخۇن خاتىبلارغا ئاڭلاتماي، ئۆز ئارا تۇگىتىپ ئېتىپ، بۇ ئۇچۇرنى ئاخۇن ۋە خاتىپلار ئاڭلاپ ئوردىلارغا مەلۇم قىلسا، شۇ يۇرتنىڭ يۇزبېگى، ئىمامى، ئەللىكبېشى، مەزىنلىرىنى توي ئىگىلىرىگە قوشۇپ ئەكلىپ، قاتتىقلىق بىلەن بەنلەيمىز. ھېچ كىمنىڭ گۇنايىدىن ئۆتمەيمىز دەپ دەستەك پۈتۈلدى.

كاڭ شۈينىڭ 14–يىلى 4–ئاينىڭ 12–كۈنى.

خاتىمە

نوغاي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئويغىنىش دەۋرى خىخ ئەسىردە باشلىنىپ، خخ ئەسىردە تەرەققىيات دەۋرى بولغان بولسا، تارانچى تۈركلىرىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى خخ ئەسىردە بولدى. تارانچى خەلقى بولسا خىخ ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدىن ئۆتكەنگە قەدەر خىتاي قول ئاستىدا قېلىپ، خىتاي ئىدارىسى بەك تار ۋە كونا قائىدىلەر بويىچە

قۇرۇلۇپ، ئۆزىگە قاراتقان خەلقنى قاراڭغۇلۇقتا تۇتۇش لازىم بولغانلىقتىن ئۆز ھۆكۈمدارلىغىدىكى خەلقلەرگە ھەر خىل جاپالىق ۋە قىيىنچىلىق تەدبىرلىرىنى قوللىناتتى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا تارانچىلار ئىسيانى كۆتىرىلىپ، ئۇلارمۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر خانلىق قۇرۇشقا مۇۋەپپەق، بولغان بولسىمۇ، شۇندا ھەم بىچارە تارانچىلار بەختىلىك ياشاشقا مۇيەسسەر بولالمىدى. ئۆز بەگلىرىمۇ پۇخرانىڭ ھال ئەھۋالىغا مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلماي، خىتاي مەمۇرلىرىغا ئوخشاش كونا ئۇسۇل بىلەن ئىدارە قىلىشقا باشلىدى. پۇخرا خەلق بولسا ئۇنىڭغا نارازى بولغانلىقتىن، بۇ ھاكىمىيەت، سۇ دولقۇنى ئۈستىدىكى كۆۋۈك ئوخشاش چايقىلىپ تۇرماقتا ئىدى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەي، ئۇلار رۇسىيە دۆلىتىگە داخىل بولدى. دېمەك، ئەمدى بىچارە پۇخرانىڭ كونا بەگلەر بۇيرۇغىدىن قۇتۇلۇپ، بىر ئاز ئەركىن ياشاش ۋاقتى يەتكەندەك ئىدى. چۈنكى تارانچى بەگلىرى خىتاي ئۇلۇغلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، ئۇلار بۇ توغرىلىق پۇخرالاردىن ھېچ بىر پىكىر ۋە رازىلىق سورىمايتتى. بىر بەگ بىر مەنسەپكە ئىگە بولدىمۇ، ئۇنىڭغا قارشى ئېغىز ئاچماق يوق. ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇلۇغلارغا شىكايەت قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق. شىكايەت قىلساڭمۇ ئەسلا ئېتىۋارغا ئېلىنمايتتى.

رۇس ھۆكۈمىتى بولسا تارانچىلاردىن خىتايلارغا ئوخشاش "ھاكىم بەگلەرنى" ئەمەس، بەلكى بولۇس، ئاقساقال ئوخشاش ئىش بەجەرگۈچىلەرنى، قازى ئوخشاش نىكا، تالاق، مىراس ۋە غەۋغا ئىشلىرىنى ھەل قىلغۇچى بەگلەرنى بەلگىلەپ، ئەسلى ھوقۇقنى پۇخرالار قولىغا بەردى. بۇمەمۇرىي بەگلەر ئاھالى تەرىپىدىن سايلاش ۋە شۇ تېرىتورىيەدە سايلانغانلارنى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەستىقلاش ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغان بولدى. لېكىن قۇللۇقتا ئۆگىنىپ قالغان خەلق بۇ سايلاش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ خالىغان ئادىمىنى سايلاشقا كۆرسىتىشتىن قورقۇپ بولسىمۇ بەگ زاتلارنىلا سايلايدۇ. بۇ بەگلەرمۇ ئاتا بالىسى بولغانلىقتىن، شۇلارنىڭ يولىدىن ئەسلا ئاجرىماي ماڭىدۇ. ئاخىرى تارانچى قەۋمى 1905–يىلدىن باشلاپ، سايلاش ئۇسۇلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مەنسەپدارلارنى خەلق مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان ئادەملەردىن قويۇشقا كىرىشكەن ئىدى. خەلقنىڭ بۇ ئىشى بۇرۇنقى بەگلەرنىڭ ئىززەت ۋېھۆرمىتىگە، مەنپەئەتى ۋە شەخسىيىتىگە زىت كېلىپ بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ خىزمىتىدە بولغان ئادەملەرنى بەگ دەپ ئاتاش ئۇلارنى خورلاندۇراتتى. كونا بەگلەر ئۆزلىرىگە تەرەپدار ئىزدىسىمۇ تاپالمىغانلىقتىن، ئاخىردا بۇ يولدا پارە بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ تەرەپدارلىرى ئاز زامان ئىچىدە بەك جىق ئاشتى. دېمەك، تارانچىلار ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى. شۇنىڭ نەتىجىسىدە تارانچىلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، چېقىمچىلىق، سوقۇشۇش ۋە ئۆلتۈرۈشلەر ھەر قاچان يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بولدى. قايسى تەرەپتىن بولسا بولسۇن، قازىلارمۇ ھەر ۋاقىت ئۆز پىرقىسىنى ھىمايە قىلغانلىقتىن، قارشى تەرەپكە ناھەق، جاپالار سالىدۇ. مۇنداق ئەھۋالدىن ئاھالە ئارىسىدا دۈشمەنلىك بارغانسىرى كۈچىيىپ بارىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن ھەممىدىن ئاۋال ئىسلاھ قىلىدىغان يېرى شۇكى، بىرىنچىدىن قازىلارغا ئايلىك، بېرىش؛ ئىككىنچىدىن قازى بولغان ئادەمنىڭ خالىس ئىسلام تەربىيىسىنى كۆرگەن، ھوقۇق ھەققىيە ئىلمىدىن ئىمتىھان بېرىپ، قازىلىققا لايىق ئىكەنلىگى توغرىلىق شاھادەتنامىگە ئىگە بولۇشى شەرت. مۇنداق بولمىغاندا، تارانچىلار ئارىسىدىكى تالاش–تارتىش، جاڭجال، ئىختىلاپ، ھۆكۈملەرنىڭ داۋام قىلىشى تەبىئىيدۇر.

تارانچى تۈركلىرىنى ئويغىنىش دەۋرىگە كىردى دېدۇق. سەۋەۋى، بۇلار ئارىسىدا 1905–يىلدىن كېيىن مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرنى ئىسلاھ قىلىش جەمىيەتلىرى قۇرۇلۇپ، مۇسۇلمانچە مەتبۇئەلەر ئېچىش، باللارنى ھۆكۈمەت مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش، مىللىي مەتبۇئاتتىن لەززەت ئېلىش، باشقا تەرەققىي ئەتكەن مىللەتلەرنى كۆرۈپ، ئۇلگە ئېلىش مە ئۆز ئەھۋاللىرى ئۈچۈن غەم قىلىش ئىشلىرى باشلانغان. دېمەك، بۇ ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ئالامەتلىرىدىندۇر.

تارانچى تۈركلىرى قانداق تۇرارلەر

"شۇرا" جۇرنالىنىڭ 10–سانىدا شۇ سەرلەۋھىلىك بىر ماقالە يازغان ئىدىم. مەزكۇر ماقالىنى يېزىشىمدىن 1–مەخسىتىم ې تارانچى تۈركلىرىنىڭ، تۇرمۇشىدىن كۈچۈمنىڭ يەتكۈنىچە توغرا مەلۇمات بېرىش بولغانلىقتىن، بىر قەۋمنىڭ تارىخىنى يازغۇچىلار ھەقنى سۆزلىگەندە بىرەر ھۆرمەتلىك ئادەمنىڭ پىكرىگە ئاساسلىنىپ يېزىش توغرا كەلسە، ئۇندىن قورقماسلىق كېرەك دەپ ھېساپلىدىم.

بۇنىڭ جاۋاپكەرلىگى قاباھەت يازغۇچى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى پىكرى ئاساس قىلىنغان كىشىنىڭ ئۆز ئۈستىدە بولىدۇ دېگەن قائىدىنى دەستۇر قىلىپ، شۇ يولدا ھەرىكەت قىلغان ئىدىم.

ئۆز تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈنگەن ناچار ھال ۋە قارا داغلارنى بىر كۈن بولسىمۇ ئاۋالراق تازىلاشقا، يوق قىلىشقا تىرىشماق. ئەگەر مەزكۇر داغلارنى يوقىتىشقا ئىجتىھات ئەتمەي، ھامان ئاۋالقى ھالدا، بىلگەنلىرىمىز "كىمگە كېرەك" ،ې دەپ ئاھالىغا ھېچ بىر ئۇقتۇرماي، شۇ يول بىلەن ماڭساق، ئىستىقبالىمىزنى جاھالەت قاراڭغۇلۇغى بۇندىن يامانراق قاپلايدۇ. بۇ ۋاقىت ئۇلۇڭ ۋە سولىمىزنى پەرق قىلالماي، جاھالەت سەھراسىدا ئادىشىپ، خاراپ بولىدىغانلىغىمىزنى چۈشەندۈرۈش ئىدى. دۇرۇس، بۇ ماڭا ئوخشاش چالا نادان ئۇيغۇر باللىرىنىڭ ئىشى ئەمەس، بەلكى مۆھتەرەم ھەزرەتلىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئاما نېمە چارە؟

بۇ مۆھتەرەم زاتلار (ئاسىم، ياقۇپاخۇن ئوخشاشلار ئىستىسنا) سۇدا بېلىق ئولاش مەقسىتىگە بېرىلىپ، مۇنداق ۋەزىپە–مەزىپەلەرنى ئېسىدىن چىقارغانلىرىدىن ياكى ئۇنداق ئىشلارغا تەنەززۇل قىلمىغاندىن كېيىن ئاخىرى بىزگە ئوخشاشلارغا كىرىشىشكە توغرا كەلدى.

بەك قاتتىق ئېيتقان ۋاقتىمىزدا، تۇرمۇشىمىزدا بولغان داغلارنى كەتكۈزۈشكە ھەرىكەتلىنىشىمىز ئەيىپ ئەمەس، بەلكى ئوخاق تۇرۇپ، سۈكۈت ئەتكىنىمىز ئەيىپلىكتۇر دەپ ئويلىغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر ماقالەمدە تۇرمۇشىمىزنىڭ ناچار ياقلىرىنى ۋە داغلارنىڭ قايسى شەكىلدە ئىكەنلىگىنى ۋە بۇ داغلارنىڭ ئىگىلىرى كىملەر ئىكەنلىگىنى بىربىرلەپ ساناپ يازماقچى ئىدىم. تېخى شۇنى ئېنىق ئېيتىپ ئۆتەيكى، مەزكۇر ماكالەمنىڭ بىر جۈملىسىنى ئەمەس، ھەتتا بىر ئېغىز سۆزىنىمۇ بىرىگە قارىتىلغان غەرەز بىلەن يازمىدىم. بەلكى ھەرىپىنى تىزغاندا يۇقىرىدا زىكرى ئەتكەن ئالىي مەخسىتىمنى ئەستە تۇتقان ئىدىم. زاتەن

111

مۇقەددەس مەتبۇئات سەھىپىلىرىنى ئۇنداق شەخسىي ئەرىزىلەرگە زايە قىلىدىغان ۋىجدانسىزلاردىن ئەمەسمەن. شۇ قەدەر ئىزاھاتتىن كېيىن كېلەيلى مەقسىتىمىزگە.

"شۇرا" جۇرنالىنىڭ 18–سانىدا تارانچى مولللىرىدىن ئىمىر موللا ئەپەندى جاناپلىرىنىڭ مېنىڭ مەزكۇر ماقالەمگە رەددىيىسى بېسىلىپ چىقتى. مۆھتەرەم ھەزرەت مەزكۇر ماقالىنى رەددىيە سۈپىتىدە يازغانلىرى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئاخىرقى دەرىجىدە قاتتىق قىزىققانلىغىنى كۆرسەتتى. ھەر نەرسە بولسىمۇ بىز قاراپ كۆرەيلى.

ئىمىر موللا ئەپەندى جاناپلىرى: 1. ئۇيغۇر ئەپەندى كور، خىپاش سۈپەتلىك ئادەم بولغانلىقتىن، ھەقىقىي ئىشانلارنىڭ دىن ۋە مىللەت يولىدا ئىشلىگەن ھەقىقىي خىزمەتلىرىنى كۆرەلمەي ياكى پەرق ئېتەلمەي، بۇلارنى مەككار ئىشانلار قاتارىدا ھېساپلاپ، ئابدۇراخمان مۇھەممەدىي، نىزامىدىن ئاخۇنلار ئۆزلىرىنى ئىشان قىلدى دېمىش. ئىمانىڭىز بولسا ھەقىقىي ئىشانلىق نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى بىلگەن بولاتتىڭىز" دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدىغان بىر جۈملىنى ئەدىبانە سۈرەتتە ئىلغا قىلىپ، بۇنىڭغا دەلىل بولغىدەك داموللام ھەزرەتلىرىنىڭ دىن ۋە مىللەت يولىدا ئۆتكەن خىزمەتلىرىنى ساناپ چىقىپ، بۇ خىزمەتلەرنى ئىشانلىق ۋاسىتىسى بىلەن ئىشلىدى دېمەكچى.

ئاغرىقلارنى ئوقۇپ داۋالىغۇچى مولللار بىلەن پىرى ئويناىدىغان باخشىلارنى بىر تاياقتا ھايدىغان. ئوقۇپ داۋالىغۇچى مولللار بىر ئۇسۇلغا ئاساسلىنىپ ئوقۇيدۇ. ئاغرىقلارنى ئوقۇپ ساقايتىش مۆتىۋەر كىتاپلاردىمۇ باردۇر. ئوقۇش چالا بولغانلىقتىن بارلىق ئوقۇپ داۋالىغۇچىلارغا ئىنكار ئەتكىنىم باردۇر"،ﯟ دەيدۇ ئىمر موللام. ئەمدى قارايلى، موللا ئىمر ئەپەندى داۋاسىدا ھەقلىقمۇ؟

مەن مەزكۇر ماقالەمدە ئابدۇراخمان مۇھەممەدى، نىزامىدىن ئاخۇن ئوخشاش پازىل زاتلارمۇ ئۆزلىرىنى ئىشان ئېلان قىلدى دېدىم. مۆھتەرەم ئىمر ئەپەندى بولسا قارغاشقا ئوڭاي بولسۇن دېسە كېرەك، "پازىل" سۆزىنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، دىن ۋە مىللەت يولىدا خىزمىتى كۆرۈنگەن زاتلارنى مەككار قاتارىدا ھېساپلىدى دەپ، بىزنى قارىلىماق بولىدۇ. يوغسۇن، ئەپەندىم، "پازىل" بىلەن "مەككار" دېگەن سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوقمۇ؟

جانابىڭىزنىڭ ساناپ چىقىدىغان دىن ۋە مىللەت يولىدىكى خىزمەتلىرى بىزنىڭ "پازىل" دېگەن سۆزىمىزنىڭ ئىزاھى ئەمەسمۇ؟ يەنە جانابىڭىزنىڭ "داموللا مەزكۇر ئىشلارنى ئىشانلىق ۋاستىسى بىلەن ئىشلىدى"،ﯟ دېگىنىڭىزدىن مىشارالىيا ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ يولدا ئىشانلىقنى ۋاستە ئەتكەنلىگىنى ئاڭلاتامدۇ؟ مېنىڭ بۇ ماقالەمدە، تەسەۋۋۇپنى ئىنكار ئەتكىنىمنى قاياقتىن ئاڭلىدىڭىز ۋە مەتبۇئات ئارقىلىق مېنىڭ ئىمانىمدىن شۈبھە ئەرز ئېتىشكە سىزنى نېمە مەجبۇر قىلدى؟ ئەپەندىم مەندىن گۇمان قىلماڭ. مەن ھەقىقي ئىشانلارغا تىل تەككۈزمەيمەن. مېنىڭ، كۆرسەتمەكچى بولغان ئىشانلىرىم كىملەردىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى بىلىشنى خالىسىڭىز "ھەقىقەت" ناملىق ئەسەرنىڭ 117–بېتىگە مۇراجىئەت قىلسىڭىز، ياكى شۇ ماقالىنى بىر قاتار ئوقۇپ چىقسىڭىز كۇپايە قىلىدۇ. ئېھتىمال، "ئۆزلىرىنى ئىشان ئېلان قىلدى" دېيىشىم تەئەجۈپىڭىزنى پەيدا قىلغاندۇر. بۇنى بىز بىر ئاز ئىزاھ ئېتەيلى.ھەممىمىزگە مەلۇمدۇركى، بىر ۋاقىتلاردا بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا، ئىشان ۋە ئىشانلىق شۇنداق مەشھۇر بولدى شۇ قەدەر غەلىبە قازانغانكى، ھەتتا بىر ۋاقىتلاردا ھەر بىر نەرسىنى يالغۇز ئىشانلىق بىلەنلا ئىشلەشكە بولىدۇ. ئەكىس ھالدا مۇندىن تولايى ئىشانلارنىڭ ھەر تىلەك– ئارزۇلىرى ھېچ تۇسالغۇسىز ئورۇنلىناتتى. ئاۋام ئارىسىدا بۇلار پىر سېتىش بىلەن باي بولاتتى. بۇنى بىر ۋەقە بىلەن ئىسپات قىلاي: يېزىلاردىن بىرىدە بىر ئاخۇنۇم خەلقنىڭ ئىشانلار سۆھبىتىگە قاتنىششىنى پەرز ئىبادەتلەردىن ئەلا تۇتۇشقا باشلىغانلىغىنى كۆرۈپ، بىر كۈنى جامائەتكە خىتاپ قىلىپ، "جامائەت، ئىشانلارنىڭ، سۆھبەتلىرىنى پەرز ئىبادەتلەرنىڭ ئالدىغا قويماڭلار، ئاۋۋال پەرز ئىبادەتلىرىڭلارنى ئۆتەڭلار، شۇندىن كېيىن ۋاقتىڭلار يەتسە، ئاندىن بېرىپ ئاڭلاڭلار"،ﯟ دەپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ھېلىقى رەسۇل يولىدا تەربىيە ئېتىلمىش، مۇرىتلەر غوغا چىقارغان. ھەتتا ئاخۇن ھەزرەتلىرىنى ئۆلتۈرۈمىز دەپمۇ قورقۇتقان. ئاخۇن ھەزرەتلىرى بۇ ۋەقەنىڭ يەنىمۇ ناچار بولىدىغانلىغىنى چۈشىنىپ، ئىشان ھەزرەتلىرىگە كىشىلەر ئەۋەتىپ، ئەپۇ سورىغان. دېمەك، ئۇ ۋاقىتتا ھەقىقي ئالىملارنىڭ ئاۋازى جاھالەت ۋادىسىدا غايىپ بولۇپ كەتتى.

113

ئومۇم خەلقنىڭ بەزى بىر قىسمى ئىشانلارغا ئۆزلىرىنى نىياز ئەتكەنلىگىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئىشانلىقنىڭ نەقەدەر مۇھىم رول ئوينىغانلىغى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك.

دېمەك، بىزنىڭ داموللىمىزمۇ شۇنداق مۇرىتلەرنى تەربىيىلەشكە كىرىشتى. بۇ زادى ئالىم ۋە پازىل ئادەم بولغانلىغىدا شۈبھە يوق. مۇرىتلەرنى رەسۇل يولىدا تەربىيە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زاماندا بۇ ئادەمنىڭ مۇرىتلىرى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ھەسەلگە ئولاشقان چىۋىنلەرگە ئوخشاش ئايلىنىپ يۈرگەن ئىدى. داموللامغا مۇرىت بولغۇچىلار ئارىسىدا ئاۋام خەلق بولغىنىدەك، مولللارمۇ بار ئىدى. بۇ مولللارنىڭ ئەكسەرى بولسا، نىزامىدىن ئاخۇن جاناپلىرىنىڭ شاگىرت ۋە خەلىپىلىرىدىن ئىبارەت بولغانلىقتىن مىشارالىيا ئاخۇنۇمدىن شاگىرتلىرىنى قايتۇرۇپ چاقىرتىسمۇ، ئۇلار ئارقىغا قايتمىدى. ھامان داموللام سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى. بۇندىن مەلۇم

بولدىكى، ئاخۇن بۇندىن تولايى دەركى ئاخۇن ھەزدەت-ئۆزىنىڭ دوست يارانلىرىدىن ئايرىلىپ يالغۇز غېرىپلىق چەكمىش ۋە ئۆزىنى غۇربەتتە ھىس قىلىپ، مىسكىن بولۇپ شۇ بېيىتنى ئېيتتى:

غېرىب مەن ئۇشبۇ دۇنيادا، مېنىڭ يوقتۇر قېرىنداشىم،

ئۇچارغا ئارزۇيۇم باردۇر، ئاڭا يوقتۇر پېرۇبالىم.

"ئىنسان ھايات قۇلى ې ئىنسان مۇھىت قۇلى"، ې دەيدۇ دۇرۇس شۇ. بۇ ھال بىزنىڭ ئانۇمدا كۆرۈندى.. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىشانلىق قىلىپ، مۇرىت تەربىيە قىلىشقا كىرىشكەن بولسىمۇ، ئانچە رىۋاج تاپمىدى. ھەر قانداق بولسىمۇ، ئاخۇن ھەزرەتلىرىنىڭ تارانچىلارغا قىلغان خىزمىتى تەغدىرلىگىدەك چوڭدۇر. موللا ئەمىر ئەپەندىنىڭ ماقالىسىدا بايان قىلىنغان ئادەملەرنىڭ بىرەرسى ئىستىسنا قىلىنسا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەزرەتنىڭ باغچىسىدا يېتىشكەن دەرەخلەردۇر. داموللام بولسا ئۇ دەرەخلەرنىڭ يېمىشنى بازارغا چىقىرىش ۋە باھاسىنى تەيىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلىماقتا. بۇ قەدەر ھالغىمۇ شۈكرى قىلىمىز.

نىزامىدىن ئاخۇنۇم ھەقىقەتەن ئالىم، پازىل، دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەردار، مەتبۇئات سۆيگۈچى، مىسىردىن جۇر

114

ناللار ئېلىپ ئوقۇغان ئادەم. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا قازاندا ‹terjimandin› باشقا گېزىت چىقمايتتى. مۇداھىنەسىز، توغرا سۆزلۈك مادارا بىلمەس، گۇنا ساقلىماس ۋە ناھايىتى جەسۇر ئادەم بولغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يارانلىرىدىن ئايرىلىشىغا ئۇنىڭ موشۇ تەبىئىتى سەۋەپ بولدى دېيىلىدۇ. مۆھتەرەم ھەزرەتنىڭ دوست، ياران، شاگىرتلىرىنىڭ بىرى ھىممەت قىلىپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل تەرجىمەھالىنى، شېئىرلىرىنى ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن بىللە يىغىپ، نەشىر ئەتتۈرسە ھۆرمەت كۆرسەتكەن بولاتتى. ھېچ بولمىغاندا تەرجىمەھالىنى رەتلەپ، "شۇرا" جۇرنالىگا ئەۋەتىش لازىم. داموللامنىڭ تەرجىمە ھالى ئەسەرلەردە يېزىلىشى مەلۇم. ئېتىرازغا كېلەيلى: بىزنىڭ ئەسلى مەخسىتىمىز، تارانچىلار تۇرمۇشىدىن خالىس ۋە توغرا مەلۇمات بېرىش بولغانلىقتىن، ھەر نەرسىنى كۆرگىنىم بويىچە يازغان ئىدىم. ئاغرىقنى ئوقۇپ داۋالايدىغان موللىلار بىلەن باخشىلارنى ھەر قاچان بىر تاياقتا ھايدايمىز. سەۋەۋى، بۇلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ ئارىسىدا ھېچ قانداق پەرقلەرنى كۆرمەيمىز. چۈنكى بۇ كىشلەرنىڭ ئىشىدا ھېچ بىر ماددىي داۋا بولماي، بىرسىنىڭ ئوۋۇش بولسا، يەنە بىرسىنىڭ دەم سېلىشتۇر. بۇنىڭ ياخشى –يامىنى ئىككىنچى گەپ. ياخشىسى بولغان تەغدىردىمۇ، بىرەر پايدىسىنىڭ بولۇشى شۈبھەلىكتۇر. راستىنلا بۇنداق تەدبىرلەر بىلەن ئاغرىقلارنى ساقايتىش مۇمكىن بولسا، ماددىي دورىلارنىڭ ۋە تىببىي پەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولۇر. بۇ يولدا مىللىيونلارچە ئاخچا ۋە ئۆمۈر سەرىپ بولۇۋاتىدىغۇ. بىھۇدە نەرسىگە زەخمەت چېكىش بولماسمۇ؟ بەلكى ياۋروپالىقلار بۇنى بىلمەسمۇ؟ بىز ئىسلاملارغا نېمە؟

ئۇيغۇر بالىسى

* * *

ئىناۋەتلىك (مۇھتەسىر) تارىخلاردا قۇتەيبە بىننى مۇسلىم ئىسىملىك زاتنىڭ قەشقەر ياقلارغا كەلگەنلىگى يېزىلغان. لېكىن بىز بۇنىڭ تەپسىلىنى ئۇچرىتالمىدۇق.

115

قۇتايبە بىننى مۇسلىم قەشقەر تەرەپكە نېمە ئۈچۈن كەلگەن ۋە ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلغان؟ بۇنىڭ تەپسىلاتى، شۇ دەۋىردىكى تارىخىي ۋەقەلەر "شۇرادا" تولۇغراق يېزىلسا ئىدى. بۇنى بىلىش ې بىز ئۇيغۇر ئەۋلادىغا بەك مۇھىم ئىدى. ھەر ھالدا تارىخ ۋە مۇئەررىخلەرگە ھاۋالە قىلماي، بىزنى قانائەتلەندۈرگىدەك

مەلۇمات بېرىشىڭىزنى تۈركلۈك نامىمىز بىلەن ئۆتۈنىمىز.

ئۇيغۇر بالىسى غالجات.

قۇتەيبە توغرىلىق جاۋاپ

قۇتەيبە بىننى مۇسلىم ئەمەۋىيلەر زامانىدا بولغان قەھرىمان سەر ئەسكەرلەردىن ئىدى. ئۇ 706–يىلى-ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن خارەزىم، بۇخارا، سەمەرقەند-ۋە پەرغانىنى پەتھ ئەتتى. تەبەرى بىننى ئەقرۇ بىننى ھەمدە باشقا مۆئەررىخلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە كۆرە 716–يىلى قەشقەرنى ئىشغال قىلدى. ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، چىن ئىمپېراتورىغا تەھدىت سالدى. بىز ئۈچۈن بەك تەپسىلىي بىلىشىمىز لازىم بولغان ئۇشبۇ ھادىسە ئەرەپ تارىخلىرىدا بەك قىسقا، مۇجمەل ھالدا ھېكايە قىلىنغان. بۇ ھەقتە چىن تارىخلىرىدا مەلۇمات بولۇشى كېرەك. قۇتەيبە ئۆزى شۇ 716–يىلى ۋاپات ئەتكەن.يېقولىمىزدا سەرمايە بولمىغانلىقتىن، تەپسىلات بېرىشكە ئىختىدارىمىز يوق. بۇنىڭ تەپسىلاتى شۇ مەملىكەتلەرنىڭ ئۆزلىرىدە بولۇشى كېرەك. مەزۇر كۆرۈلۈك.

ئۇيغۇر بالىسى "شۇرا"نىڭ 1914–يىل 22–ساندا

116

چىنىي تۈركىستان سارتلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىش توغرىلىق سوئال ۋە جاۋاب

چىنىي تۈركىستان سارتلىرىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تارىخلىرىنى، قەشقەردە ھۆكۈمەت سورىغان خانلارنىڭ تەرجىمەھاللىرىنى، "شۇرادا" يېزىشىڭىزلارنى ئۆتۈنىمىز. ۋاقىئەلەرنى، قىلغان ئىشلىرىنى، تۇتقان يوللىرىنى ئۆگىنىپ، بىلىپ تۇرماق بىز چىنىي تۈركىستان سارتلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر. بوۋىلىرىمىزنىڭ ھاللىرىنى بىلىپ، تەجرىبە، ئىبرەت ئېلىپ تۇرساق ھازىرقى ئۆمۈرلىرىمىزنى ۋە كېلەچەك مەئىشەتلىرىمىزنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇپ، بەلكى مەسۇت ياشاشقا مۇۋەپپەق بولۇر ئىدۇق.

جاۋاپ: ئاتا، بوۋا ۋە ئومۇمەن مىللىي تارىخنى بىلىشكە ۋە مەئىشەت ھەمدە ئۆمۈر سۈرمەك توغرىسىدا تارىخلاردىن ئىبرەت ۋە تەجرىبە ئېلىشقا ھەۋەس ئەتكەنلىگىڭىز ئۈچۈن مەمنۇن بولدۇق. بىر قەۋم ئىچىدە موشۇنداق پىكىرلىك ئادەملەرنىڭ، بولغىنى شۇ قەۋمنىڭ دۇنيادا ياشاش ئىستىگىنىڭ بارلىغىدىن دەلىل بولۇر. ئىنشا ئاللا قۇدرىتىمىز يەتكىنىگە قەدەر خىزمەت ئەتىسەك كېرەك. لېكىن ئاتا–بوۋىلىرىڭىزنىڭ تارىخنى، قەشقەر تۈركلىرى (ئۇيغۇرلىرى) ھەققىدە بۇرۇنقى ۋە يېڭى خەۋەرلەرنى ئۆزىڭىز تەپتىش قىلىپ، "شۇراغا" يېزىپ تۇرغان بولسىڭىز تېخىمۇ ياخشى بولغان بولار ئىدى. ئادەتتە ھەر بىر يەرنىڭ ۋە ھەر قەبىلىنىڭ تارىخلىرىنى شۇ يەردە ۋە شۇ خەلق ئارىسىدىن بولغان زاتلار يېزىپ تۇرىدۇ. "ئەھلى ئەل بىت ئەردى بى مەنبە" دەيدۇ. تارىخلىرى تەدۋىن ئېتىلمىگەن خەلقلەر ھەققىدە چەتتىن تۇرۇپ مەلۇمات بەرمەك، ئەلۋەتتە، مۈشكۈلدۇر.

"شۇرانىڭ" 1911–يىلى 11–ساندا تارانچى تۈركلىرىنىڭ روسسىيىگە كۆچۈشى

غۇلجا خانلىغى روسسىيا دۆلىتىگە داخىل بولغاندىن كېيىن، ھەر تۈرلۈك دۆلەت خىزمىتىدە بولۇپ، ئائىلە راھىتىنى كۆرمەي، يەنچىلگەن تارانچىلارنىڭ تۇرمۇشى بىر قەدەر يېنىكلەشكەندەك بولدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇلاردىن مەملىكەت ساقلاش ۋە دۈشمەندىن قورقۇش غەم–قايغۇلىرى كۆتىرىلگەن ئىدى. ئالۋان–ياساقمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس. تۇرمۇش ھەقىقەتەن ھەر تۈرلۈك كۆڭۈللۈك ئىدى. لېكىن كۆپ ئۆتمەي غۇلجىنى خىتايغا تۇرۇش خەۋپى چىقتى. بۇ خەۋەر تارانچىلارنى قورقۇتتى. چۈنكى خىتايلار غۇلجىنى ئالسا تارانچىلاردىن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالتىشەھەر ئۇيغۇرلىرىنى ئۇنداق قىلىۋاتقىدەك، مۇنداق قىلىۋاتقىدەك دېگەن خەۋەرلەر

تارانچىلارنىڭ يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولدى. قورقۇش ئۈستىگە قورقۇتۇش ئېغىر هال ئىدى. بۇ يەردە شۇنداق قىلىپ، بۇ خەۋەرنىڭ راستلىقىغا شۈبهە قالمىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاتا-بوۋىلارنىڭ مازارلىرىنى، شۇنچە-گۈزەل قورا-جايلىرىنى قالدۇرۇپ، رۇسىيە تۇپرىقىغا سەپەر قىلىپ كېتىش كېرەكمۇ ياكى يوقمۇ، ئورۇنلىرىدا قېلىش كېرەكمۇ؟ بۇ سوئال ئىختىيارسىز تارانچىلار ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. مانا بۇنىڭدا ئۇلار تەبىئىي ئىككىگە بۆلۈندى. بىر تەرەپ ئورۇنلىرىدا قېلىش تەرىپىگە ئۆتتى. ئىككىنچى تەراپ سەپەر قىلىش كۆچۈش تەرەددۇتىنى قىلدى؛ تېزدىن غۇلجىنىڭ خىتايلار غا ياندۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى. مانا تەشۋىش. تارانچىلار نېمە قىلىشىنى "بىلەلمەي باشلىرى قاتتى ۋە غەم-قايغۇدا قالدى. ئاخىرىدا بىرىنچى تەرەپ كۆچۈشكە قارار قىلىپ، بۇ توغرىدىكى قارارلىرىنى هۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى. هۆكۈمەتمۇ يەتتىسۇ ۋىلايىتىدىن يەر بەرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇلار خوشال بولۇپ، كۆچۈش تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي 100مىڭ مۇهاجىر ياركەنت ئۇيېزىغا بېرىپ چۈشتى. بۇندىن باشقا قارتاغ ئېتەكلىرىگە بىر نەچچە يۇرت ئورۇنلاشتى. يەنە بىر قانچە يۇرت كەتمەن، شۇڭقار، غالجات رۇسىيە تەرەپتە قالغانلار ئىدى. بۇلاردىن 10 مىڭلاپ جان ئۆيلۈك بولدى. هۆكۈمەت مۇهاجىرلەرنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن هەر بىر كىشىگە بەش دەسياتىنىدىن يەرمۇ

118

بەردى. تارانچىلار ئائىلىلىرى بۇ يەرلەر بىلەن ئوبدانلا پاراۋەن كۈن كەچۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنرەك هايات كەچۈرۈش قىيىنلىششقا باشلىدى. چۈنكى بۇرۇنقى زامانلاردا باشقا خەلقلەرگە ئارىلاشمىغانلىقتىن كىيىم-كېچەك ئاددىيلا، كۆرۈمسىز بولۇپ، ئۆي جىهازلىرىنىڭ هەممىسى دېگىدەك ئۆز قول هۈنىرى بىلەن ياسالغان ئىدى. ئامما باشقا يۇرت خەلقلىرى باشكىچە ئىدى. ئاددىيلا بىر تارانچى شىگرىن-ئۆتۈك ، ئامبىركان مەسە كىيىدۇ. ئۆي جىهازلىرى هەم شۇنىڭغا لايىق. تولا ساماۋىرى، گەردەن، چەينەك، قىسقىسى، هەممىسى بار.

"بال تىلەيدۇ تامغىم، دېگەندەك، باشقا يۇرتتىكىلەر نېمە ئىشلىسە، بىزنىڭكىلەرمۇ شۇنى ئىشلەيدۇ. لېكىن بىزنىڭكىلەر باشقىلار بىلەن بىللە يۈرەلەمدۇ؟ نېمشكە دېسىڭىز،ئ باشقىلار ئوقۇغان، بىلىملىك، مەئىشەت مەيدانىغا يارىششقا تولۇق هازىر. هە بىزنىڭكىلەردە شۇنداق هازىرلىق بارمۇ؟

يوق! بار بولسا ې ئايىغىمىزدا ئامبىركان مەسە، بېشىمىزدا سۇسەر تۇماق ۋاقتلىق نەرسە بولۇپ، ئاخىرى بىر كۈن ئۆزىمىز بولمىساقمۇ باللىرىمىزنى باشقىلارنىڭ قولىغا كۈنلۈكچى قىلىپ قالدۇرارمىزمۇ؟ ئۆز نەسلىنىڭ دۇنيادا ياشىشىنى تىلىگەن هەر بىر ئاتا-ئانا باللىرىنى دۇنيادا ياشاشقا مۇتلەق سالاهىيەتلىك قىلىپ تەربىيىلىشى كېرەك. بىز شۇنداق چۈشەندۇق.

تارانچىلار ئۆسەمدۇ، كېمىيەمدۇ؟

بىر قەۋم، بىر مىللەت، ئۆز نەسلىنى زامانغا مۇۋاپىق تەربىيە قىلىپ ئۆستۈرمەي، بىر مۇهىتتا ياشىغان ۋەتەنداشلاردىن ئارقىدا بولۇپ، تۇرمۇش، هايات مەيدانىدا ئۇلاردىن يېڭىلدىمۇ، ئاللا ساقلىسۇن، ئۇ مىللەت ئىنقىرازغا يۈز تۇتىدۇ دېمەكتۇر. بۇنى ئاللا كۆرسەتمىسۇن. بىزلەرمۇ باشقىلارنىڭ يازغىنىدەك ئىنقىراز تەرەپكە يۈرۈۋاتىمىزمۇ؟ بۇ نېمە دېگەن سۆز، بۇرادەرلەر؟!

مۆتىۋەر "ۋاقىت" گېزىتىنىڭ 1319-سانىدا "يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ مۇسۇلمانلىرى" سەرلەۋھىلىك ماقالىدا تارانچىلار يەتتىسۇ ئاهالىسىنىڭ 5.5 پىرسەنتىنى تەشكىل

119

قىلىدۇ دېيىلگەن. دېمەك، بۇ هېساپ دۇرۇس بولسا، يەتتىسۇدا بارلىغى 55مىڭ تارانچى بولىدۇ. ئامما يەتتىسۇ ئاهالىسى بىر مىللىيوندەك باردۇر. بۇندىن 30 يىل بۇرۇن يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە يۈز مىڭلاپ بولغانمىز. هازىر بولسا

55 مىڭمىز. بۇ نىمە دىگەن سۆز؟ ھالبۇكى، ياخشى ئۆسكەن خەلق ھەر 50يىلدا بىرگە بىر قوشۇلىدۇ. بۇنداق بول غاندا بۇ كۈندە بىز 200.000گە يەتىشمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەكسىنچە، ھەر نەرسە بولسا قورقۇنچلۇق بىر ھېساپ. بىز شۇنداقلا كېمىيىمىزمىكىنە؟ بۇنىڭدا بىر خاتالىق يوقمىكىن؟ بۇنىڭغا بولسا 15.5 دىمەكچى بولۇپ، خاتالىشىپ 5.5 دەپ يېزىلدىمىكىن دىگەن گۇمانىمىز بار. ئەندى قەلبىمىزگە تەسەللى بىرىپ، دۇرۇس ھەر يىلى يۇقۇملۇق ئاغرىقلارغا يولۇققانىمىز، ھەتتا مەدەنىي مەملىكەتلەر ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالغان ئاغرىقلار بىلەمۇ ھەر يىلى قىرىلغاندۇرمىز.

لېكىن بۇنىڭغا مۇقابىل ئۆسۈپمۇ تۇرىمىز. بۇ سانغا قىسقىسى، ئىشىنىپ كېتەلمەيمىز.

ختاي تارانچىلىرى كۆپمۇ؟

كېلەيلى ئىلى ۋىلايىتى تارانچىلىرىغا. بۇلارنىڭ سان جەھەتتىن قانچە ئىكەنلىگى مەلۇم ئەمەس. چۈنكى ختاي مەملىكتىدە بۇ كۈنگىچە رەسمىي ھېساپ بولغىنى يوق.

ئىلگىرىمۇ قانچىلىك بولغانلىغى مەلۇم ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ يەتتىسۇ ۋىلائىيىتى تارانچىلىرىدىن كۆپ بولۇشى كېرەك. چۈنكى يۈزلەپ ي يۈزلەپ شەھەر ۋە يېزىلارغا

تارانچىلار ئورۇنلاشقان بولۇپ، تىرىكچىلىكلىرىدە ئۇلارغا قارىغاندا يەتتىسۇ تارانچىلىرى پەرق قىلىدۇ. چۈنكى بۇندا يەر كۆپ بولۇپ، ھەر بىر-تارانچىنىڭ يەر ئەگى

لەشكە ۋە خالىغىنچە ھايداشقا ئىختىيارى بار. تىرىشىشقا ئەمگەك، كۈچ كېرەك. ئۇزۇن سۆزنىڭ قىسقىسى، بۇ يەردە كىم ھەرىكەت قىلسا ۋە تىرىشىپ ئىشلىسە، شۇ باي بولىدۇ. قەيەردە بولسىمۇ شۇ قائىدە ھۆكۈم سۈرەمدۇ بىلمەيمەن. ئامما بۇ يەردە شۇنداق.

120

تارانچىلاردا مۇئەللىم ۋە مەكتەپ مەسىلىسى قانداق؟

تارانچى تۈركلىرىدە مەدەنىيەت نۇرى بولغان چوڭراق كىتاپخانا، قىرائەتخانا، خەيرىيا جەمىيتى ئوخشاشلارنىڭ ھېچ قايسىسى يوق. ئۇلارنىڭ نامىمۇ يوق. شۇنداقلا مۇنتەزىم مەكتەپ، مەدرىسىگە كەلسەك، بۇرۇندىن كالغان مەكتەپ، مەدرىسلەر دەپ ئاتالغان يۇرتلار بەك جىق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەققەتتە بىرسىمۇ رەتلىك مۇنتەزىم-ئەمەس.- ئېھتىمال، بەزى ئەپەندىلەر پالان–پالانى ئۇسۇل جەدىت مەكتەپلىرىنى كۆرسىتىپ، ئېتىراز قىلىشى مۇمكىن. لېكىن ئېتىرازمۇ ھەققەت ئەمەس. بىر مەكەپكە پارتا–دوسكا كىرىشى بىلەنلا، ئۇسۇل جەدىت مەكتىۋى بولۇپ ″قالامدۇ″؟ مۇئەييەن پروگراما بىلەن تەلىم –تەربىيا بىرىپ، باللارغا ئىسلام دىنى ۋە باشقا-پەنلەردىن، مەئىشەت، تارىختىن ئۆگىتىپ، قىسقىسى، ئۇلارنى دۇنيادا ياشاشقا بىر تۈرلۈك لاياقەتلىك كىشلەردىن قىلىپ چىقىرىش لازىم بولسا، ئۇنداق مەكتەپ بىزدە يوق. بۇندىن كېيىن بولۇشىدىنمۇ ئۇمۇت يوق! چۈنكى بىزدە ئۇسۇل جەدىت مەكتەپلىرىدە مۇئەييەن پروگراما يوق. ھەر بىر مۇئەللىم، ھەر بىر موللا ئۆزى بىلگىنىنى ئوقۇتىدۇ. م ئەسلەن ، بىر ۋاقت مەن ئۇسۇلى جەدىت مەكتىۋىنىڭ بىرىدە ″ھەق تۆلىنىدىغان مائارىپ بىلەن بىللە ″جۇغراپىيە ئومۇميا″ كىتاۋىنى ئوقۇپ يۈرگەن باللارنى كۆردۈم. ئەمدى ئىنساپ قىلىپ، بىر ئاز ئويلىساڭلار، ھەق تۆلىنىدىغان مائارىپتىكى بىر كىچىك بالا، قانداق قىلىپ ″جۇغراپىيە-ئومۇميە›نى ئوقۇپ چۈشەنسۇن. بەلكى مۇئەللىم ئەپەندى ئۆزى ئوقۇپ چۈشىنەلەمدىكىن؟ ئىككىنچى، تەلىم تەربىيە ئۇسۇللىرىنى بىلگۈچى مۇئەللىملىرىمىزنىڭ نادىر. كۆپىيىشىدىدۇر. پۈتكۈل تارانچى دىيارىدا مۇنداق تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىملەر بەش ي ئون دانە تېپىلارمىكىن؟! ۋاللاھۇ ئەلەم، مۇنچىلىكمۇ يوق! مۇنداق تەلىم-ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىملەرنى يېتىشتۈرۈشكە بىرەر چارە تېپىلامدىكىن؟ ئۆز ۋاقتلىرىدا تارانچى

شۇسىدە چىققان ”ئىلى ۋىلايىتى گېزىتى“ شۇنداق يازدى: ”بىر مىللەت تەرەققىيات ۋە مەنەۋىيەت ئالىمگە قەدەم قويۇپ، ئىلىم ۋە مائارىپ ھاسىل
121

قىلماق بولسا، ھەممىدىن ئاۋال ئىپتىدائىي مەكتەپ مۇئەللىملىرى لازىم بولىدۇ. بۇ بىر قائىدىدۇر. ھەر بىر مىللەتنىڭ ھاياتى، مالىيىسى، ئىلىم–مائارىپى قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىگى ئىپتىدائىي مەكتەپنىڭ چوڭلىغى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئەگەر قايسى بىر مىللەتتە ئىپتىدائىي مەكتەپ مۇئەللىمى بولمىسا، ئۇ مىللەت ئىلىم ۋە مائارىپسىز، نادان ھېساپلىنىدۇ. قايسى ئەل ۋە مىللەتنىڭ ئىستىقبالى تەمىن قىلىنىپ، دۇنيادا ياشاشقا سالاھىيەتلىك بولسا، ئۇ مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي مۇئەللىمى كۆپ بولىدۇ ۋە ياخشى بولىدۇ. فرانسىيە-–پرۇسسىيا سوقۇشىدا فرانسىيىنى پرۇسسىيىنىڭ ئەسكەرلىرى ئەمەس؛ بەلكى ئىپتىدائىي مۇئەللىملىرى يەڭدى دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنى ياۋروپا پەيلاسوفلىرى ھەم تەستىقلىگەن ئىكەن. دېمەك، بىر مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي مۇئەللىملىرى بولمىسا، ئۇ مىللەت ئەسلا تەرەققىي قىلمايدۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئىلى مۇسۇلمانلىرى كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئىلىم ۋە مائارىپ، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت يولىغا ئاياق باسماق بولسا، ھەممىدىن ئاۋال ئىپتىدائىي مەكتەپ مۇئەللىملىرى ھاجەت ۋە لازىمدۇر. لېكىن ھازىرمۇ بىزنىڭ ئىلى ۋىلايىتىدە تەلىم تەربىيە ئۇسۇلىدىن خەۋەردار، ئۇسۇلى جەدىتكە ئوقۇتۇش تەرتىۋىنى كۆرگەن مۇئەللىممىز بارمۇ؟ بىزلەر ئويلاپ قارىساق، ۋاللاھۇ ئەلەم، بەش يې ئون دانە بولمىسا كېرەك. ئەندى بىزلەرگە شۇنداق مۇئەللىملەرنى قەيەردىن تېپىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، مۇنداق، مۇئەللىملەرنى بىر ئايدا ياكى بىر يىلدا ھازىرلاشقا بولمايدۇ. كونا ئۇسۇلدىكى مەدرىسلىرىمىزدىن چىققان تالىپلار ھەم ئۇسۇلى جەدىتچە ئوقۇتۇشقا قادىر بولالمايدۇ. دۇرۇس، بىر مەھەللە ئىتتىپاقى بىلەن بىر ئۇسۇلى جەدىت مەكتىۋىنى ئېچىش مۇمكىن، ئاما ئۇنىڭغا تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىمنى تاپماق كېرەك.

ئەمدى بىز بۇ توغرىدىكى ئاجىزغىنە پىكرىمىزنى بايان قىلىمىز. مەسىلەن، ھەر بىر يەردە ئاخۇنلار باشلىق يۇرت چوڭلىرى بىرىكىپ، ئىتتىپاق بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدە بىر دارىلمۇئەللىمىنى بىنا قىلسا، بۇ دارىلمۇئەللىمىن ئۆيغۇر ۋە ھەر بىر مۇسۇلمان مىللىتى بىلەن مۇشتەرىك بولسا، ئەل ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن .ناھايىتى ياخشى بول
122

غان بولۇپ، ئىستىقبالىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىسى چوڭ بولغان بولار ئىدى.

ئەگەر ئاخۇنلار ۋە ئۇلۇقلار ماقۇل كۆرۈپ، ھەقىقىي تۇتۇش قىلسا، شۇ ۋاقىتتا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ پەقەت شارائىت، غەيرەت، ئىجتىھات كېرەك. ھەي، ئاغىنىلەر، ئاتىلار، ھازىرمۇ مەملىكىتىمىزدە ھۆررىيەت بولۇپ، بىزلەرگە پەقەت پۇرسەتتىن پايدىلىنىش كېرەك. ئەسلى غاپىل بولماسلىققا تىرىشىلىكمىز.

ئەگەردە خىتاي يۇرتىدا ئىپتىدائىي تەلىم ئومۇمىي، مەجبۇرىي يولغۇزۇلسە، بۇ ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ نىزاملىق مەكتەپلىرىگە ئۆزىمىزدىن ياراقلىق مۇئەللىملەر قويۇشىمىز لازىم ئەمەسمۇ؟ لازىم بولسا، بۇنى قەيەردىن تاپىمىز. قىسقىسى، ئانداق مۇئەللىملەر نەدە؟ شۇنداقلا تەلىم تەربىيە ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىملەر رۇسىيە تارانچىلىرىغا لازىم ئەمەسمىكىن؟ لازىم بولسا بۇلارنىڭ ئۇنداق مۇئەللىملىرى نەدە؟ شۇنداق بولسىمۇ، بۇلار بىزدىن ئالىلقانچە ئارتۇقتۇر.

ئەگەردە ياركەنتنىڭ يولداشېۋنى غەيرەت قىلسا، بۇنداق دارىلمۇئەللىمىنى ئوڭايلا ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولار

ئىدى. يالغۇز ئۆز مەدرىسسگە ئالىي تەربىيە كۆرگەن، ئىسلام ۋە ياۋروپا ئالىملىرى بىلەن ئاشنا بىر نەچچە مۇدەررىس ئالدۇرغان بولار ئىدى. يەتتىسۇ تارانچىلىرىغا چاغلىق بىر دارىلمۇئەللىمىن ھەدىيە قىلاتتى. پەقەت شۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارنىڭ، ھەر بىرى ″غوپۇر ھاجى› بولمغى شەرت.

غۇلجىدىكى مۇسابايەفلار، ھۈسەيىن باباشپۇلار غەيرەت قىلسا،ئ شۈبھە يوق، مۇنداق بىر مەدرىسە ئەمەس بەلكى بىر نەچچە بىنا سالدۇرغان بولار ئىدى. لېكىن مۇنداق مەدرىسە توغرىلىق بۇلاردا ھازىرچە بىر تەشەببۇسمۇ كۆرۈنمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، مىللەتنىڭ تەلىم ئۇسۇلىدىن خەۋەردار مۇئەللىملەرگە ئېھتىياج كۈندىن كۈنگە ئېشىپ تۇرىدىكەن، شايەت، بۇ توغرىلىق بېگانىلىك كۆرسەتمىسە دەپ ئۈمۈت قىلىمىز. بۇ مۇھتەرەم بوۋىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى كۈنگىچە مىللەت يولىدا كۆرسەتكەن غەيرەت ۋە خەيرىياتلىرى ئۈمۈتلىرىمىزنى ئاشۇرىدۇ. تەڭرى بۇلارنى تېخىمۇ خەيرلىك ئىشلارغا دۇچ ئەيلىسۇن.شۇنداق دېدىم ۋە ئۇنى يازدىم.

ئۇغۇر بالىسى غالجات، 1911–يىلى ″شۇرا“نىڭ 13–سانى

123

. يۈسۈپ سەككاكى ھەققىدە

يەتتىسۇ ۋىلايىتىنىڭ ختاي چەگرىسىدىكى غالجات يېزىسىدىن يەتتە چاقىرىم شەرقتە ختاي يېرىدە ″مەۋلانا يۈسۈپ ئەل سەككاكى″ قەبرىسى دەگەن مەشھۇر بىر قەبرە بار. بۇ قەبرىنىڭ بەزى خىشلىرى يەرگە چۈشكەن بولسىمۇ، ھازىرمۇ مەنزىرىسى ناھايىتى گۈزەلدۇر. بۇ قەبرىنىڭ شۇنداق گۈزەل كۆرۈنۈشتە ياسالغانلىغىدىن تارانچى بوۋىلىرىمىز ئۇنى ″ئالتۇنلۇق″ دەپ ئاتاشقان. ″ئالتۇنلۇق″ ئىچىگە پەردە تارتىلغان. بۇ قەبرىنىڭ توپرىغىنى ئادەملەر دورا ئۈچۈن ئېلىپ تۈگەتكەن. بۇ مازار پۈتكۈل ئىلى ۋىلايىتى ۋە يەتتىسۇ ۋىلايىتىگە مەشھۇر. ھەر يىلى غۇلجىدىن ۋە ئالمۇتىدىن ئالىم، ئاخۇن، ۋە داموللىلار باش1ئىق بىرمۇنچە ئادەم كېلىپ نەزىر ۋە قۇرۋانلىقلار قىلىشىدۇ. خۇسۇسەن تارانچىلاردىن ئىلمى تالىپ بولغان بىر يىگىتمۇ بۇ مازاردىن تىلەك تىلمەي قالماس. گويا بۇ مەۋلانە ئىلمى تالىپ ئوغلانلىرىغا كېپىلمىش. چىن ئېتىقادى بىلەن موللا بولماقنى تىلىسەشەكسىز بۇ كىشىگە ئىلىم بېرۇر ۋە ئۇ ھېچ زەخمەتسىز ئالىم بولۇر. بۇ مازارنىڭ قەشقەر تەرەپلەردە ھەم شۆھرىتى ئۇلۇقتۇر. قەشقەر دىيارىدىن زىيارەت ئۈچۈن كەلگەن قەلەندەر، دېۋانىلەر ھەر دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ قەبرە تارانچى تۈركلىرى قەشقەردىن كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن ياسالغان ئېمىش. ئاما مەۋلانە يۈسۈپ سەككاكى ئۇنىڭدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن بۇ يەرگە كېلىپ ۋاپات بولغان. بۈيۈك ئۆلىما ئىسلامىيەدىن بولغان. ئۇ ۋاقىتلاردا غالجات يەرىدە قالماقلاربولغان. بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىلمەيدۇ. ھەر قانداق بولسىمۇ ، بۇ قەبرە ئىگىسى ئىلمى ئىسلامىيەدە بۇ

124

بۈيۈك مەشھۇر بىر زات بولغانلىغى ئېنىق. يوقلا، بىر ئادەمنىڭ مۇنداق شۆھرەت قازىنىشى ئېھتىمالدىن يىراك، ئەلۋەتتە. بۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى جانابىڭىزغا مەلۇم بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەم ھەققىدە ″شۇرا“ ڭىزغا″ يازماقنى ئۆتۈندۇق.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەت

* * *.

جاۋاپ:

يەتتىسۇ ۋىلايىتى نەدە″، بىز نەدە؟ يەتتىسۇ ۋىلايىتىدە بولغان

قەبرىنىڭ، ئەۋالى ۋە قەبرە ساھىبىنىڭ تارىخى بىزلەرگە قايسى تېرىقىدە مەلۇم بولسۇن؟ بۇندىن 3يى4 يىل ئىلگىرى رۇس سەياھەتچىلىرىنىڭ بىرى تەرىپىدىن يۈسۈپ سەككاكىناملىق زات قەبرى ھەققىدە يېزىلغان بىر كىچىك رىسالە كەلتۈرگەن ئېدى، قەبرىنىڭ رەسمى ھەم بار ئىدى. پەقەت شۇ رىسالىنى ھەچ يەردىن تاپالمىدۇق. ئىسلام ئالىمىدە يۈسۈپ سەككاكى دېيىلگەن مەشھۇر بىر ئالىم بار ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ سىراجىدىن بىننى ئەبۇبەكرى بىننى مۇھەممەت. مەملىكىتىمىز مەدرىسلىرىدە جەمۇل مەلۇم بولغان "تەلخىس". كىتاۋىنىڭ. ئەسلى بولغئان ‹muptahul ilim" ناملىق بۈيۈك ئەسەر مەزكۈر ئادەمنىڭ ئەسەرىدۇر. پەقەت بۇ زات سىيۇتىنىڭ"بىغايەتۇل-ۋەئا" ناملى كىتاۋىدىن مەلۇم بولۇشىچە □225–6ئەت□، خارەزىمدە ۋاپات بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنىڭ قەبرىڭىزنىڭ ساھىبى بۇ ئادەم بولماس. ‹muptahil ilim›نىڭ مۇئەللىپى ھەققىدە يازغۇچىلىرىمىزدىن ئابدۇلھەي كەنۋى .؛ "پاۋانت بەھىيا " ناملىق كىتاۋىدا بەزى بىر ھېكايە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ خەۋەرلىرى بارلىغىنى مەلۇم قىلىمىز. مۇنداق مۆتىۋەر پازىللار ۋە تەھقىق بىلەن مەشغۇل زاتلار ئۈچۈن شۇنداق خەۋەر يازماق مۇناسىپ ئەمەس ئېدى. ئەندى شۇ قەبرىنى ئۆزىڭىز تەپتىشلىسىڭىز ناھايىتى ياخشى بولار ئىدى. ئېھتىمال، تاش، خىشلاردا مەيتىنىڭ ئىسمى، فامىلىياسى، ئەسلى ۋەتىنى ۋە تارىخى، ۋاپاتى يېزىلغاندۇر. شۇلار ئارقىلىق كىم ئىكەنلىگىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن.

قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلىشى ۋە كونا كىتاپلار

دەل شۇ كۈنلەردە بىرسىدىن ئارىيەت يولى بىلەن، قولۇمغا ئىككى دانە كىتاپ چۈشتى. بۇنىڭ بىرسى "شۇرا" كۆرۈنۈشىدە بولۇپ، چوڭلىغىمۇ "شۇرانىڭ" بىر تومى بىلەن باراۋەر. ئىككىنچىسى 500 بەت چامىسىدادۇر، ھەر ئىككىسى توپلام (مەجمۇئە) بولۇپ، ئاۋالقىسىنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مەلۇم ئەمەس. كېيىنكىسىنىڭ مەلۇم بولۇپ، مۇئەللىپى مەلۇم ئەمەس. ئاۋالقىسى قەشقەردە يېزىلىپ، كېيىنكىسى ئىلىدا يېزىلغان بولۇش كېرەك. ھەر نېمە بولسىمۇ، ھەر ئىككىسى ئەسىرلەر ياشىغان كونا كىتاپلاردۇر. كېيىنكى كىتاپنىڭ ئېتى "ئەجايىبۇل مەۋخلۇقات ۋە غارائىبۇل مەۋجۇدات" بولۇپ، ھەيەتى جۇغراپىيا ۋە هاياتىل ھيۋان ئوخشاش ئىلمي نەرسىلەردىن مەلۇمات بېرىدۇ. ئوقۇغۇچىلارغا نەمۇنە ئۈچۈن كىتاپنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئەينەن نەقىل كەلتۈرەي. مۇئەللىپ "ھەمدۇ سالات تەۋھىتتىن كېيىن" (ئاللا ۋە پەيغەمبەرگە سېغىنغاندىن كېيىن) مۇنداق دەيدۇ: "سەۋەبى تەلىپ" (كىتاپ يېزىشنىڭ سەۋەبى) شۇدۇركى، ھەممە ، ئادەمدە قۇۋۋەت يېتەرلىك بولماس، بىر كىشى ھەممە تەبىئەتنى يۈرۈپ. كۆرەلمەس. بىر مۇنچە ئەجايىپ ۋە غارايىپ نەرسىلەرنى كۆرەلمەس. مەلۇم بولغايكى، مەن پېقىر غېرىپ بىر ئادەم بولۇپ تۇرۇپ، قەدىر ئەھۋال، ئىمكانىيەت يېتىشىچە ئاڭلاپ كۆرۈپ، ئاندىن كىتاپ يۈزىگە يېزىپ، بايان ۋە ئايان قىلۇرمەن. خالايىق بۇ ئەجايىپ ۋە غارايىباتتىن خەۋەردار بولغان ۋە ھىكمەتتىن مەزە قىلغايلار. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كىتاپقا "ئەجايىبىل مەخلۇقات ۋە غارايىبىل مەۋجۇدات" دېگەن ئات قويۇلدى.

ھەر كىم بۇ كىتاپنى مۇتالىئە قىلسا ۋە تەپەككۇر قىلسا، ئاللانىڭ يارىتىش قۇدرىتىدىن ئاگاھ بولغاي ۋە ئاللانىڭ دەرگاھىغا مەنسۇپ بولغاي دەپ، مۇقەددىمىسىنى تامام قىلىدۇ. جۇغراپىيا ھەققىدىكى مەلۇماتلىرى بەك قىسقا. مەسىلەن، بورتاسلار ھەققىدە شۇنداق يازىدۇ. "بورتاس دېگەن تۈركىستاندا بولۇپ، پادىشالىرى خاقان دېيىلىدۇ، ئۆزلىرى بۇتپەرەست بولۇپ، بۇتقا چوقۇنىدۇ. شۇنداقلا خاقانلىرىنىڭ قەبرىلىرىگە سەجدە قىلىدۇ".

بۇخارا ھەققىدە: بۇخارا خەلقى ئومۇمەنالىم بولۇپ، جاھىل خەلقتۇر ھېچ بېلۈنمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۇنياسى بۇخارا بىلەن پەخىرلىنىدۇ" دەيدۇ. قەشقەر خەلقى ئېگىز بويلۇق بولۇپ ھاۋايىراق خەلقتۇر. ھاۋاسىيياخشى يېرى مۇنبەت قەشقەرنىڭ ئىمسالىتىنكور (تىنكۈدۈر). تامغاچ، بالاساغۇن ئەلھاسىل دۇنيانىڭ ھەر قىتەسى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خەلقى، يېرى، ھايۋانلىرى،. تاش–سۇلىرى

ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ، ئۇشبۇ بېيىتلار بىلەن تامام قىلىدۇ.

"تا قىيامەت ئەلگە بولغەي يادىكار،

ئاخلاپ ئەپسۇس يېگەيلەر دوسى-يار.

مىڭ ئىككى يۈز قىرىق بىر ھىجرىتى،

بۇ كىتابلار بارچە نىكۇ خىسلىتى".

رەببىيەل ئاخىر چارشەنبە كۈنى؛ بىرىنچى كىتابنىڭ 18- بەتى قەشقەر تۈركلىرىنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مۇئەللىپ قول قويغان. ئاخىرقىلىرى ئۆز ئەسىرىمۇ، ياكى باشقا كىشىنىڭمۇ مەلۇم ئەمەسىي مۇئەللىپنىڭ قەشقەر تۈركلىرى ھەققىدە يازغانلىرىنىڭ خۇلاسىسى شۇدۇر. مەدايىندە ئىمام نەسىردىن باشلىق ئەمرۇل ئەمىرلەر مەسلىھەت قىلىپ  قەشقەر ۋىلايىتىنى فەتھى ئەتمەككە قارار قىلىپ، يۈسۈپ قادىرخان غازىنى 40مىڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەر زىمىنىگە ئەۋەتكەن. يۈسۈپ قادىرخانغازى قەشقەرگە بېرىپ قەشقەر ھاكىمىغ ئەيىنى مەزمۇندا بىر مەكتۇب كىرگۈزگەن (كىتاپنىڭ ئەينەن ئىبارىسى ):

قەشقەر خەلقى، مەندۇرمەن ھەزرىتى يۈسۈپ قادىرخان غازى، ھەزرىتى ئىمام نەسىردىن نەۋرىسى، ئىمام ھۈسەيىن باشلىق 4 ئىمامنىڭ رۇخسەتلىرى بىلەن ماۋەرائۇننەھىردىن 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن قەشقەر زىمىنىنى فەتھى قىلماققا كېلىپ تۇرىمەن. ئىمان كەلتۈرسىڭىز قۇتۇلۇرسىز". بۇنىغا ئابدۇللا قەشقەرى(ئىسلام قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئېتى بولسا كېرەك "ئارىڭىزدا پەيغەمبەر زاتى بولسا ئىمان كەلتۈرەرمىز"ي دەپ جاۋاپ قايتۇرغان. بۇ ۋەقەنى يۈسۈپ قادىرخانغازى، ئىمام نەسىردىنگە، خوجا مەنسۇر كاسانى ئىسىملىك بىر كىشىدىن خەت ئارقىلىق مەلۇم قىلغان. بۇنىڭدىن خەۋەردار بولۇپ ئىمام نەسىردىن، مۇھەددىن، زۆھەددىن، قەۋمىدىن باشلىق يۈزلەرچە بەگلەر □بۇ بەگلەر ئۆز يۇرتلىرىنىڭ ناملىرى بىلەن قوشۇمچە: كاسانى، باغدادى، خارەزمى، ئۇشى، بەردى، مۇداھىنى دەپ ئاتىلىدۇ) يۈز مىڭ مىقدارى ئەسكەر قەشقەرگە يول ئالغان. بۇلار قەشقەرگە بارغاندىن كېيىن قەشقەر خەلقى ئابدۇللا ۋە ئەبەيدۇللا قەشقەرى (بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ كېيىنكى ئىسىملىرى بولۇشى كېرەك) باشلىق ھەممىسى ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغان. ئىسلام ئەسكىرى داغ-دۇغلۇق بىلەن شەھەرگە كىرگەن.

ئىمام نەسىردىن قەشقەرگە يۈسۈپ قادىرخانغازىنى خان قىلىپ قويۇپ، ئۆزى ياركەنت تەرەپكە ماڭغان. بۇ خەۋەرنى ياركەنت خەلقى ئاڭلاپ ئالدىغا چىقىپ، ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان. بۇندىن يەنە ئىلگىرىلەپ، خىتاي تەرەپكە يۈرۈش قىلغان. يولدا 9 كەنت مۇسۇلمان بولغان. مۇندىن گۇماغا بارغان، ئۇ يەردە خەلقنىڭ يېرىمى مۇسۇلمان بولغان، يېرىمى ھەر تەرەپكە قېچىپ كەتكەن. دەل شۇ ۋاقىت بۇلاردىن ئايرىلغان شاكىر ئىسىملىك سەر ئەسكەر قولىدىكى ئەسكىرى بىلەن جابدۇنى روشە ئىسىملىك بىر كاپىرنىڭ ئەسكىرىگە يولۇقۇپ يېڭىلگەن. سەر ئەسكەرمۇ شېھىت بولغان. بۇ خەۋەر ئۇجەت كاپىرلىرىغا ئاڭلىنىپ، ئۇلارمۇ سوقۇشقا ھازىرلانغان. شۇنداق بولسىمۇ، جابدۇننىڭ ئەسكىرى ئىككىنچى قېتىمدا مەغلۇپ بولۇپ قاچقان. بۇ يەردىن ئىسلام ئەسكىرى خوتەنگە بېرىپ، ئۇنىڭ ھاكىمىنى ئىمانغا دەۋەت قىلىپ نامە كىرگۈزگەن. خوتەن ھاكىمى قوبۇل قىلماي، دىن ئۇچۇن سوقۇشۇشقا ھازىر ئىكەنلىگىنى ئېلان قىلغان. بۇنىڭ بىلەن سوقۇش باشلىنىپ، ئۇ 40 يىلغا سوزۇلغان. بۇ ئارىدا ئىسلام ئەسكىرى خالخا قەۋمى بىلەن سوقۇشۇپ، ئۇلارنى يەڭگەن. ماچىن خالخا قەۋمى تولۇق ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولغان. ئىسلاملار ئۇجەت كاپىرلىرىغا يۈرۈش قىلسىمۇ ئۇلار قېچىپ كەتكەن ئىكەن. بۇلار ئارتىرا چۈشۈپ، قوغلاپ بارغاندا ئۇجەت خەلقى مۆكۈپ تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر توپىنى قىرغان، مۇسۇلمانلار ئىككىنچى قېتىم يوقالغان. سەۋەۋى ھىيلە بىلەن مۇسۇلمان بولغان مۇناپىقلار بولغان. ئۇلار مۇسۇلمانلار ناماز ۋاقتىدا كاپىرلارنى ئۈستىگە باشلاپ كېلىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇزغان، شۇنداق قىلىپ،

كاپىرلار بۇ يەردىن بۆلۈنگەندىن كېيىن بىر يەرگە جەم بولغان 41مىڭ مۇسۇلمان بولغان. بۇ خەۋەر قەشقەردىكى يۈسۈپ قادىرخانغا يېتىپ، ئۇ ئەسكەر بىلەن يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە كاپىرلارنىڭ ئىزىمۇ قالمىغان. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ بۇ يەردىكى ئىشى ئۆلۈكلەر نى يىغىپ كۆمۈشتىن ئىبارەت بولغان.

ھىجرىيىنىڭ 390 ې يىلى مىلادىنىڭ 1000– يىلى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10– كۈنى دۈشەنبە. يازغۇچى پېقىر ئابدۇجەلىل ،دەپ تامام قىلغان.

ن. ئابدۇسەمەت 1913 ې يىلى ‹shura›نىڭ 11–سانىدا

خىتايلارنىڭ ئۇچتۇرپان شەھرىدىن ئالتە مىڭ ئائىلىنى غۇلجىغا كۆچۈرۈشى

‹shura›نىڭ 1 ې سانىنىڭ 503 ې بەتىدە خىتايلار قەشقەر مەملىكىتىدىكى ئۇچتۇرپان شەھرىدىن غۇلجا ھوزۇرىغا 6000 ئائىلە ئۇيغۇرنى ھىجرەت ئەتكۈزدىلەر، دېيىلىدۇ. بۇنىڭدا ئۇچتۇرپان سۆزى خاتا يېزىلغاندۇر. مۇئەررىخ ئەپەندى قەشقەر مەملىكىتىدىن دەگەن سوز بىلەن كۇپايە قىلىنسا ئەڭ توغرا مەلۇمەت بەرگەن بولاتتى. چۈنكى خىتايلار ئۈچتۇرپان ۋىلايىتىدە ئەمەس، قەشقەر ۋىلايىتىدە بار بولغان بارلىق شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدىن تورت ې بەش ئائىلىدىن يىغىپ ھەممىسىنى قوشۇپ 6000 ئۇيغۇرنى كۆچۈرگەن. بۇنىڭدا ئەڭ كوپ كۆچمەن چىققان شەھەرلەر قەشقەر، ئاقسۇ، دولان، خوتەن، كونا تۇرپان ۋە باشقىلار. تارانچى تۈركلىرى ھازىرمۇ مەزكۇر چىققان شەھەرلىرىنىڭ نامى بىلەن قەشقەرلىك، دولانلىق، ئاقسۇلۇق، خوتەنلىك، تۇرپانلىق دەپ ئاتالماقتا. بۇ بولسا تارانچىلارنىڭ بوۋىسىدىن نەۋرىلىرىگىچە مەلەئۇم ۋە ئاشكارىدۇر. ئاما ئەكسىچە ئۇچتۇرپان شەھرىدىن بىرمۇ ئائىلە چىققانلىغى مەلۇم ئەمەس. شۇنىڭدىن كېيىن غۇلجا ۋىلايىتىگە ھىجرەت يولى ئېچىلىپ تا مۇشۇ كۈنگىچە ۋاقتى ې ۋاقتى بىلەن مۇھاجىرلار كۆچۈپ كېلىپ تۇرىدۇ.

بۇلار تەبىئي ھالدا يەرلىك خەلققە ئارىلىشىپ، تارانچى يەنى دەخان بولۇپ ياشايدۇ. يەنە ″شۇرانىڭ ئىككىنچى بىر ئورنىدا ″تارانچى تۈركلىرىنىڭ سانى 1864– ۋە 1870–يىللىرى 8 مىڭ ئائىلىگە يەتكەن ئىدى ۋە نوپۇس جەھەتتىن 50مىڭدىن ئارتۇق ئەمەس″ې دەپ بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ خاتالاشقان يېرى بار. بۇ خاتالىق مۇئەررىخ ئەپەندى ئۇ ۋاقىتتا تارانچى تۈركلىرى ئارىسىدا ۋە ھۆكۈمەت ئورنىغا مەشھۇر بولغان ″8 مىڭ″ سۆزىگە ئەگەشكەنلىكتىن ۋە تارانچى دېگەن سۆزنىڭ مەناسىنى بىلمىگەنلىكتىن بولغان بولۇر. ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ۋاقىتتا تارانچى تۈركلىرى بۇ ھېساپتىن كۆپ ئارتۇق ئىدى. ″8 مىڭ″، دېمەك 8 مىڭ ئائىلە دېمەكتۇر.

بەللكى بىلمەستىن 8 مىڭ تارانچى دېگەن بولسا كېرەك.

ھالبۇكى، ئۇ ۋاقىتتا تارانچىلار (دېخانلار) ئارىسىدا يەر تەرىلمەيدىغان، كەمبەغەل كىشىلەر جىق بولۇپ، ئۇلار ″تارانچى″ سۆزىگە كىرمەيتتى ھەم ئالۋان–ياساقتىن ئازات بولاتتى. تارانچى بولگانلىرى ئىككى ئائىلە بىر تارانچى بىر تارانچى ئاتىلىپ، ئۇنىڭغا بولسا ئۈچىنچى بىر ئائىلە ياردەمچى ئىسمى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۈچ ئائىلە بىر تارانچى ئاتىلاتتى.

ھازىرقى كۈندىمۇ بۇرۇندىن قالغان ئادەت بويىچە تاران

چىلارنىڭ ئىككى ئائىلىسى بىر ئۆي (تۈتۈن) ھېساپلانماقتادۇر.

ئالۋان–ياساقمۇ بىر ئۆي ھېساۋىدا ئېلىنىدۇ. دېمەك، ئۇ ۋاقىتتا تارانچىلار 20 مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق بولۇشى كېرەك. ھازىرقى كۈندە تارانچى تۈركلىرىنىڭ ئاھالى سانى نەچچىگە يەتكەنلىگى مەلۇم ئەمەس بولسىمۇ، غالجات

تارانچىلىرىنىڭ ئۇچۇرلىرىغا قاراپ سۆز قىلساق، ھەر قانداق بولگاندىمۇ 40 مىڭلاپ بولىدۇ. ھالبۇكى، غالجات تۈركلىرىدەك ئومۇمىي پالاكەتلەرگە ئارقا–ئارقىدىن ئۇچرىغان ، تۈركلەر ھېچ يەردە يوقتۇر. بۇلاردا كېيىنكى 3 يىل ئىچىدە ھۆكۈم سۈرگەن چېچەك، قىزىل، كېزىك (سۈزەك) ئوخشاش يۇقۇملۇق ئاگرىقلار بىر نەچچە يۈز جاننى قەبرىگە ئېلىپ كەتكەن. غۇلجا خانلىغى زامانىدا قالماقلارنىڭ تارانچىلارنى ۋەھشىلەرچە چېپىپ، قىرىپ كەتكىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندىمۇ ئۇلار غالجاتقا كۆچۈپ كېتىشى بىلەن يېرىمى قىرىلغان. بوۋايلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، بۇجاينىڭ غالجات ېدەپ ئاتىلىش سەۋەۋى شۇنداق ، غالجات دېمەك ې قىرغۇچى دېمەك ئىكەن.

ۋاللاھۇ ئالەم،

نەزەرغوجا، غالجات 1912–يىلى "شۇرا" 6–سائان

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر

"مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم نېمە ئۇچۈن لازىم دەرىجىدە تارقالمىدى؟" ې دېگەن سوئالغا "شۇرا" ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك بانىلار ئېيتىلىپ ۋە سەۋەبىمۇ ھەر تۈرلۈك كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئاجىزانە پىكرىمىزچە، بۇنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بىرلا، باشقا سەۋەبلەر بۇنىڭ پارچىلىرىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، پۇلنىڭ يوقلىغى ۋە كەمبەغەللىكتۇر. ئاخچا بولسا، كۆرسىتىلگەن سەۋەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىپ، ۋۇجۇتقا چىقارغان بولاتتۇق. يەنى، دارىلپۇنۇن، دارىلمۇئەللىمىن، ۋە د ئارىلمەلۇمات-ئوخشاش ئىلىم مەنبەلىرىنى بەرپا قىلار ئىدۇق. شۇلارنىڭ. ۋاستىسى بىلەن ئىسلام دىنىدىكىلەر ئارىسىدا ئىلىم بەك ئوڭاي- تارقالغان بولاتتى. لېكىن ئاخچىمىز يوق ۋە كەمبەغەلمىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئارىمىزدا ئىلىم تارقالمىدى. بۇندىن باشقا سەۋەپنى ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق. ئاما پۇلسىزلىغىمىز ۋە كەمبەغەللىگىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا بەك زاھىر ۋە ئوچۇقتۇر. مىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نىزاھ، ئۆزارا جاڭجال ۋە ئىختىلاپلاردىن بىزلەر ئوقۇش ۋە باي بولۇشقا ئەمەس، بەلكى بىرىمىز ئىككىنچىمىزنى ئۆلتۈرۈش ۋە قىرىشقا ۋاقىت تاپالماي يۈرىمىز.

پۇرسەت بولسىلا ھەر قاچان ئىشىمىز ئۆلتۈرمەك ۋە كېسىشمەكتۇر. بۇ يولدا سەرىپ ئەتكەن مال ۋە كۈچىمىزنى، دۇنيا ۋە بايلىغىمىزنى ساۋاپلىق ئەمەل دەپ ھېساپلايمىز. بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلىنى سورىسىڭىز، قاراڭلار، ئىسلام دۇنياسىغا! ئىرانلىقلار، بولغارلار، پارسلار ۋە يەمەنلىكلەر ھەمدە ئەرەپلەر ھەمىشەم سوقۇشىدۇ، قىرىشىدۇ، كىملەر بىلەن سوقۇشىۋاتىدۇ دېسىڭىز ې جاۋابى مەلۇم:

131

مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار بىلەن سوقۇشىدۇ. بۇ سوقۇشلارغا كەتكەن ملىيونلىغان پۇل ئىلىم–بىلىم يولىغا ئىشلىتىلسە ئىدى، ئىسلامىيلار ئارىسىدا ئىلىم يامان ئەمەس تارقالغان بولار ئىدى. لېكىن ھەيھاتئ، جاھىل جاھالەت.

نەزەرغوجا ئابدۇسېمەت، غالجات 1912–يىلى "شۇرانىڭ" 11–سانى

ئالتىشەھەرگە سەپەر

(يول خاتىرەمدىن)

ئۆتكەن يىللارنىڭ قايغۇ ۋە ھەسرەتلىرىنى كەتكۈزۈپ، قەلبىمگە بىر قەدەر تەسەللى بېرىش مەخستى بىلەن

بىر ئاز كۆن سەپەردە بولماقنى ئارزۇ قىلدىم. قەيەردە ئاتا-بوۋىمىزنىڭ ۋەتىنى، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر بوۋىلىرىمىزنىڭ جەۋلانگاھى؟ ئىسلام مۇجاھىتلىرى كېيىنكى ئەسىردىلا بۈيۈك ۋە كۈچلۈك بىر ئۇيغۇر خانلىغىنى تەسىس ئەتتىكى، ئۇ پەقەتلا بەزى خائىنلارنىڭ تەدبىرلىرى سايىسىدا تېزدىن غايىپ بولدى.

ئالتىشەھەر تەرەپكە

ئالتەشەھەر، قەشقەر، ياركەنت، ئاقسۇ، كۇچار، تۇرپان، خوتەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، تۇرپان بىلەن ياركەنت ئۇيغۇر بوۋىلىرىمىزنىڭ پايتەخت شەھەرلىرىدىن سانىلىدىكەن. ئۇ يەرلەردە ئۇيغۇر تۈركلىرىمۇ زامانىنىڭ ئالدىنقى مەدەنىي قەۋملىرىدىن بىر قەۋم بولغان ئىكەن. بىر ۋاقىتلاردا قەشقەرمۇ بۇلارنىڭ پايتەختى بولغان. ئالتىشەھەر مۈئەررىخلىرىنىڭ خەۋىرىگە كۆرە، ئالتىشەھەردە ھۆكۈمەت سورىغان

□ ئۆتكەن سەنەدە ئومۇمىي ئىسلام ئالىمىگە كەلگەن مۇشتەرەك قايغۇلار بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇسۇسىي قايغۇلىرىمىمۇ بولدى. ئەزىز ئاتام ئابدۇسېمەت، تۆرت ياشلىق ئوغلۇم رىزا ئىنىسى بىلەن ۋاپات قىلدى. ئۆلۈم دېگەن قانداق قاتتىق قايغۇلۇق!

132

ئۇيغۇر خانلىرىدىن بۇغراخان 961-يىلى تارىخ سەھىپىلىرىدە ئىسلامىيەت دائىرىسىگە كىرگەن ئىكەن.

ئالتىشەھەر ئۆلكىسىدە ئىسلامىيەت جارىي قىلىنغان، بۇغراخان ئۆزىنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلىشىغا سەۋەپ بولغان يۈسۈپ قادىرخان ئاتلىق ئىسلام سەر ئەسكىرىگە مەملىكەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئىسلام قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق يۈرگۈزمەك ئۈچۈن تاپشۇرغان ئىكەن.

شۇنىڭدىن باشلاپ ئالتىشەھەر ئاھالىسى يۈسۈپ قادىرغا يۈسۈپخان ئىسمىنى بەرگەن. بارا بارا بۇ سەردار يۈسۈپ قادىرخان غازى ئىسمى بىلەن شۆھرەت تاپتى. بىزنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلىشىمىزغا يەنە 18 يىلدىن كېيىن مىڭ يىل توشىدىكەن. خاتىرلىنىدىغان بىر ئىش ۍ ھەر كېلەچەك يېقىندۇر.

كېلەيلى ئەندى سەپىرىمىزگە. بۈگۈن 4-يانۋار Ь . بەش -ئالتە ھەمرالىرىم بىلەن ئالتىشەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. تېكەسىنىڭ كەڭ دالاسىغا كەلدىم.بۇ يەردە مەدەنىيەت ئالامىتى ئەسلا كۆرۈنمىدى. ھەر بىر نەرسە تەبىئىي ھالىتى بويىچە. كۆز كېلىپ قايناپ تۇرىدۇ. ئىنسانلار، مەھەللىلەرنىڭ ئالا -يېشىل دەل-دەرەقلىرى يوق. تىپ-تىنچ ۋە ساكىن. يالغۇز تۈزلەڭ ئوتتۇرىسىدىلا موڭغۇل ئىبادەتخانىسى ۋە موڭغۇل باللىرىنىڭ ئاندا-ساندا گۈزەل، ۋەزمىن ئاھاڭدا □ئاي، ئاي، ئۆي□ دېگەن مۇڭلۇق ناۋۇشلىرى تەبىئەتكە بىر تۈرلۈك ئۆزگىرىش بېرىپ تۇرىدۇ.

يولۇۋچىلار ئاستا ۋە سالماقلىق ماڭماقتا. كۈنمۇ ئاستا-ئاستا نۇرىنى غايىپ ئېتىشكە باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا ئاخشام ۋاقتى بولغان ئىكەن. بىزمۇ ھېلىقى ئىبادەتخانىدىن يىراق ئەمەس بىر يەردىن ئورۇن ئالدۇق. كېچىنىڭ زۇلمەتى غايىپ بولۇپ، تاڭ نۇرىنى ئالەمگە چاچتى. موڭغۇل سۈمبىسىدىن جاڭجۇڭ دېگەن ناۋۇشلار موناخلارنى ئىبادەتكە چاقىرغان چاغدا، ئىككىنچى بىر تەرەپتىن مۇڭلۇق ناۋۇش بىلەن ئەزەن ساداسى ياڭرىماقتا ئىدى. بىزمۇ مۇنداق بىر سۈمبىدە ئەزەن ساداسىنى ئاڭلىغانلىغىمىزنىڭ خوشاللىغىدىن ئالدىراشلىق بىلەن ھاسراپ-ھۆمۈدەپ ئىبادىتىمىزنى بەجا كەلتۈردۇق. شۇندا بىر تۈركۈم كارۋانغا ئۇچراشتۇق. بۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا، بىز ئاشىدىغان مۇزداۋان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئېمىش. خۇدا ساقلىسۇن، دا

133

ۋان ئۈستىدە قار—بوران ۋە شۇۋۇرغان بولسا ھەممىمىز ھالاك بولارمىشمىز. يالغۇز خۇدا ئۇڭشاپ، ″مۇزارت غوجام مەدەت قىلسىلا سالامەت ئۆتۈپ كېتىشكە مۇمكىن ئىكەن. (مۇزارت غوجام تىرىكمىش). بولمىسا گۇنايى بار بەندىلەرگە ″مۇزارت غوجام″ ئەسلا يول بەرمەيدىكەنمىش. ئەندى بۇ ۋاقىتلاردا ″مۇزارت غوجام″ بىر ئاز يۇگاچلاپ قالغانمۇ. نېمە ئۈچۈندۇر، بەزى بۇزۇق ئادەملەرمۇ ئاشالىغانمىش. بىز ھامان ئىلگىرىلىمەكتىمىز. قەلبىمىز ئۆتكەن گۇنا قىلمىش—ئەتمىشلىرىمىزنى ئەسلەيدۇ. ئالدىمىزدا قورقۇنچلۇق تاغ تۆپىسىدە قار ۋە شۇۋۇرغان غۇيۇلداپ تۇرىدۇ. بۇنى كۆرگەندە كۆڭلىمىز دەھشەتلىنىدۇ. خىياللار ھالاكەت چوڭقۇرىغا ئاغدۇرۇپ، ئىتەرمەكتە ئىدى. ئاغىنىلىرىمىز بەك چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا كۆمۈلگەن ھالدا ئاستا ماڭماقتا. ئۈن—تىنى يوق. يەتتۇق مۇزارتقا. ئۇلۇغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان شۇۋۇرغان بىر ئاز راھەتسىز بولسىمۇ، ئانچە قورقۇنۇچلۇق ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭۈللەر خۇش ئەمەس. ئاللى نېمىلەرگىدۇ بەك رەنجىپ، نېمىلەردىندۇ كۆڭۈل شۈركىنەتتى. بىز كۈن بويى ھامان مۇز ئۈستىدە ماڭىۋەردۇق. شەرق ۋە غەربىي تەرىپىمىزنى چۇلغاۋالغان ئەينەكتەك كۆپكۆك مۇز تاغ تۆپىسىدە قار—شۇۋۇرغان ئويناپ تۇرىدۇ. ھە، ئاستىمىزدا بولسا جەھەننەم چوڭقۇرى. خىيالىي ھېكايىلاردىلا بولۇشى مۇمكىن بولغان جىن—شەيتان ئوردىلىرى، ئاللىقاچانقى زامانلاردا بۇ يەردە بىر قېرى جادۇگەر موماي ۋە بىر ئەجدىھا بولغانمىش جادۇگەر موماي جادۇ قىلغانسىرى مۇز كۆتىرىلىپ كېتەرمىش. ئەجدىھامۇ تىنىچ ياتمىغان ئىكەن. مانا شۇنداق. ۋاقىتلارنىڭ بىرسىدە ئۇيغۇر باتۇرلىرىدىن بىرى چىنتۆمۈر باتۇر ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ، بۇ جادۇگەر موماي بىلەن ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپتۇ—دە ئالتىشە ھەرگە يول ئېچىپتۇ. خەيرىلىك سەپەر. ھەر نەرسە بولسىمۇ مۇز ئۈستىدە ھامان كېتىپ بارىمىز، ئادەم ئارقىسىدىن ئادەم. قاتار تىزىلغان تۈرك مۇھاجىرلىرى يالاڭ—يالىڭاچ، ئاچ—زېرىن، بالا—چاقا، قېرى—چۈرە ھەممىسى پىيادە، بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق—بۇياققا دەلدەڭشىپ كېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە گۇنالىق

134

135

بەندىلەرنىڭ بىرىنىڭ جەسىدىنى تاش تۈۋىگە تاشلاپ كەتكىنىنى كۆردۈم.

ئەي، كىتاپ ئوقۇغۇچى قېرىنداشلار! تۈرك مۇھاجىرلىرى دېسەك، بالقانلىقلارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان رۇس ئېلى تۈركلىرى ئېسىڭلارغا چۈشۈۋاتامدۇ؟ خەير، بۇ يەردە بالقانلىقلار يوق. لېكىن بالقانلىقلاردىنمۇ زالىم بىر كۈچ باركى، ئۇ بولسا يوقسىزلىق، نامراتلىق ۋە مەئىشەت تارلىغى. ھە، ئەپەندىم ئالتىشەھەرنىڭ بەش باللىق، بىر ئائىلىسىدە بىر ئانا باللىرىغا قارايدۇ، ئۇلارنى بەزلەيدۇ. ئانا باللارغا ئوزۇق ئىزدەپ، بازارغا چىققان. لېكىن كۈن بويى قايتقىنى يوق. باللار ئۆتكەن كۈنى كېچىسى بىر پارچىدىن نان يېگەن ئىدى. كۈن بويى ھېچ نەرسە يېمىدى. بىچارە باللار ئانىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئىڭرىشىدۇ. شەپقەتلىك ئانا يەنە بىر تۈرلۈك يالغان سۆزلەر بىلەن باللارنى بەزلەيدۇ. خوشنا ئەخمەتتىن ئۆتنە نان ئېلىپ تۇرار ئىدى. بۈگۈن ئۇلاردىمۇ نان يوق. ″قوزىلىرىم، ئاتاڭ نان ئېلىپ كېلىدۇ″،ې دەپ يىغلاپ—يىغلاپ، باللىرىنى بەزلەيدۇ. لېكىن ئۆزى ئىككى كۈن بويى تۈزۈگرەك تاماق يېمىگەنلىكتىن، كۆزلىرى گىرىمسەن بولۇپ، ئالدىدا تۇرغان نەرسىنى كۆرمەيدۇ ۋە پۇتلىرى تىترەيدۇ. ئانا كۈن بويى ئىشلەپ تاپقان پۇلى ھېساۋىغا (6 تىيىن) بازاردىن نان ئېلىپ، ئالدىراپ—سالدىراپ ئۆيىگە قايتىدۇ. بۇ ۋاقىت بۇ ئائىلە ئىچىدىكى خوشاللىق،

خۇرسەنتچىلىكنى تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. قاراڭلارچۇ، 6 تىيىنغا 6 كىشى قانداق خوشال بولىدۇ! بۇ ئاجىزلارنىڭ ئىچكەن تاماقلىرىنى ۋە ئۆي تۇرمۇشلىرىنى چۈشىنىڭ. خۇدا كۆرسەتمىسۇن، بۇ ئائىلە ئىچىدە ئاتا بىرلا كۈن ئاغرىپ قالسا قىيامەت ھازىر ئەمەسمۇ. دېمەك، مۇنداق جاپانى كۆتىرەلمىگەن، ئازغىنە بولسىمۇ دۇنيادا ياشاشنى خالىغان ئۇيغۇرلار قىش ئوتتۇرىلىرىدا بالا-چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئىختىيارسىز ئىلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت ئېتىدۇ. تەبىئىيكى، بالىلارغا سوغىدىن ساقلانغىدەك ئەڭلى-ئاياق، كىيىم-كېچەك يوق. يولغا يېتەرلىك ئوزۇق كۆپ ئەمەس. سوغ بولسىمۇ ئۈچ ياشلىق ئوغلى ۋە ئۈچ ئايلىق قىزىنى، ئۈستىدىكى كىيىملىرى بىلەن ئوراپ، ئۇلارغا سوغ تېگىشتىن ساقلاپ قالىدۇ. بېچارىلەر ئۆزلىرى بىرلا قار-شۇۋۇرغان بولسا، كۆزنىڭ يوپۇرمىغى ئوخشاش تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

مانا، قېرىنداش، مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىمدىن كۆرە، "مۇزارت غوجامۇ" مۇنداق "گۇنالىق" بەندىلەرنى داۋاندىن ئۆتكۈزمەسلىگى ھەقتە. "ھۆكۈمەت نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ؟ ! بۇ مۇھاجىرلەرگە بىر تۇرلۇك قولايلىق ئىشلارنى قىلماسمۇ؟"دېيىشىڭىز مۇمكىن. قاۋاپ شۇكى، ھۆكۈمەت شەرق ھۆكۈمىتى. ئوچۇغىراق ئېيتىشقا ئىجازەت بەرسىڭىز، خىتاي پادشالىغى.

تۆگەل تۆرت ئەتراپ تار ئىچىدە مېڭىپ، بەك ھارغان بولساقمۇ، ئارام ئالغىدەك جان تاپالمىدۇق. بۈگۈن، 11-يانۋار كۈنى، ئوڭ تەرىپىمىزدىن بىر يورۇق كۆرۈندى. بۇ بولسىمۇ ئوچۇق دالاغا چىكشىمىزدىن دالالەت بېرەتتى. كۈنمۇ سوغ ئەمەس. بۇندىن كېيىنكى يۈرۈش كۆڭۈللۈك بولۇپ، ئاستا مېڭىپ زېرىككەن ئاتلارمۇ چاپسانراق مېڭىشقا باشلىدى. ھە، قېرىنداشلار، يۈرۈڭلار دەپ ھامان ماڭماقتا. تىك تاغلار ئارىسىدىكى ساينىڭ ئاغزىغا يېتەلمەيمىز. بۇ ئارىدا ئاخشام ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. يەتتۇق، ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ. ئىككى تاغ ئارىسى سېپىل بىلەن تورالغان ئىدى. يالغۇز ئوتتۇرىدىلا بىر تۆشۈك بارلىغى بىلىنىپ تۇرىدۇ. باردۇق شۇ يەرگە. بۇ ئالتىشەھەرگە چىقىدىغان قاپقا ئىدى. قاپقىدىن كىرىشىمىز بىلەن بىر خىتاي مەمۇرى چوڭچىلىق قىلىپ، خۇددى بىزدىن تازىم، ھۆرمەت كۈتكەندەك تۇراتتى. لېكىن بىز تازىم بېرىش ئورنىغا تېزدىن يول خېتىمىزنى چىقاردۇق. مەمۇر بىزنىڭ روسسىيا پۇخراسى ئىكەنلىگىمىزنى بىلگەندىن كېيىن، بىزگە شۇ ھامان خوش كەلدىڭلار دىدى. قورغان ئىچىدە يەنە بىر ئۇيغۇر مەمۇرى كۆرۈندى. ئەتراپىمىزغا قارىساق، قورغان بۇزۇلغان، ئىككى-ئۈچ ئۆيلا تۇزۇك تۇرىدۇ. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، بۇ شەھەر ۋە سېپىلنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ناھايىتى ئېتىۋار بىلەن مەككەم ياسالغانلىغى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئاڭلىغان بىر مەسىلە. خىتائى ھۆكۈمىتى مەملىكەت ئوتتۇرىسىغا مۇنداق بىر سېپىل ۋە شەھەر سېلىشقا مەجبۇرا بولغان. مۇنداق بۈيۈك بىر شەھەرنى ئىككى نەپەر مەمۇر) ئۇچۇنلا ياسىغانمۇ؟ بۇ كۈندە نېمە ئۈچۈن بۇ خاراپ ھالغا يەتكەن؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋاۋىغا ئەقلىمىز يەتمەي، سو
136
رىدۇق. شۇندا بۇ سەپىل ۋ قورغانلارنى ياساتقان قەشقەر ھاكىملىرىدىن بەدەۋلەت جانابلىرى ئىكەن. ئۇ ئىلى تەرەپتىن خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىنى سېپىل بىلەن توساتقان ۋە يەنە شۇ شەھەردە 500 مۇنتەزىم قۇراللىق ئەسكەر تۇتقان.

تولدۇق خىيالغا. ئۇ ئالىيجاناپ زاتنىڭ بۇ سېپىل بىلەن شەھەرنى قانداق، بۈيۈك ئوي ۋا ھىسسىياتلار بىلان ياساتقان؟ بۇ مۇقەددەس خىيال ۋە ئوي -ھىسسىياتلارنىڭ ئازراقلا بىر ئىشتىن يىراققا ئۇچۇشى ئىدى...

كۆز ئالدىمىزدا بەدەۋلەتنىڭ ئوچۇق چىراي، خوشال، ھەر بىرى بىر شەھەرنى ئازات ئەتكىدەك باتۇر، ئارسلان ئوخشاش ئەسكىرى، قاپقا بېشىدىكى بايراق ئۈستىدە يېڭى چىققان ئوغاق ئاي نېمە-نېمىلەرنى خىيالىمىزدىن تىزىپ ئۆتكۈزمىدى؟ گويا بىز خىخ ئەسىردە بولدۇق. مۇنداق خىياللار بىلەن قورغان دەرۋازىسىدىن

چىقتۇق. خوش، ئازاتلىق ئەسرى. بۈگۈن قىزىلبۇلاق مەھەللىسىگە يەتتۇق. ھەيران قالدۇق. بىر خانىگە ئورۇنلاشتۇق. خانە ئېگىسىمۇ "خۇش كەلدىڭىز، ساپا كەلدىڭىز"،ېي سۆزلىرى بىلەن تەكلىپ ئېتىپ، ئۈچۈق يۈز بىلەن قوبۇل قىلدى. مۇنداق مېھماندوستلۇق ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان بىر خىسلەتتۇر، ئاخىر قىزىلبۇلاقتا مەكتەپ بولمىسىمۇ، چىرايلىققىنا بىر خانىقا بار ئىكەن. "بىزلەر ئاخىرەت ئادەملىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، دۇنيا مەكتىۋى نېمىگە لازىم دېدۇق" ، ې دەيدۇ.

جام شەھىرى

ئەندى ئاقسۇدىن 30 چاقىرىم بولغان جام شەھىرىدە بولدۇق. بۇ خېلى چوڭ ئىسلام شەھىرى ئىكەن. جامنىڭ ئۆزىگە لايىق بازىرى بولۇپ، دۈشەنبە ئۇمۇمىي بازار كۈنى ھېساپلىنىدىكەن. بۇ كۆن كوچىلار ئەتراپتىكى يېزىلاردىن ۋە سىرتتىن كەلگەن خەلققە لىق تولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ

□ مۇنداق مەخسەت مەشھۇر ياقۇپ بەگ تەرجىمە ھالى 1913–يىلى "شۇرا، جۇرنالىدا بار.

137

ئەتراپتىكى خەلق توغرىسىدا بىر قەدەر مەلۇمات ئېلىشقا بولىدېكەن. بۇ ئەتراپتىكى ئادەملەر توغرا ساپ دىل، ساددە، يالغان سۆزلىمەس، دۇنيا ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئادەملەر. قىسقىسى، بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق ياشىسا، ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە مەھەللە ئىمامى ئىدارىسىدە بىر مەكتەپ بار بولسىمۇ، بۇ تەرەپلەردە مەتبۇئات بولمىغانلىقتىن، ھەزرىتى نوھتىن قالغان تاختا پارچىلىرىغا يېزىپ ئوقۇيدىكەن. بۇ يەردە "نورۇز ھەپتىلەرچە مەيرەم قىلىنىدىكەن. بىزنىڭ بېرىشىمىزمۇ نورۇز مەيرىمىگە توغرا كەلگەنلىكتىن، ھەقىقىي نەق ئەھۋالىنى كۆردۇق. خوتۇن–قىزلار، ئەر–ئوغۇللار ھەممىسى بىرگە چوقا گۈلەڭگۈچ، كىچىكلىرى ئۈچكۈچلارغا ئوينىشىپ يۈرىدۇ. بۇ يەردىكى ئاياللارنى، قىزلارنى، نامەھرەم دەپ كەمسىتىشلەر يوق ئېكەن. كەچقۇرۇن چوڭلار ئوغلاق تارتىشماقتا، كىچىكلىرى مىللىي ئويۇنلارنى ئوينىماقتا. بىز ئالتىشەھەر خەلقىنىڭ يېڭى يىلنى مۇنداق قىزغىنلىق ۋە خوشاللىق بىلەن قارشى ئېلىپ، ھەپتىلەرچە مەيرەم ئوينىشىغا ھەيران بولدۇق. بۇ بېچارە خەلقنىڭ ئۆلۈكلەرگە تىرىكلەردىن زىيادە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە بىزلەر گۇۋا قاتارىدا شاھىد بولدۇق. پېقىر ئاجىزلارنى ھەم جىنس ئەھۋاللىرىنى كۆرۈپ، قايغۇرۇپ تۇرغىنىمدا، بىر بوۋاي بەدەۋلەت دەۋرىنى بەك پارلاق تەسۋىرلىدى. ئۇ زاماندا بۇ دىيار ئاۋات ۋە مەمۇر، كەمبەغەلچىلىك مىسكىنلىك يوق، ئاھالە باي ۋە ئوقەتچان، ياخشى ياشايدىكەن. مەمۇرلىرى، بۈگۈنكى خىتاي مەمۇرلىرىگە ئوخشاش، خەلقنى تالاش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئاھالە تەرىپىدىن بېرىلگەن پۇلنىمۇ قوبۇل قىلمايتتىكەن. ناۋادا بىرلىرى خاتالىشىپ قوبۇل قىلسا، قاتتىق قوللۇق بەدەۋلەتتىن جازىسىنى ئالاتتىكەن. شەھەرلەر پاكىز ۋە تازا، ھەر يەرلەردە ئۇمۇمىي ھامام. ئەسكەر مۇنتەزىم، يىگىت ئەسكەرلەر ئاتلىق، سەرۋازلىرى پىيادە. ئەسكەر كىيىمى بىر تۈرلۈك، تۆمۈر رەڭلىك ماۋۇت چاپان. قول ئاستىدىكى مۇنتەزىم ئەسكەر 82 مىڭ ھېساپلىنا1ئىدۇ.

ئەسكەر مەنسەپلىرى: يۈز بېگى، پانسات، دادخۇۋا. دادخۇۋا دېگەنلىرى ئەسكەر ھەم پۇخرا بېگى. بۇنىڭ قول ئاستىدا بەش–ئالتە پانسات ئەسكىرى بار. بىرەر بۈيۈك شەھەر پۇخرا

. 138

سى ئەسكەرگە كېرەكلىك ھەممە نەرسىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بەدەۋلەت ھوزۇرىدا مەھرەم، ياساۋۇل، مۇلازىم ۋە بارچە چوڭ–كىچىك مەمۇرلار دايىم بولۇپ تۇراتتى. ئوغلۇم، ھاسىلى بەك كۈچلۈك پادىشا ئىدى. ئۇنداق بولسا خىتايدىن نېمە سەۋەپتىن يېڭىلگەن ئىكەن؟ خىتاي بىلەن سوقۇشسا يېڭىلمەس ئىدى، بىراق تەلەي شۇنداقتۇر. بەدەۋلەت ئوغا ئىچىپ ئۆلدى. قالغانلىرى چىن دەۋلىتى بىلەن سوقۇشۇش ئورنىغا ئۆز ئارا تالاش–تارتىش

قىلدى. خىتاي چېرىكلىرى سوقۇشماستىنلا دۆلەتكە ئىگە بولدى.

بەدۆلەتنىڭ ئوغا ئىچىپ ئۆلۈشىنىڭ سەۋەۋى نېمىدىن؟ شۇ مەزگىلدە خىتاي چېرىكلىرى بەدۆلەتنىڭ تۇرپاندا تۇرغان 17 پەنسات ئەسكىرىنى مۇھاسىرە ئەتكەن. بۇلارغا ئەسىرگە چۈشكەنلەردىن ئۆزبەك ئۇرۇغى بولسا، ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزگەن. ئالتىشەھەر ئاھالىسىدىن بولغانلارنى ئەكسىنچە ئازات ئەتكەن. بۇ خەۋەر بەدۆلەت ھەزرىتىگە يەتتى. ئۇ بۇ چاغدا كورلىدا بولغان ئىدى. بۇ ۋاقىئەدىن ئۇ بەك قايغۇردى. خىتايلار بىلەن ئالتىشەھەر ئاھالىسى ھەمگەپمىكىن دەپ گۇمان قىلدى. ئۇ تېزدىن تۇرپان ئەسكەرلىرىگە قوماندان بولغان بىر ئوغلى بىلەن، بىر تۆرەمنى (بوۋاي ئىسمىنى ئۇنتىغان) قايتىشقا بۇيرۇق يازدۇ. بىراق ئۇلار قايتمايدۇ. سەۋەۋى؛ قايتساق "شۇنچە نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن سوقۇشماي، نېمە ئۈچۈن مۇھاسىرىگە چۈشتۈڭلار" دەپ، بىرەر گەپلەرگە ئۇچرايمىز، ئېھتىمال، دەپ قورقىنىدىن كەلمەي قالدى. بۇنىڭغا بەدۆلەت بەك خاپا بولدى. ئۆز ئوغلىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمىغانلىقىنى ئېغىر ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقبال چولپىنىنىڭ ئۆچكىنىنى پال قىلدىدە، زەھەر ئىچىپ ئۆلدى.

ئىچىپ ئۆلدى. ئەرنى نومۇس ئۆلتۈرىدۇ دەيدۇ. (بەدۆلەت خىتاي چېرىكلىرىگە قارشى چىقىپ سوقۇشسا، شۈبھىسىز يەڭگەن بولاتتى. "ئالتىشەھەر بەگلىرىدىن بىرى تەرىپىدىن ئوغا بېرىلدى دېگەن يالغان گەپمىكىن؟ ئۇ بولماس، بەدۆلەت بەك ئېھتىياتلىق كىشى ئىدى. مۇنداق گۇمانلىق چاغلاردا ئەمەس، تېچلىك زاماندىمۇ ناھايىتى ساق بولاتتى. ئاشپەز ئاشنى ھازىرلاپ كەلتۈرگەندە ئاۋال ئۆزىگە سېلىنغان تاماقتىن ئۇنى ئېغىز تەككۈزۈپ، كېيىن ئۆزى يەيتتى. مەن بەدۆلەتنىڭ مەھرەملىرىدىندۇرمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا بىرى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردى دېگەن سۆز توغرا ئەماس"،ې دەيدۇ بوۋاي. بۇ

139

ھالدا، ئالتىشەھەر ئاھالىسى ھەققىدە مەن بىرەر سۆز ئاچاي دېگەن ئىدىم، بوۋاي: "ئوغلۇم، سىزمۇ، ئالتىشەھەر ئاھالىسىدىنسىز، ھە سىلەرنىڭ ئىلى ئۆلكىسىگە، كۆچۈپ بارغىنىڭلارغا 4—5 ئەۋلات ئۆتتى، شۇنداقمۇ؟ ھە، شۇنداق. خىتاي دۆلىتى ئىلىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇ تەرەپنى ئاۋات، مەمۇر ئەيلەپ، مەدەنىيلەشتۇرمەك ئۈچۈن بۇندىن كۆچمەن كۆچۈرۈشنى ئويلىغان. خاندىن ئىلى ۋىلايىتىگە ھىجرەت ئەتكۈچىلەرگە تۈرلۈك مۇكاپات ۋە ئىمتىيازلار ۋەدە ئېتىلگەن بۇيرۇق چىققان. بۇنىڭغا قىزىقىپ، ھىجرەت ئەتكۈچىلەر كۆپەيگەن. بۇنىڭدا بايلار، بەگلەر ئۆز ئۇرۇق—تۇققانلىرىنى، ئۆز بالا—جاقىسىنى كۆچرىشكە تىرىشقان. ھەممىسى شۇنداقلاردىن كۆچكەن. مۇھاجىرلارغا شۇنداق ئەركىنلىك بېرىلگەنكى، بىر يىگىت بىرەۋنىڭ قىزىنى "مەن ئالىمەن، ؛

يۇر" دېسە، قىزنىڭ ئاتا—ئانىسى قارشى تۇرالمايتتى"،ې دېدى. بوۋاي سۆز ئارىسىدا ئىلىنىڭ ۋەجھى تەسمىيەسى (ئىلى دەپ ئاتىلىش سەۋەبى) توغرىسىدا مۆھتەرەم خالىدى ھەزرەتنىڭ "تارىخ خەمسىيە"سىدىكى ھېكايىسىنىمۇ ئۇلاپ ئېيتتى. بۇ راستىنلا مۇئەررىخ بوۋاي ئىكان. بۇغراخان ۋە يۇسۇپ قادىرخانلار ھەققىدە بىر قانچە سۆزلەرنى قىلدى. ئەمدى ئىسمىنى ئېيتاي: تۇرداخۇن بوۋا ئىدى.

ئاقسۇ

بۈگۈن 20—يانۋار ь كونى ئاقسۇ شەھىرىگە كەلدۇق. ئاقسۇ بەك قەدىمىي شەھەرلەردىن بولۇپ، بۇرۇنقى زامانلاردا ئۇيغۇر خانلىرىمۇ تۇراقلانغانمىش. يالغۇز 900—يىللىرى ئەتراپىدا مىرزا ئابابەكرى دېگەن بىر خان بۇ شەھار ئاھالىسىنى ئەخمەتخان دېگەن بىرىگە تەرەپدارلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن تولا قىرغۇزغان. يەنە سالامەت قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى سۈرگۈن قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاقسۇ 16 يىل مىقدارى خارابىلىك ھالدا ياتقان.

شۇندىن سۇلتان سەئىد دېگەن كىشى خانلىققا مىنگەندىن كېيىن باشقا ئەتراپ شەھەرلىرىدىن مۇھاجىرلارنى كۆچۈرۈپ ئولتۇراقلاشتۇرغان. سۇلتان سائىد ئاقسۇ خەلقىدىن 10يىل مىقدارى پادىشالىق ئالۋان ياساق ئالمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ يې

140

ڭىدىن ئاۋات بولغان. مۇئەررىخلەرنىڭ ئاقسۇ خەلقى پىتراڭغۇ، پاراكەندە دېگەنلىرىنىڭ، مەنىسى شۇ بولسا كېرەك. ئاقسۇ كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىپ تۇرغىدەك خۇش مەنزىرىلىك بىر شەھەر ئەمەس. پەقەت ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ، چىققان جايى بولغىنى ئۈچۈنلا خۇش كۆرۈنىدۇ. كوچىلىرى مۇنتىزىم، تەرتىپلىك ئەمەس، ھەممىسى بىر تۈرلۈك دېگىدەك تارقاقلىقتىن ئىبارەت. شەھەردە گۈزەل ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. ھەممىسى دالانلىرىدا يۈرىدۇ. گەمە ئوخشاش خانىلاردا خەلقلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك تەرىپى يېتەرلىك. ئوقۇش ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۇس. ئەكسىچە ئىشانلىرىمىز بەك كۈچلۈك. ھۈنەر سانائەت كۆپتىن بېرى يوق. ئامما دېخانچىلىقى ئۆز لايىغىدا، ئاش ۋە ئىش ئەرزان. پەخش ۋە پاھىشۋازلىق خەۋپلىك، كەمبەغەلچىلىك نەتىجىسىدە پاھىشلىرىنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئۆسمەكتە. مولللاردا بۇنىڭغا قارشى تۇرغىدەك ئىقتىدار يوق. ئېھتىمال، ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بەرمەيدىغاندۇر. بۇندىكى مەمۇرلار "ھارۋۇ سۇنسا ي ئوتۇن، ئۆكۈز ئۆلسە ي گۆش" بولىدۇ دەپ، قاراپ تۇرىدۇ. پاھىشلەرگە پاھىشەخانىلار يوق، شۇڭلاشقا، پاھىشلەر تۇڭگان سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ. يانلىرىغا بارساڭ ھامان نازلىنىپ، ئاشىق مەشۇق، قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ، ئۆز ئۆزەڭدىن خورلىنىسەن. خۇسۇسەن مەن ئوخشاش باشقا يەردە ئۆسكەن بىر كىشىگە بۇلارنىڭ قىلىقلىرى بەك غۇربەت ۋە يات تۇيۇلىدىكەن. بۇلارنىڭ، ئومۇمەن مۇئامىلىلىرى خىتايلار بىلەن بولغانلىقتىن، ھەممىسى بەڭگى بولۇپ، بازارلاردىن قىز يوقلىدىكەن. شۇڭا كۆرە بىر ئاز ياشراقلىرى خىتايلارغا ئۆيلىنىدۇ ياكى ئومۇمي يەرلەردە قىمار ئويناپ، ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ. بۇ تەرەپلەردە ۋاقىتلىق نېكامۇ خېلى تەرەققي ئىكەن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى يوقسىزلىقنىڭ سەمەرىسىدۇر ئاخىر. خىتايدا قانچە ئۆزگىرىشلەر ۋە ئىدارە ئالمىشىشلىرىنىڭ بۇ يەرگە ئەسلا تەسىرى يەتمىگەن. ئىنقىلاپ زامانىدا بىر ئىككى بۈيۈك مەمۇر ئۆلتۈرۈلۈپ، ئورنىغا ئىنقىلاپچىلاردىن قويۇلغان بولسىمۇ، بۇ مەمۇرلار ھېلىقى ئىدارە ئادەملىرىدىنمۇ ناچار بولغان. بۇ كۈنلەردە بۇ تەرەپ بەك قىسىنچىلىق ۋە قيىنچىلىقتا تۇرىدىكەن. ئاقسۇ خەلقى تىجارەت ئىشلىرىدىمۇ بەك ناچار ئىكەن. بۇنى يەرلىك ئادەملەر ھۆكۈمەتنىڭ تۈرلۈك ماللاردىن باجنى

141

پەۋقۇلاددە كۆپ ئالغانلىغىدىن كۆرىدۇ. كۆپتىن بېرى ئۆز ئىچىدىن خەلق مەجلىسىگە ۋەكىل سايلاپ ئەۋەتىڭلار دېگەن بۇيرۇققا بىنائەن، ئاقسۇ خەلقى ئۆزلىرىدىن بىر ۋەكىل سايلاپ بەرگەن بولسىمۇ، نېمە سەۋەبتىندۇر، ئۈرۈمچىدىن يۇقىرى كېتەلمىگەن، لېكىن بۇ تەرەپلەرگە بالقان سوقۇشى نەق تەسىر ئەتكەن ئوخشايدۇ. مۆتىۋەرلىك بىر ھەزرەتنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇلار ستامبۇلغا 210 يامبۇ كۈمۈچ يىغىپ ئەۋەتكەن. بۇ پەۋقۇلاددە بىر ئىش. لېكىن بۇ ئاقسۇ خەلقىدە جەمىيەت، دۇنيا، مالىيە ئىشلىرىدىن مەھرۇم ئەمەس لىگىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تەرەپلەردە گېزىت ئوقۇغۇچىلار بولمىغانلىقتىن ئاقسۇ خەلقى، ئالەم ۋە ئىسلام ۋاقىئەلىرىدىن خەۋەردار ئەمەس. ئۇلار تۈركلەر ھەققىدە ئىلى ۋە قەشقەر تەرەپتىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ مۇبالىغە خەۋەرلىرىگە ئىشىنىپ يۈرگەن. ئاقسۇدىن 10 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئاسىق دېگەن يېڭى شەھەردە خىتاينىڭ مۇنتەزىم مېڭىپ تۇرغان پوچتا تېلېگرافلىرى بولسىمۇ، ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن ئۇيغۇرلار پايدىلانماي تۇرۇپتۇ.

ئاقسۇدا بۇرۇندىن قالغان ئەنجانلىقلار بولسىمۇ، قازاق، قىرغىز، نوغايلار كۆرۈنمەيدۇ. ياۋروپالىقلار تولۇپتىن يوق. "نوغاي بولماي، ئوڭاي بولماس" ئاخىر.

غالجات يېزىسىنىڭ غەم–قايغۇدىن كېيىنكى خوشاللىغى

بىزنىڭ غالجات يېزىسىدا، ئىلگىرىدىن بىر كىچىك مەكتىپىمىز بار ئىدى. ئۇ مەكتەپكە يۇرتىمىزنىڭ ھەممە باللىرى دېگىدەك ناھايىتى كۆڭۈللۈك قاتنىشاتتى. 1905–جىلى بولسا ياش ئۆسمۈر يىگىتلىرىمىزنىڭ كۆڭلىگە يېڭى بىر ئوي كىرىشكە باشلىدى. شۇ يىلى يۇرتىمىزنىڭ چوڭلىرى ۋە ياشلىرى بىرلىشىپ بىر مەجلىس ئاچتى. شۇ مەجلىستې بىر يېڭى ئۇسۇل مەكتىۋىنى ئاچماقچى قارار قوبۇل قىلىندى. بۇ مەجلىستە بولغان ئەپەندىلەر 400يې500 سوم ئاخچا ھەم توپلىدى ۋە خەلقلەر كەلگۈسى يىللاردىمۇ شۇنداق ئاخچا بېرىپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى.



ياشلارنىڭ بۇ گۈزەل قارارى كۆپكە بارمىدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا يۇرتىمىز ئىككىگە بۆلۈنۈشكە باشلىدى. بىر بۆلىگى ياشلار تەرەپ، ئىككىنچىسى كونىچىلار تەرەپ بولۇپ، بۆلۈنگەن تارانچىلار 4 يىل ئىچىدە نەچچە رەت جاڭجال قىلىپ سوقۇشتى.

بىر تارانچى ئۆلدى، بىر قانچىسى تۈرمىگە چۈشتى. دېمەك، بۇ 4 يىل ئىچىدە مەكتەپكە ياردەم كۆرسەتكۈچى بولمىدى. يېڭى ئۇسۇل مەكتىۋى كۆزدىن غايىپ بولدى. ئۇ مەكتەپكە ئاخچا بىلەن كۆپ ياردەم بەرگەنلەر كونىچىلار ئىدى. ئەمدى بولسا ئۇلار بۇ مەكتەپنى ياشلار مەكتىۋى دەپ، رەنجىش بىلەن تەتۈر قاراشقا باشلىدى. ياش ئۆسمۈر يىگىتلىرىمىزنىڭ ئۆز ئارا ھەر يەتتە كۈندە بىر مەجلىس بولۇپ، شۇ مەكتەپنىڭ چارىسىنى ئىزدەپ، كېڭەشلەر ئاچسىمۇ ھېچ ئىش بولمىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ 4 يىل ئىچىدە غالجات تارانچىلىرىنى قاراڭغۇچىلىق بۇلۇتى ياخشىلاپ باستى.

بۇ بۇلۇتتىن ھېچ كىم خۇشاللىق يامغۇرى ياغدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدى. بەلكى، ئەكسىچە، قايغۇلۇق ۋەقە كۈتكەن ئىدى. بېشىمىزغا شۇنداق بىر قايغۇلۇق ھاللار كېلىپ تۇرغاندا، رەخمەتلەر بولسۇن تەڭرىگە، بۇ يىل توساتتىن بىزلەرگە خۇشاللىق يامغۇرى يېغىشقا باشلىدى. بۇ يامغۇر دەل ئۆز ۋاقتىدا ياققانلىغى ئۈچۈن بىزنىڭ پۈرۈلۈپ، مەيۈسلەنگەن كۆڭۈل چېچەكلىرىمىز ئېچىلىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كونىچىلاردىن ئەڭ خۇراپىي ھېساپلانغانلار تەرىپىدىن بىر يېڭى ئۇسۇل مەكتىۋى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپ ئۈچۈن كونىچىلارنىڭ باشلىغى بولغان توقلەكوۋ ئۆز ئۆيىنى بەردى. بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنى ئەڭ يېڭىچىلار ھېساپلاپ يۈرگەن ياشلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ كۆپتىن بېرى يېپىلىپ قالغان مەكتىۋى تىرىلدۈرۈلۈپ ئېچىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلار يەنە بىر يېڭى ئۇسۇل مەكتىۋىنى ئاچتى. يەنى ياشلارنىڭ باشلىغى سانالماق بولغان تالىپوۋنىڭ تىرىشىشى بىلەن بىر رۇسچە مەكتەپ ئېچىلدى. ئۇنىڭدا 25 بالا ئوقۇماقتا. بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بىرمۇ مەكتىۋى بولمىغان بىر يېزىدا بىردىنلا 4 مەكتەپ ئېچىلىشى ناھايىتى چوڭ خۇشاللىق ئەمەسمۇ!

ئەي، ئۇلۇق تەڭرى، ھەممىمىزنىڭ قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرىمىز ئېچىلىپ، كۆڭۈللىرىمىزنى بىلىم نۇرلىرى بىلەن



پارلات! بارلىق قېرىنداشلىرىمىزنى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق يېپىغا چاپلاشتۇرغىن.

نەزەرغوجا ئابدۇسەمەتوۋ، 1910–يىلى "شۇرانىڭ" 23–سانى

تارانچى تۇركلىرى (ئىلى ۋىلايىتى)

"شۇرا" جۇرنالىنىڭ 14–سانى. 1914–يىلى. ئازىيا ئوتتۇرىسىدا ئالتاغ، قارىتاغ ئاتالمىش تاغلار ئارىسىدا شەرقتىن غەربكە قاراپ بىر دەريا ئاقماقتا. بۇ ئىلى دەرياسىدۇر. ئىلى1 ھەقىقەتەن تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىك، ئىسمى جىسمىگە  ياراشقان شائىرانە بىر جايدۇر. ئىلى باشتا تۇرپان ئىدىقۇت خانلىغى ئىچىدىكى تۈرك ئېلىنىڭ تارىخىي بىر يېرىدۇر. تۇرپان تۈركلىرىنىڭ ئەڭ، پارلاق زامانلىرىنىڭ يەككە يىگانە يادىكارىدۇر. ئىلى ې تۈركلەرنىڭ ې ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى قارارگاھىدۇر. ئىلى تۈرك يۇرتىنىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخانىنى2 سۇلتان ۋەيسلىرىنى، چىنتۆمۈر باتۇرلىرىنى، جاھانگىر ھەزرەتلىرىنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇ قەھرىمان ئەرلەر جاھاننى تىترەتكەن. كېيىنكى ئەۋلادىنى قاناتلىققا قاقتۇرماي، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي كەلگەن پەھلىۋانلارنىڭ ۋەتىنىدۇر. ئۇ ئالىيجاناپ زاتلارنىڭ سۆيەكلىرى موشۇ يەردە دەپنە قىلىنغان.

ئىلى يېرى مۇنبەتلىك بولۇشى بىلەن بىللە گۈزەل بىر جايدۇر. بۇ يەردە ھەر تۈرلۈك يەل–يېمىش ۋە ئاشلىق مول بولىدۇ.

[1] ئىلى ې ئۇيغۇرچە خۇش  كۆرۈنۈشلۈك مەنىسىدە، خىتايلار ئىلى خو دەيدۇ. خ ئو ې ياخشى دېگىنىدۇر.

[2] تۇغلۇق تۆمۈرخان ئالتىنچى بۇغۇن  (ئەۋلاد)  بىلەن  چاغاتاي خانغا قوشۇلىدۇ. ئىلىدا خانلىق سۈرگەن ۋە شۇندا ۋاپات بولغان سۇلتان ۋەيس تۆتىنچى  ئەۋلات بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرگە قوشۇلىدۇ. بۇ ياقتا بىر ۋاقىت كونا ئاخچىلار تەپىلغان ئىدى. تارىخى ئىبسىمدىن چىققان، 700ې800يىللار ئەتراپىدا بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭدا مۇھەممەدخان يازىلمىشتۇر، بۇ مۇھەممەدخان تۇغلۇق تۆمۈر خاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بولۇپ، سۇلتان ۋەيسنىڭ بوۋىسىدۇر.

## مانجۇر ۋە شۋەلەرنىڭ ھەم قەشقەر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھىجرىتى

مەلۇمكى، يۇقۇرىدا تەرىپ ئەتكىنىمىزدەك، خۇشئىئى ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا يالغۇز كۆچمەن خەلقلا مەئىشەت ئېتىپ، جاي–جايلاردىكى خىتاي قاراۋۇللىرىلا كۆرۈنەتتى. ھۆكۈمەت بىرىنچىدىن مەزكۇر  قاراۋۇلدىكى ئەسكەرلەرگە ئوزۇق يەتىشتۈرمەك،تۈرمەك، ئىككىنچىدىن، ئىلى يېرىنى ئاۋات قىلىپ، مەدىنىيلەشتۈرمەك نىيىتى بىلەن قەشقەر تۈركلىرىدىن ھەر□يەردىن بەش–ئوندىن جۈپلەپ ئالماق شەرتى بىلەن 6000 ئۆيلۈك- تۈرك ئائىلىسىنى بىر يولى ئىلىگە كۆچەردى. "بۇنىڭدىن□بۇرۇن" مۇكدېن  شەھرىدىن سەككىز يۈز ئۆيلۈك مانجۇر□نەسلىگە مەنسۇپ خىتاي تەبىئەسىنى كۆچىرىپ ئولتۇرغۇزغان.□ھازىرمۇ مەزكۇر خىتايلار شۋە نامى بىلەن ئىلى دەرياسىنىڭ سول ياقىسىدا مەئىشەت ئېتىدۇ. بۇلار ئەجايىپ□تەرتىپلىك خەلقتۇر. داڭزىپاڭ دېگەن بىر مەھكىمىلىرى بولۇپ، ھەر كۈنى مەنساپدارلار ۋە ئاقساقاللار يىغىلىپ□كېلىپ، ھەر تۈرلۈك يۇرت مەسلىھەتلىرىنى شۇ يەردە قىلىشىپ تارقىشىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى داڭزىپاڭ قارىمىغىدا بىر ساڭ، بىر دۇكان بولۇپ، ئېگىسىز باللارنى، قېرىلارنى پۇلسىز باقىدۇ. يۇرتتا بولسا قىممەتچىلىك يىللىرىدا مەزكۇر ساڭدىن مەخسۇس پىرسەنت بىلەن ئاشلىق ئېلىپ چاچىدۇ. ئىچكى ئەھۋالىدا شۋە خەلقى ئەسلا قىيىنچىلىق كۆرمىگەن. بىز  مۇسۇلمانلارغا ئۈلگە  ئالارلىق بىر ئىش. بۇنىڭدىن تاشقىرى خالىس مانجۇرلاردىن 6000 خىتاي ئەسكىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆيلۈك بولۇپ، بەزىلىرى بويداقتۇر.  ئېيتىشلىرىچە، يۇقۇرىدىكى تۈركلەر ئۇشبۇ 6000 ئەسكەرنى باقماق بولغانلار. شۋەلەرنى ئەسكەر ئالماقتىن  تاشقىرى  ئىلى  ۋىلايىتىدە خىتايلارنى(خىتاي خەلقىنى)  كۆپەيتىش مەخسىتىگە يېتىش ئۈچۈن كەلتۈرگەن بولۇشى  كېرەك. شۇنداق بولسىمۇ بۇلارنىڭ خىتايلارغا قارىغاندا تارانچى تۈركلىرىگە پايدىسى كۆپ.

تارانچىلار ئىختىلالىدا خىتاي ئەسكىرىگە ئەڭ ئاۋال بۇزغۇنچىلىق سالغان شۋە پىرقىسى بولغان.

تارانچى  تۈركلىرى  ۋە  خىتاي مەمۇرلىرىنىڭ زۇلۇمى

خۇئىئى ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا ئىلى ۋىلايىتىدە تارانچى تۈركلىرى ئىسىملىك بىر تۈرك مىللىتى ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئىلى تارانچى تۈركلىرىگە بىرىلگەن ۋە تارانچى دۇنياسى بولغان يەر كۆپ ئۆتمەي ئاۋات بولۇپ، تۈرلۈك نەرسىلەر يەتىشىشكە باشلىدى. ئامما قەشقەر يولى يالغۇز تارانچى تۈركلىرى بىلەنلا توختىماي، بەلكى ئىلىغا ھىجرەت يولى ئېچىلىپ، قەشقەر تۈركلىرى ئارقمۇ–ئارقا كۆچۈپ تۇردى. دىمەك، تارانچى تۈركلىرى بىر ياقتىن تەبىئىي ئۆسمەك بىلەن ئىككىنچى ياقتىن مۇھاجىر قېرىنداشلىرى بىلەن بەك تېزلىكتە كۆپييىشكە باشلىغان ئىدى. ئامما بۇ ۋاقىتلار خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمى ھەددىدىن ئاشقان ئىدى. توغرىسى، بۇ چاغلاردا خەلق ۋە بىزگە ئوخشاش ياشلارغا بەگلەر ۋە نوپۇسلۇقلارنىڭ مۇئامىلىلىرى ھېچ بىر نىزام–قانۇن دائىرىسىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز خالىغىنىچە يۈرگۈزۈلەتتى. ھېچ بىر بەگ، مەنسەپدار قىلغان ئىشىدىن مەسئۇل جاۋاپ بەرمەيتتى. بىچارە پۇخرانى تۆرىلىرى يەيدۇ، بەگلىرى ئالىدۇ، نۆكەرلىرى تالايدۇ، ياساۋۇللىرى ساۋايدۇ، چاپارمەنلىرى چاپىدۇ. خەلق بىچارىلەرنىڭ بولسا كوز ياشلىرى قۇرىمايدۇ. كۆن كۆرۈش ۋە ياشاش ئۇلارغا بەك قييندۇر، تۇرمۇشلىرى ناچار، قىلار ئىشىنىڭ تايىنى يوق. بالىلىرى ئاچ–يالىڭاچ، بىر تەرەپتىن زوراۋانلىق. بۇ جەبىر–زۇلۇمدىن غەم–قايغۇغا پاتقان خەلقنىڭ سەۋىر–تاقىتى تۈگىدى. بۇ زالىملارغا بىرلىشىپ تۇرۇپ، ئىنتىقام ئالماق پىكرى تۇغۇلدى. ئىچلىرىدە ئىنتىقام يالقۇنلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى، بۇنىڭدىن ئارتۇق چىداشقا بولمىغانلىقتىن، ۋاقىت يەتتى.

خىتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىختىلالى

خىخ ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا خىتايلار ياۋروپالىقلاردىن خورلۇق كۆرۈشكە باشلىغان، دەھشەتلىك ئېزىلگەن ئىدى. بۇ ۋاقىت خىتايلار بىرەۋدىن خورلۇق كۆرسە، ئۆز بالا–چاقىسىدىن  ئۆچ ئالىدىغان ئاتىلار ئوخشاش ئۆز تابىئەسىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن زۇلۇمنى ئارتتۇرۇشقا باشلىدى.

گويا فرانسۇزلارغا بولغان ئۆچىنى مۇسۇلمانلاردىن ئالماق بولغانىدى. بۇ زۇلۇملاردىن بىردىن قۇتۇلماق ياكى خاتىمە بەرمەك مەخسىتى بىلەن ئىچكىرىدىكى تۇڭگانلار بىردىن قوزغالدى. ئالتىشەھەر مۇسۇلمانلىرىمىز ئىختىلال چىقارماققا باشلىدى.

تارانچىلار بولسا بۇ زۇلۇملارغا ئارانلا چىداپ تۇراتتى، ئامما ھۆكۈمەت ئىچكىرىدىكى ۋاقىئەلەرنى ئەسلا بىلدۈرمەيتتى، بىر كۈنى غۇلجا جاڭجۇڭى ھاكىم بەگنى چاقىرتىۋېلىپ، 500 ئاتلىق پالۋان (مەرگەن) ھازىرلاپ بەرىشكە بۇيرىدى. بىزنىڭ ھاكىمبەگ قۇللۇق–قۇللۇق دەپ بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تازىم قىلىپ چىقتى. خىتايلار بۇ ئەسكەرلەرنى ئالتىشەھەر مۇسۇلمانلىرىغا قارشى ئەۋەتمەك بولغان ئىدى، چۈنكى" بۇنىڭدىن بۇرۇن كۇچار خىتايلىرىغا ياردەمگە دەپ 10 مىڭچە ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى. ئامما ئىشنىڭ نېمە بولىدىغانلىغىدىن خەۋىرى بولمىغان ھاكىم بەگ "بۆك ئال دېسە باش ئېلىش" قائىدىسى بويىچە مەزكۈر پالۋانلارنى ئارتۇغى بىلەن ھازىرلىدى.

تېزلىكتە ئۇ خىتاي ھۆكۈمىتىدىن تۈرلۈك مۇكاپاتلار ئۈمۈت قىلىپ، ئەسكەرنىڭ ھازىرلىق خەۋىرىنى ئېلىپ باردى. ئامما جاڭجۇڭ بىزنىڭ ھاكىم بەگنى تۈرلۈك بانە بىلەن زىندانغا ياپتى، تەييار بولغان ئەسكەرلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ھاكىم بەگنىڭ مۇئاۋىنى بولغان ئابدۇرۇسۇل بەگكە بۇيرۇدى. ئابدۇرۇسۇل بەگ ئىشنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىغىنى سەزدىدە، تۈرلۈك بانە–سەۋەپلەرنى كۆرسىتىپ، بارمىدى، تەييار ئەسكەرلەرنىمۇ ئەۋەتمىدى.

دىمەك، تەلەينىڭ قارا بۇلۇتى كېلىپ، خىتايلار ئۈستىدە ئۈزمەكتە ئىدى. ھېچ يوقتىن تارانچىلار مۇنتەزىم قۇراللىق 500 ئەسكەر تەييارلاۋالدى. تېزدىن ئىختىلال باشلاندى، خىتايلار قايغۇرۇشتى، زىنداندا ياتقان ھاكىم بەگنى(مەزەمبەگ) تۈرلۈك ۋەدىلەر بىلەن تارانچىلارغا تەشۋىقات قىلىشقا ئەۋەتتى.

ھاكىم بەگ تارانچىلار ئارىسىغا كېلىپ، خىتايلار ئەھۋالىنى سۆزلىدى ۋە غەيرەتلىرىنى ئارتتۇردى، تارانچىلار بۇ

كىشىنى شۇ ۋاقىتتا سۇلتان ئېلان قىلدى. بۇ كۆنلەردە ئىلى ۋىلايىتىدە مانجۇر تابىئەسى 300 مىڭغا يېقىن بولغانلىقىنى "تارىخ خەمسىيە" ساھىبى بايان ئېتىدۇ. مۇنداق بولغاندا تارانچى تۈركلىرىنىڭمۇ بىر قەدەر ئۆسۈشى ئۆز ئۆزىدىن مەلۇم بولۇشى كېرەك.

زاتەن خىتاينىڭ 20ى30مىڭلىق پىرقىلىرىگە قارشى تۇرۇپ، سوقۇشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك تارانچى پىرقىلىرى بولدى. خۇلاسە، ئۇ ۋاقىت تارانچى تۈركلىرى خېلىلا جىق ئۆسكەن ئىدى.

## غۇلجا خانلىقى

1864–يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە بىر ئۇيغۇر خانلىقى ۋۇجۇدقا كەلدى. بۇ خانلىقنىڭ پۇخرالىرى ھاكىمدارلىرىغا قارىغاندا نوپۇسلۇق ئىدى، ئارتۇق كونا بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگىدەك قىلىچتىن ئۆتكۈزدى، بەگلەر پۇخرالاردىن ھەر قاچان قورقۇپ تۇراتتى. ھەر كۈنى چېپىشلار، ئۆلتۈرۈشلەر، قىرىلىشلار بولۇپ تۇراتتى. غۇلجا خانلىقى ئۆزىگە مەخسۇس بىر ئاخچا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى!

تارانچى دىيارىدا كۆن كۆرۈشلەر ناھايىتى دەرىجىدە قىيىنلاشتى. قەشقەردىن كارۋان كەلمەيدۇ، رۇسسىيىگە ئارىلاشمايدۇ. خىتاي تەرىپى ئەنسىز ۋە تووۋار نەرقى كۆتىرىلدى. بوۋايلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىر قەشقەر ماتاسى بىر مالغا سېتىلغان، ئاخچا بولسا خىتاينىڭ ئەسكى يامىقى بولغان. مىلتىق دورىسى (پوروخ) ئوخشاش ئەسكەرلەر ئۈچۈن لازىم نەرسىلەر مەخسۇس چارىلەر ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى. ئەسكەر كىيىمى ناچار ئىدى. دېمەك، تارانچى خانلىقىنىڭ ئۆز ئالدىغا ياشىشى مۇمكىن ئەمەسلىگى سېزىلىشكە باشلىدى. غۇلجىنىڭ ئۈچىنچى خانى بولغان موللا شاۋكەت قەشقەر خانلىقى بىلەن بىرلەشمەك تەرەددۇتىنى قىلغان ئىدى، پەقەت تەغدىر ئۇنىڭغا يار بەرمىدى. ئۇ قەتىل قىلىندى. تۆرتىنچى خان بولغان ئەلاخان قەشقەر خانلىقىغا تابىي بولۇشنى ئۆزىگە خار كۆرۈپ، قەشقەر خانىنى ئاتىلىق غازى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىلەر ھەيئىتىنىڭ تىلەكلىرىنى رەت ئەتتى. ئۇ غۇلجا سۇلتانلىگىنى 1870–يىل
148

غا قەدەر ئىدارە قىلىپ تۇردى. ئەلاخان تۆرت يىل ھۆكۈمەت سوردى، لېكىن بۇ تۆرت يىلنىڭ بىر كۈنىنىمۇ تارانچى خانلىقىنى ئىسلاھات قىلىش ئىشىغا سەرىپ قىلمىدى. بۇ ۋاقىتنى ئۇ تامامەن ئەيشى–ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

غۇلجا خانلىقىنىڭ ئاخىرقى كۈنى

بىر ۋاقىت ئەلاخان بىر ئىشى توغرىسىدا رۇسىيە ھۆكۈمىتى بىلەن رەنجىشتى، ئارىغا سالقىنلىق چۈشتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى رۇسىيە دۆلىتى غۇلجا خانلىقىنىڭ بارلىق ئىش ھەرىكەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرماقتا ئىدى. 1870–يىللاردا رۇس تۆرىلىرى تارانچى دىيارىنى تالاشماققا باشلىدى، بۇلار تارانچىلارنىڭ ئەسكەر تەرتىپلى رىدىن ۋە ئۆگىنىۋاتقان تۈرلۈك سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ھەتتا بىر ۋاقىتلاردا تارانچى ئەسكەرلىرىنىڭ ئەڭ باتۇر پىرقىسى ھېساپلانغان بەل ئەسكىرىنى غالجاتتا مانېۋر ياسىتىپ كۆرگەنمىش. بۇ ئىشتا تارانچىلار چىڭ ھەربىي كۈچى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىگىنى ئوچۇق كۆرگەن گېنېرال كالپاكوۋسكىي ھازىرلىق پلانىنى تۈزۈپ، مەزكۇر ۋاقىئەنىڭ بانىسى بىلەن غۇلجا خانلىقى ئۈستىگە بىر پىرقە ئەسكەر تارتىپ كىردى. تەبىئىيكى، بۇنىڭغا تا رانچى تۈركلىرىمۇ قارشى چىققان ئىدى. ئەسكەرلەر كەتمەن ئەتراپىدا ئۇچراشتى ۋە ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. بۇ ۋاقىت تارانچى ئەسكەرلىرىنىڭ بىر تەرىپى قاچقان بولسىمۇ، بىر تەرىپى بەك چىڭ تۇرۇپ ئۇرۇشتى. ئاما بۇ كېچىدە، ئىككى تەرەپلەپ ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا، رۇس ئەسكەرلىرى كېچىسى قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ، بىر تەرەپكە قېچىپ چىقىۋالغان. شۇندا ئىككى گرۇپپا تارانچى ئەسكەرلىرى ئۆز ئارا

بىربىرى بىلەن قىرىلىشتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار رۇس

1 رۇسىيىدىن تازابېك ئىسىملىك بىر قاچقۇن قېچىپ بېرىپ سۇلتانغا كىرگەن، رۇسىيە ھۆكۈمىتى مەزكۇر ئادىمنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ ئەتكەن. سۇلتان بۇنىڭغا ئېتىۋار بەرمىدى، ئاچچىقلىنىش ۋە ئۇرۇش شۇنىڭدىن باشلاندى.

ئۇيغۇر بالىسى

149

ئەسكەرلىرىنى يېڭىپ قاچۇردى. ئاما ئۇلار رۇس توپلىرىغا (زەمبىرەكلىرىگە)قارشى تۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىگىنىمۇ سەزدى. بۇ ئارىدىكى قالايمىقانچىلىقتا رۇسلارنىڭ بىر ئوفىتسېرىنى يالغۇز ئەسىرگە ئالدىدە، ئۇ تارانچى ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى تەرىپىدىن قايتۇرۇلۇپ ئەۋەتىلگەن ۋە ئۆزىنىڭ رۇس دۆلىتىگە تابىئە بولۇشقا تەرەپدار ئىكەنلىگىنى ئېيتىشقا بۇيرۇغان. بۇنىڭدىن كۆپ ئۆتمەي رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ غۇلجىنى ئالغان خەۋىرى ئاڭلاندى. ئېيتىشلىرىچە، غۇلجا خانلىغى تامام بولدى، ۋەسسالام.

ئالتىشەھەر، جۇڭغارىيە ۋە ئىنگلىزلار

ئۈچ يىلدىن بۇيان تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە گراجدانلار سوقۇشى تۈگەپ، ئىختىسادىي تۇرمۇش يولغا سېلىنماقتا. بۇ مۇددەت ئىچىدە تۈركىستانىنىڭ ئېگىلىگى ۋە سودىسى خېلى ئاياققا باستى. ئاما ئالتىشەھەر ھەم غۇلجىنىڭ باي لىق ۋە سودىسىنىڭ بۇ مۇددەت ئىچىدە ئىلگىرى ماڭغانلىغى سېزىلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئالتىشەھەر ۋە غۇلجىنىڭ تۈركىستان بىلەن شۇ كەمگىچە توغرا بىر سودا مۇناسىۋەتىنىڭ ئورناشمىغانلىغىدۇر. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇ ئىككى مەملىكەتنىڭ خەلقى: دېخان ۋە كاسىپلىرى بىربىرىگە شۇنچە دۈشمەنمۇ؟ ياكى بۇنىڭغا چەت كۈچلەر ئەيىپلىكمۇ؟ ئىككى ئارىدا سودا مۇناسىۋەتىنىڭ يۈرگۈزۈلۈشى كىم ئۈچۈن پايدا، كىم ئۈچۈن زەرەر؟

مانا بۇ سوئاللارغا ئوچۇق جاۋاپ بېرىشتىن ئاۋال، بۇ مەملىكەتنىڭ قىسقىغىنا تارىخىغا كۆز سېلىپ ئۆتۈش لازىم.

ئىنگلىز جاھانگىرلىگىنىڭ بوغۇز تومۇرى ھىندىستاندا ئىكەنلىگىنى ھەر كىم، خۇسۇسەن، ئىنگلىزلارنىڭ ئۆزلىرى تولا ئوبدان بىلىدۇ. ئىنگلىزلارغا قارشى كۈرەشكەن ھەر بىر ھۆكۈمەت كۆزىنى ھىندىستانغا تىكىپ، قولىنى ھىندىستانغا سوزۇپ كەلدى. فرانسىيا-ئەنگلىيە سوقۇشى (ناپولېئون دەۋرىدە)، گېرمانىيە ئەنگلىيە رىقابىتى، كونا رۇسىيىنىڭ شەرقىگە قاراپ

150

زورىيىشى-ھەممىسى ھىندىستاننى قولغا چۈشۈرۈشنى مەخسەت قىلىپ تۇتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنگلىز لار ھىندىستاننى ساقلاش ئۈچۈن پۈتكۈل كۈچىنى سەرىپ قىلىپ، ھىندىستان يوللىرىنى قۇرۇقلۇقتىن ھەم سۇدىن توساپ ئېلىشقا تىرىشت .

رۇسىيە: غەربىي تۈركىستاننى ئالغاندا ئەنگلىيە ھىندىستان، تۈركىستان، كاپكاز ئارىسىدا مۇستەقىل ۋە يېرىم ھوقۇقلۇق مۇستەملىكىلەر تۈزۈپ، (ئىران، بولۇجىستان، ئاپغانىستان، ئالتىشەھەر، تىبەت، ھىندىستان، دېڭىز يوللىرىنىڭ بوغاز ھەم كاناللىرىنى (مەسىلەن، گىبرالتار، سۇۋەيش) ئۆز قولىغا ئالدى.

ھىندىستاننى ساقلاش ئۈچۈن ئاداققى مۇسگەملىكىلەر جۈملىسىدىكى ئالتىشەھەر ئۆلكىسى ھەم كىرگۈزۈلدى.

بۇرۇندىن رەسمەن ئالتەشەھەر خىتاي قولىدا ھېساپلانسىمۇ، ھەقىقەتتە بۇ ئۆلكە ئىككى تالاشقۇچى جاھانگىر (رۇسىيە ۋە ئەنگلىيە) ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئوتتۇرىدا قالغان ئىدى. ئالتەشەھەردە ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز تەسىرىنى ې ئۆز نوپۇزىنى ئورناشتۇرۇشقا تىرىشتى. لېكىن ئالتەشەھەر ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى ۋە يوللىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بىلەن كۆپرەك رۇسىيىگە يېقىن، ئىختىسادى ۋە سودىسى غەربىي تۈركىستان بىلەن باغلانغان.

ئاسيا خەرىتىسىگە بىر كۆز سالساق، ئوپ ئوچۇق كۆرۈمىزكى، ئالتەشەھەر بىلەن ھىندىستان ئارىسى ئۆتۈش تەس تاغلار (ھىمالايا، تىبەت) ۋە سۇسىز چۆللەر (تەكلىماكان) بىلەن ئايرىلغان. غەربىي تۈركىستانغا كەلگەندە يېرىم تاغلار، تەكشى جايلار، خۇسۇسەن ھارۋا يوللىرى، ئاندىن كېيىن پەرغانە ئارقىلىق تۈركىستان ۋە سىبىر تۆمۈر يوللىرى بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ.

دېمەك، ئالتەشەھەرنىڭ خام ماللىرىنى پەقەت رۇسىيە چىقىرالايدۇ، پەقەت رۇسىيە يوللىرى ئالتەشەھەر سودىسىنى چەت بىلەن باغلايدۇ. ئاما باشقا مەملىكەتلەر (خىتاي، ياپونىيە، ھىندىستان ۋە باشقىلار) يولنىڭ قىيىنلىغى سەۋەپلىك خام ماللارنىڭ (يۇڭ، تېرە، قىل) يول كىراسىنى كۆتۈرەلمەيدۇ. مەسىلەن، 1908–يىلى ئۈرۈمچىدىن موسكۋاغا كىرا ھەققى بىر پۇتقا 2 سوم 10 تىيىن تۇراتتى. ئۈرۈمچىدىن شاڭخەيگە 4 سوم 80 تىيىن كىرا ھەققى

151

تۆلىنەتتى. ئۈرۈمچىېموسكۋا ئارىسى بىر يېرىم ئايلىق يول بولسا، ئۈرۈمچىېشانخاي يولى 7ې8 ئايلىق ئىدى.

يۇڭ–ياباغە تۇرپان –قەشقەر پاختىسى يول كىراسىنىڭ باھاسىنى كۆتىرەلمەيتتى. ئالتەشەھەرنىڭ بارچە قول سانائىتى مەھسۇلاتىنىڭ (ماتا، چەكمەن، گىلەم ۋە باشقىنىڭ) تەرەققىياتى پەقەت غەربىي تۈركىستان بازارلىرى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇراتتى.

كېيىنكى يىللاردا ياۋروپا سوقۇشىغىچە ئالتەشەھەرنىڭ ئىختىسادىي مۇناسىۋىتى خىتاينىڭ ئۆزىگە قارىغاندا رۇسىيە بىلەن ئارتۇغراق ئىدى. ئالتەشەھەر سودا مۇناسىۋىتىنىڭ 80 پروسېنتى رۇسىيە بىلەن ئىدى.

ئالتەشەھەرنىڭ ياقۇپبەگ ۋە ئاندىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىدە باقساقمۇ، غەربىي تۈركىستان بىلەن مۇناسىۋىتى قېلىن ئىدى. رۇسىيە غەربىي تۈركىستانىنى ئالغاندىن كېيىن بۇ مۇناسىۋەت بەزى بىر نۇقتىلاردا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن، بۇ رۇن پاختا پەرغانىدىن قەشقەرگە چىقاتتى. 1876–يىلى پەرغانىدىن قەشقەرگە 2120 پۇت پاختا چىققانلىغى مەلۇم (بۇ پەقەت قەشقەر، ئاتۇش، خانىرىقلارغا ئارتۇقچە لازىملىقتىن بولسا كېرەك)، رۇس دەۋرىدە پاختا قەشقەر، تۇرپاندىن رۇسىيىگە چىققان ۋە ئالتەشەھەردە پاختا سانائىتى كۈچەيگەن.

ئاياقلىق مال ياقۇپبەگ ۋە رۇس دەۋرلىرىنىڭ بىرىنچى يىللىرى يەتتىسۇېپەرغانە ئارقىلىق ئالتەشەھەرگە چىقىرىلاتتى. 1908ې1909–يىللاردىن باشلاپ پەرغانە پاختا ئوچىغى بولۇپ قېلىشى سەۋەپلىك، بۇنىڭ ئەكسىچە ئاياقلىق مال ئالتەشەھەردىن قارقارا ئارقىلىق پەرغانە ۋە يەتتىسۇغا چىقىدىغان بولدى. دېمەك، ئالتەشەھەرنىڭ ئىختىسادى تۈركىستان بازارىغا قاراپ ئۆزگىرىشكە مەجبۇر بولۇش دەرىجىسىگە كەلگەن ئىدى.

مانا موشۇ سەۋەپ ھەم ئەھۋاللار ئالتەشەھەر ئىنگلىز ئىگىلىگىگە ئارتۇق يول قويماي كېلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئالتەشەھەرنىڭ ئىختىسادىي مۇناسىۋىتى ئۆزىنىڭ تەبىئىي يولى بىلەن ئىلگىرى چاماپ كەلدى.

ئىنگلىز كاپىتالى ئالتەشەھەرنىڭ ئىختىسادى ۋە مەدەنىيىتىگە ئوزۇق بېرەلمىگەنگە ئوخشاش، ئىچكىرىكى خىتاي ھەم بۇ يولدا ئالتەشەھەر مەنپەئەتىنى كۆزىتىپ كەلگىنى يوق.

152

يۇقىرقى ئەھۋاللارنى، جۇغراپىيە ۋە تارىخىي جەھەتلەرنى ئېتىۋارغا ئالغاندا، ئالتەشەھەر، تۈركىستان مەنپەئەتلىرىدە ئالتەشەھەرنىڭ مەنپەئەتى ئارتۇغراق ئىكەنلىگى، سوقۇش ۋاقتىغىچمۇ مەنپەئەتىدىن پايدىلىنىپ كەلگەنلىگى چوقۇم.

ئۇ زاماندىكى ئورۇس جاھانگىرلىگىنىڭ سىياسىتىگە باققاندا، رۇسىيىدە ئەنگلىيىگە قارىغاندا ئىچكى يامانلىق ئازراق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

كونا رۇسىيە ئالتەشەھەردە مۇستەملىكە سىياستىنى يۈرگۈزۈشى بىلەن ئالتەشەھەردە پاختىچىلىق ۋە ئاياقلىق مال ئىگىلىكلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە سەۋەپ بولدى. ئىنگلىز كاپىتالى ئالتەشەھەرگە ئۆزىنىڭ ئىشلەپ چىقىرىلغان فابرىكا، زاۋود ماللىرىنى كىرگۈزۈشتىن باشقىغا يارىمايتتى. بۇ ھەم خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلەش دەرىجىسىدە ئەمەس ئىدى.

ئالتەشەھەر، جۇڭغارىيە خەلقىنىڭ تۈپلۈك بايلىغى بولغان خام مالنى ۋە ئاياقلىق مالنى ئەنگلىيە ئۆزىگە چىقىرالمايتتى (نەشە ھەم خوتەن گىلەملىرىدىن باشقا). شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئالتەشەھەرنىڭ ئىختىسادىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ئىنگلىزلار بىلەن باغلىنىشى يوق.

ئەگەر ئىنگلىز ئالتەشەھەرگە قول سوزغان ۋە سوزماق بولسا بۇ ئىشتا جاھانگىرلىك سىياسەتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق. ھازىرقى زامان ۋە شارائىت باشقا.

ئەگەر بۇرۇن ئالتەشەھەر رۇس ھەم ئىنگلىز جاھانگىرلىرىنىڭ ئارىسىدا تالاشتا ياتقان بىر مۇستەملىكە ھۆكمىدە بولسا ، سوقۇش ۋە ئىنقىلاپتىن كېيىن رۇس كاپىتالى سەپتىن چىقتى . ۋېرسال كېلىشىمى بويىچە غالىپ سانالغان ئىنقى لاپچ لار ۋاشىنگتون كونفېرېنسىياسىدە خىتايىنى بۆلۈپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنگلىزلار ئالتەشەھەردە خوجا ھۆكۈمدە بولۇپ قالدى. ھازىرقى ۋاقىتتا كۈچسىز ساتلىق خىتاي مەمۇرلىرى قان ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سىياستىنى يۈرگۈزۈۋ ئاتىدۇ.

ئىڭلىزلار  بۇرۇن نىكولاي ئالتەشەھەرگە ئىگە بولۇپ قالىدۇ دەپ قورقسا، ھازىر شۇرالار ھۆكۈمتى ئازات قىلىپ قويىدۇ  دەپ ئۇندىن بەتتەر قورقىدۇ.

شۇنىڭ  ئۈچۈن ئالتەشەھەرنىڭ تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى بىلەن مۇناسىۋەت ياسىشىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.

153

پۈتكۈل شەرق دۇنياسىنى ئۆزىگە قۇل ۋە قورال قىلىۋالغان ئىنگلىز جاھانگىرلىرى بۇ قېتىم ئالتەشەھەرنى ھىندىستان ۋە تىبەتتىكى تەسىرىنى ساقلاش يولىدا قورال قىلىۋالماقچى.

ئالتەشەھەرگە  سېغىن سىير ئورنىدا قارىغان ئىنگلىز لار، خىتاي مەمۇرلىرى، مۇسۇلمان مۇتەئەسسىپ روھانىيلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىي، ئىختىسادىي مەنپەئەتىنى ھازىر باھاسىز مالغا ساتماقتا.

نەتىجىدە ئالتەشەھەر جۇڭغارىيىنىڭ ئىختىسادىي بايلىغى، مەدەنىيىتى كۈندىن كۈنگە ئارقىغا يانماقتا، خەلقنىڭ كەمبەغەللىكتىن ئاچ يالىڭاچ كېلىۋاتقانلىغى بىلەن بۇلارنىڭ كارى يوق.

ھازىر  ئالتەشەھەر جۇڭغارىيە خەلقى بۇ خىيانەتنى چۈشەندى ۋە ئاڭلاپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ تۈركىستان بىلەن سودا، ئىختىسادىي ۋە مەدەنىي مۇناسىۋەت ياسىماي تۇرۇپ، ئىلگىرى ئاياق باسمايدىغانلىغىنى خەلق ئاڭلىدى. بۇ مۇناسىۋەتتىن كىمنىڭ پايدا ئېلىپ، كىمنىڭ زەرەر كۆرىدىغانلىغىنى بىلگىدەك بولدى.

بۇ  مەنپەئەت ئالتەشەھەرىجۇڭغارىيە سودىگەرلىرى، كاسىپ ھۈنەرۋەنلىرى، دېخانلىرى ۋە مېھنەتكەشلىرىنىڭ ھەممىسىگە تەڭدۇر.

كونا زالىم نىكولاي ھۆكۈمىتىنىڭ تۇتقان سىياستى ئەمدى قايتمايدۇ. تۈركىستان ئىشچى ۋە كەمبەغەللەر ھۆكۈمىتى ئالتىشەھەر خەلقىگە ياردەم قولىنى سوزۇشتىن يانمايدۇ. شۇرالار ھۆكۈمىتىنىڭ بۇرۇنقى مۇستەملىكىلەر گە، يەنى تۈركىستان، كاپكاز، قازاقىستان، قىرىم، تاتارىستانلارغا بەرگەن كەڭلىك –تەڭلىكلىرى بۇنىڭغا ئوچۇق گۇۋا.

″ھەق ئېگىلەر، سۇنماس″ مەزمۇنىچە، ئالتىشەھەر جۇڭغارىيە خەلقىنىڭ ھەقىقىي مەنپەئىتى ئۆزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئالماي قويماس. ئىنگلىز سىياستىگە چەك قويۇلۇر.

غەربىي تۈركىستان بىلەن شەرقىي تۈركىستان ھەم ئىلى ئەتراپىدىكى خەلق ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھەر ئىككى ياق تەڭ مۇھتاج بولغان ئىختىسادىي مۇناسىۋەتنى باغلاشقا ئىجتىھات قىلۇرلار ھەم بۇ مۇناسىۋەت باغلىنىدۇ.

154

بۇنى ئىسپاتىغا مۇھتاج بولمىغان بىر ھەقىقەت دەپ بىلىمىز. تۈركىستان خەلقى بۇ مۇناسىۋەتكە ئۆزىنىڭ تەييارلىغىنى بىلدۈردى. ئەمدى گەپ ھەم نۆۋەت ئالتىشەھەر جۇڭغارىيىدە قالدى.

ھېچ ۋاقىت خاتالاشمىغان تارىخ بۇ يولى ھەقىقەتنى ئاچار دەپ ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇر بالىسى. 1923–يىلى ″كەمبەغەللەر ئاۋازى″ 11–سان

154

شېئىرلار

مەزلۇم ياشلارنىڭ زارى

(غۇلجىدا تۇرۇپ)

تۆپىدىكى قارا بۇلۇت قاچان كېتەر؟
جەبرى زۇلۇم، قايغۇ–ھەسرەت قاچان تۈگەر؟
قاچانمۇ ھۆرلۈك شاملى پەيدا بولۇپ،
مەزلۇملارنى ئەركىنلىككە سۆرەپ كېتەر؟
نېمىشكە قاتتىق بوران چىقمايدىكىن؟
بۇلۇتلارنى قوغلاپ سۈرۈپ ئەتمەيدىكىن؟
كۈن نۇرىنى يەر يۈزىگە سەپىپ سەپىپ،
مەزلۇملارنى خوشال خورام قىلمايدىكىن؟
شۇ قۇللۇقتا غايىپ بولۇپ تۈگەرمىزمۇ؟
بۇ كۈنلەرنىڭ راھىتىنى كۆرەرمىزمۇ؟
يە بولمىسا، يۆلەكچىلەر پەيدا بولۇپ،
بىرلا ما بىر ئەركىنلىككە چىقارمىزمۇ؟
بىزنىڭ ئۈمىت كۆزلىرىمىز يۆلەكچىدە،
بىزلەرنىما ھۆر دۇنياغا ئاتقۇچىدا.
دوستلىشىپ، قولتۇقلىشىپ، قۇچاقلىشىپ،
ئەركىنلىككە ي يورۇقلۇققا سالغۇچىدا.
ئەركىنلىككە تەلمۈرگۈچى

ئۇيغۇر بالىسى. ياشلار گېزىتى 1922-يىل. 1919-يىلى "كۆمەك" گېزىتىنىڭ 83-سانىدا.

مېھنەتكەش تارانچىلارغا
(ئۇيغۇر جەمىيىتىگە بېغىشلايمەن)

ئېي، تارانچىلار،
كۆزۈڭ ئېچىلار
ۋاقىت بولارمۇ؟
بۇ قۇللۇقلاردىن،
بۇ خورلۇقلاردىن
مەڭگۈ قۇتىلار...
كۈنلەر تۇغارمۇ؟
ئىزگۈ تۇرمۇشنى
قارا بۇلۇتلار
تۇرارمۇ قاپلاپ؟
بۇ قاراڭغۇلۇق،
قۇللۇق... زالىملىق
كېلىپ يورۇقلۇق
كېتەرمۇ تارقاپ؟
ئىككى يۈز يىللىق
ئۆتكەن تارىخىڭ
تەكشۈر... سەن ئويلان
قانغا بويالغان.
چەتلەرگە قۇللۇق،
ئارتىڭدا ئاچلىق،
زۇلۇم پەقىرلىق
ھەسرەتلەر تولغان.
ئەزدى ھاكىملار،
بولۇس شاڭيۇلار،
ھامان ئېزەرلەر...
ئويغان تېز! كەلدى
قۇتۇلار زامان.
157

ئۇلۇق تۈرك باباڭ،
ئۇيغۇردۇر ئاتاڭ

بىل... ئەركىن ئىدى
ئۇلار بىر زامان.
تاپارسەن قاچان
نىجات يولىنى،
ئۇخلىماي هامان
تۇر... ئەندى قوزغال.
ئەسكى خۇراپەت
لەرنى چەتكە ئات،
ئاچ كۆزۈڭ!.. ئاچ!..
ئەقلىڭنى قارات
ئۆتكەن كۈنلەرگە،.
هالىڭغا قاراپ
ئال ئىبرەت... ئال.
ياخشى يامانىنى
ئويلاپ پايداڭنى،
ئۆزگە ئەللەردىن...
سەن ئۈلگە ئالغىن!
غەپلەتتىن قېچىپ،
چۆرەڭگە بېقىپ
ئىبرەت كۆزۈڭنى
سەن ئەندى ئاچقىن!
هەققىڭنى ئال قولغا.
كىر يېڭى يولغا ۋ
ئۇ سېنى ئېلتەر
يورۇق تۇرمۇشقا.
هازىرقى زامان
زەرەرلىك بولغان.
ئەسكىلىكلەرنى ئىرغىتىپ تاشلا!..
ئېي، تۈرك ئوغلى!
بېلىڭنى باغلاپ،
دېمىڭنى داغلاپ،
تۈرك ئېلىڭ ئۈچۈن
ئەندى كەتمەن چاپ.
قولغا ملىتىق ئال!..
جابدۇقلان دەرهال.
دۈشمەنگە قارشى

مىلتىغىڭ تۈز... ئات!

تارانچىلارغا ئويناپ ئېيتقان چىن سۆزۈم
(زىيالىدىن ئېلىڭ ئىبرەت)

"زىيالى" دەپ ئۆزىنى بىلگەن،
گالستۇك، ئاق ياقا كىيگەن
ۋە ھەر ئىشتا "تەرەققىينى"
پەقەت كاستيۇمدا دەپ بىلگەن.
قويۇپ چەتكە مائارىپنى،
سەنەت ھەم كامالەتنى
ئۆزى مايمۇن كەبى دايىم
پەقەت تەخلىتچىلىك قىلغان.
بولۇپ مەغرۇر تاماشىغا
مىنىب ئول كىبىر ھاۋاغا
ئۆزىنى ئاللا كىم بىلگەن
زىيالىدىن ئېلىڭ ئىبرەت.
ئاراق سىرا ئىچىپ يۈرگەن
ھۆررىيەت بۇ ئىلە دەپ بىلگەن.

159
ئەدەپەخلاق، ھايالارنى
تەئەسسۇپ دىنى دەپ بىلگەن.
تراكتىرگە بېرىشنىمۇ
ۋە فاھىشكە يۈرۈشنىمۇ،
قىمارۋازلىق قىلىشنىمۇ
تەرەققىي ئەسىر دەپ بىلگەن.
بولۇپ مەغرۇر تاماشىغا
مىنىب ئول كىبىر ھاۋاغا
ئۆزىنى ئاللا كىم بىلگەن
زىيالىدىن ئېلىڭ ئىبرەت.

ئىنقىلاپچى ئۇيغۇر ياشلىرىدىن

نىيىتىمىز ماڭلىيىمىزدا كەل ئوقۇ،
تۇرقۇمىزدىن كۆرۈنۈرمۇ ھېچ قورقۇ؟!

كۆزۈمىزدە نە رۇبا بار، نە ئۇيقۇ،
ئەل يولىدا جاندىن كەچتۇق، ئاداشلار!
ئۇيغۇر ئوغلى قورقاق ئەمەس، ئەركەكتۇر،
ئەركەك ئولدۇر زالىملارنى سۇرمەكتۇر.
بىزنىڭ ئويلار دايىم ئالغا ماڭماقتۇر،
ئەل يولىدا جاندىن كەچتۇق، ئاداشلار!
بىزنىڭ ئەمەل ھەر ئەمەلدىن ئالىيدۇر،
پىكىر ئويلار بۇزۇقلۇقتىن خالىيدۇر.
ئەمەل–مەسلەك ئازاتلىقنىڭ جانىدۇر،
مەسلەك ئۈچۈن جاندىن كەچتۇق، ئاداشلار!
مەخستىمىز ۋە ئازاتلىقنى بار ئېتىش،
ئىشچى قولنى ئازاتلىققا يار ئېتىش.
تەييارلارنى، ھورۇنلارنى خار ئېتىش،
ئەل يولىدا جاندىن كەچتۇق، ئاداشلار!

بىزنىڭ ئەمەل ۋە ئاشىقلارنىڭ جانانى،
بىزنىڭ ئەمەل ۋە ئىنسانلارنىڭ كامالى،
بىزنىڭ ئەمەل ۋە مەزلۇملارنىڭ قۇرانى،
ئەل يولىدا جاندىن كەچتۇق، ئاداشلار!
ئەل يولىدا ئۆزدىن كەچتۇق، قۇربانىمىز،
مەزلۇملەرگە يول كۆرسەتكەن فۇرقانىمىز.
ئۆلسەك، يىتسەك ئۇشبۇ يولدا ئارمانسىز،
ئەل يولىدا ئۆزدىن كەچتۇق، ئاداشلار!
شەرق خوجاسى مىللەتلەرگە دۇشمەنىمىز،
ئىنگلىزمۇ، فرانسۇزمۇ بار تېگىس.
كېڭەشلەرنىڭ رۇسسىيىسىن دوست دەيمىز،
ئەل يولىدا جاندىن كەچتۇق، ئاداشلار!
ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇدۇمىدا غەيرەت بار،
نېچۈن بولسۇن ئەل خورلۇققا سازاۋەر؟!
خورلۇقلاردىن ئاجرىتىشقا قارار بار،
ئۇشبۇ يولدا جاندىن كەچتۇق، ئاداشلار!
ئۇيغۇر ئوغلى ئۆز كۈچىگە ئىشىنەر،
بۇ خورلۇقلار، بۇ قۇللۇقلار تېز پۈتەر،
چەتتىن كەلگەن ئوتارچىلار ھەم كېتەر،
ئازات كۈنلەر يېقىنلاشتى، ئاداشلار!
يۆلەكچىمىز، قول كۈچىمىز ۋە ئۆزىمىز،

ياردەم بەردى ئەقىل بىلەن پىكرىمىز،
ئازاتلىق دەپ ھەر دەم ئالغا ماڭىمىز،
ئازاتلىقچۈن باشتىن كەچتۇق، ئاداشلار!
بىز ئول شەرق، ئەل يۇرتىمىز ئۇلۇقتۇر،
شەرق يۇرتى يات ئەللەرگە تولۇقتۇر.
بىزلەر جانلىق، ئەندى ياتلار سۇلۇقتۇر،
ئازات كۈنلەر كېلىپ يەتتى، ئاداشلار!

163

مەنسەپكە
پىراق ئوتۇڭ قىلىپ مەيۈس بىغايەت،
جىگەرلەر خۇن كۆڭۈل مەھمۇم ناھايەت.
ئولۇپ تەسكىن خىيال بىلەن تۇراتتىم،
خىيال كەتدى يەنە باستى كاسافەت.
خىيال فەۋتى تاھىن يەرگە تۈشۈردى،
شۇنىڭ سەلتى يىراق كەتتى سائادەت.
بۇ غەملەردىن كېسەل بولدى ۋۇجۇدۇم،
ئەبەت پۈتمەس مېنىڭدىكى جاراھەت.
تۇرمۇشقا
نېمە بولدى ساڭا، تۇرمۇش، ئوڭالمىدىڭ،
قىزىقىپ جان سۆيگىدەك بولالمىدىڭ؟
كۆزۈمدىن يوقالسۇن دەپ قوغلاسامدە،
چاپلاشتىڭدە، ئاجرالمىدىڭ.
بارمېكىن ياخشىلىقتىن سەندە ئەسەر،
سالىسەن تولاراغى قىشتا زەھەر.
ئاچلەرلە يالاڭغاچنى كۆرگەن چاغدا!
شۇملۇقلار چىقىرىسەن تەخى بەتەر.
شۇم تۇرمۇش، يەتكۈزمىدىڭ مۇرادىمگە،
قەھەرگىنچە بارغۇزمىدىڭ مەكتەبىمگە.
ياش بوغۇن، يېڭى ئۆسمە مەن نە قىلدىم؟!
سالۇرسەن زەھەرىڭنى يۈرەگىمگە.
بۇ كۈندە مېنىڭ ساڭا چېغىم يەتمەس،
يېلىنىپ يىقلىسەمدە سۆزۈم ئۆتمەس.
مېنىڭدەك يانچىلغانلار يەرگە سىغماس،

بۇ قىلغان ئىشىڭ ھەرگىز ئەستىن كەتمەس.

سال
(ئەزىز جىلىگىم تەڭرىقۇلغا)
سالدا بارىمەن، ئەتراپتا دولقۇن،
ھايداپ بارىدۇ قايىنامغا غولقۇن.
يولۇم قاراڭغۇ، قولدا چىراق يوق،
قىرغاق كۆرۈنمەس، كۆڭۈلدە جىق دوق.
سالنى يۇتارمۇ دەھشەتلىك ئۇپقۇن؟
باشنى قايدۇردى ۋەھشەتلىك دولقۇن.
شۇنداق يولچىمەن كەلگۈسى مەجھۇل،
كۆڭۈل تىلەيدۇ، قىرغاقتا ئاق يول...
شۇنداق يۈرىمەن دولقۇن ئىچىندە،
ئېقىپ بارىمەن غولقۇن ئىچىندە.
قۇتۇرغان دولقۇن سالنى چايقايدۇ،
دەھشەتلىك ئۇپقۇن ئەلنى پايلايدۇ.
قاچان چىقارمەن ساھىلغا، ئاداش؟..
سالنىڭ ئۈستىدە چىقتى كۆپ تالاش
قىرغاق كۆزلەيدۇ يىراقتىن سالچى،
"ساھىل يېقىن" دەر ئۇمۇلچۇق پالچى.
سەرا قىزىق

سەرالىق جان
قىپقىزىل نان.
ئۇرۇش تالاش
قۇرۇق سۆز.
ئاناڭ، قىزىڭ،
يەتمىش پۈشتۈڭ
بىرى قالماي
ساۋاق سۆز.
ئۆتكەن ئۆمۈر
مەھرۇم ئۆتۈر،
كەڭ دالادا
قاراپ كۆز.
غېۋەت قىلىپ

يانچه يىتىپ
ئۈگەنگەندىن
سورا سۆز،
يىغىن بولۇپ
هودا تولۇپ
قىلغانلىرى
قانداق سۆز؟
بىرىنى يامان،
بىرىنى ياخشى
ئۆتكەن ۋاقتى
ئۆسەك سۆز.
بىلىمى يوق،
ئىلمى يوق
غالدۇر-غۇلدۇر
يوغان سۆز.
مۇنداق گەپلەر
ئۆزى سەتكە،
ياراتمايدۇ
سىلىق سۆز.
دىنغا مەھكۇم
موللىغا يەم.
ئىشان-خەلپەم
ئۇلۇق سۆز.
چەتتىن كۆرۈپ،
ئاڭلاپ تۇرۇپ،
قارىساڭ سەرا
قىزىق سۆز.

ئۈمۈت
تاغدا كۆرۈندى يالتىراپ چىراق،
قاراپ ماڭسامچۇ، كەتتى بەك يىراق.

ئۈمۈت يۇلتۇزى ئالدايدۇ شۇنداق،
يەتتىم دېگەندە، كېتەر ئۇل نېراق.
ئۈمۈت تەغدىرى
بەك يىراقتىن يېنىپ كۆرۈنگەن،
ۋەدە بەرگەن ئۈمۈت يۇلتۇزى.
بار چىن تەغدىر ئەجەپ تۈرۈلگەن،
كۆز ئاچۇرماس يورۇق كۈندۈزى.
تەغدىرگە
تەغدىر، ئەمدى ئوينىما،
بار چىن مەن دەپ ئويلىما.
سېنىڭ ئەركىڭ ئېلىندى،
ئىش قولىغا بېرىلدى.

خانتەڭرى
ئەي، خانتەڭرى، سېنىڭ ئېتىڭ بەك ئۇلۇق ئات،
ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدىن ئورۇن ئالغان.
ئۇيغۇر خەلقى مۇقەددەس دەپ ئىشەنگەن...
كۆپكۆك مۇزلۇق ئېگىز داۋان ئۇلۇق مۇزارت.
دەل چوققاڭدا يەلپۈلدىگەن ئۇلۇق تۇغۇڭ
تۆرت تەرەپكە مۇھەببەتلەن كۆرۈنەتتى.
مۇھەببىتىڭ ئۇيغۇرلارغا شان بېرەتتى،
ئەتراپىڭدا كۆرۈنمەتتى دۈشمەن تۇغى.
ئۇيغۇر يۇرتى سەندە يۈرگەن بولۇپ ئازات
سېنى قورغاش مۇقەددەس دەپ بىلگەن ئۈچۈن.
سېنىڭ ئۈچۈن ھېچ ئايماس كۆرسۈن كۈچىن،
دۈشمەنلەرگە كۆكسى كېرىپ قىلىپ غازات.

165
ئۈسلۈك–تۈسلۈك ئېقىپ تۇرغان ئۇلۇق سۈيۈڭ،
دېۋە سىفات مۇھەببەتلىك ئېگىز بويۇڭ.
خان يايلاقتا ئوتاق قۇرۇپ ئۇيغۇر يۇرتۇم،
كۆك تۆپەڭدە ئويناپ كۈلۈپ قىلغان تويۇڭ.

ئەل بايلىگى ۋ كۆك مايسلىق تەكشى تېكەس،
ئاقسۇ، كۆكسۇ ياقىسىدا ئىدى كېڭەش.
ئەل ساقچىسى قاراتما بوپ سەن تۇراتتىڭ،
دۈشمەنلەرگە نەدە مۇندا كېلىپ تېجەش؟!
ئۇيگۇر يۇرتى سېنىڭ بولغان شەنىڭ بىلەن كۆرەڭلىگەن،
شۆھرەت تاپقان داڭقىڭ بىلەن.
كۆزدىن ئۇچتى، نەگە كەتتى ئېگىز بويۇڭ؟
ئاق كۆڭۈلدە قالدى يالغۇز ئىزگۇ ئويۇڭ.
ئۇيغۇر خەلقى ئۇنتۇمايدۇ ھەرگىز سېنى،
ئەسكە كەلسەڭ، ئۇرغۇپ قاينار ئۇيغۇر قېنى،
ئۇيغۇرلارغا مۇقەددەستىن مۇقەددەس سەن،
كۆرەڭلىگى سەندە بولغان كۆرەك ۋەتەن.
* * *
كۈن قىزىرىپ، پالپۇل قىلىپ قىزىل نۇرىن چاچقاندا.
يارىم بىلەن ئىككىلەن چىقتۇق تاغنىڭ بېشىغا،
سالام بەردۇق تېشىغا.
تاغ–تاشلىرى ۋال–ۋۇل قىلىپ ئەلەس كۆزنى چاققاندا،
تاغنى باسقان شۇم گۇگۇم كۈننى كۆرۈپ قاچقاندا،
تاغ بېشىدا سەيلە ئەتتۇق.
يۈرۈپ ئوماق تاغ بويى گۈللىرىنى باسقاندا،
تاغدا ئۆسكەن كوكاتلار پۇراقلىرىنى چاچقاندا،
قۇلىغىمغا شىۋىرلاپ:
"تاغ باغرىدا ئوتاقلىق دەپسەندەدۇر ئوچاقلىق،
ھال گۈل بېسىپ بۇ چاغلىق، نەگە كەتتى ئۇ تاغلىق"ۋ
دېگەن سۆزنى ئېيتقاندا، تۇردى تىلىم تۇتۇلۇپ.
كۈن قىزىرىپ، پال پۇل قىلىپ قىزىل نۇرىن چاچقاندا^
يارىم بىلەن ئىككىلەن تاغدىن چۈشتۇق ئېڭىشىپ،
تاغ گۈلدەك سىڭىشىپ.
تاغ كۆرۈمى چىرايلىق، تۈش، ئىسلەرنى پۇرايلۇق،
چىرايلىغىم ئوماقلىق.
تاغ باغرىدا ئوتاقلىق دەپسەندەدۇر ئوچاقلىق.
ھال گۈل بېسىپ بۇ چاغلىق
نەگە كەتتى ئۇ تاغلىق؟"ۋ دەيدۇ ھامان ئوماقلىق.
"تاغلىق ئۇيغۇر قوغلاندى، جەبىر كۆرۈپ خىتايدىن،
ئوماقلىغىم سۇمباتلىق"،ۋ دىدىم ئاران ئەس يىغىپ.
ياش ئۇيغۇرغا
ئۇيغۇر بولغىن شۇنداق تازا،

ئەسكىلىكنى تاشلىغىن.
بىلىك باغلاپ خەلقىڭنى،
توغرا يولغا باشلىغىن.
كۆپىنىڭ ئىشى دىگەندە،
سەن ئارقاڭغا قاچمىغىن.
يالغۇز ئۆزەڭ تۈزۈلۈپ،
دەبيا بولۇپ تاشمىغىن.
راست "كۆيەر" سەن بولساڭ،
كۆپ پايدىسىن ئويلىغىن.
پۈتۈن خەقنى ئويلىساڭ،
ئۇيغۇرغا باش قويغىنىڭ.
جاپا تارتساڭ خەلق ئۈچۈن،
هادىم دىگۈچ بولمىغىن
تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرنى،
قېرىنداش دەپ ئويلىغىن.
سەن ئۇيغۇرنىڭ ياشلىرى،
هېچ بىر ئوتتىن يانمىغىن.

167
چېچىلىپ كەتكەن يۇرتۇڭنى،
بىر قىلىشتىن يانمىغىن.
بىرى ئالداپ قەست سۆز ئېيتسا،
بۇ يولنى ئاڭا قاتمىغىن.
باي هىيلىگە، بەگ قىزىغا
سەن ھەقىقەت ساتمىغىن.
چاي قىچقىرىپ، ئاخچا بەرسە،
"ئېنىڭ راست" دەپ تارتمىغىن،
سېنىڭ يۇرتۇڭ نادانلىقتا،
ئەلنى تاشلاپ ياتمىغىن.
مىللەت ئايرىپ، يات كۆرمەستىن
مىللەتلەرنى بىردەك هايدىغىن،
بىر بېشىڭنى پىدا قىلغىن،
راست يولۇڭدىن تايمىغىن.

يېڭى ياشلارغا
يېڭى ياشلار، ئالغا چامدا

تەلمۈرۈپ سەن قالمىغىن.
مۇندىن كېيىنكى ئۆسمىلەرگە
بىر زىيان يول سالمىغىن.
كوممۇنىزىم يولىنى بىلگىن،
شۇ يولۇڭدىن يانمىغىن!
تاشلا ئەندى كەسكىن يولنى،
ھەق يولۇڭدىن چانمىغىن.
دىنىي يولنى، كونا ئۆينى
سەن كۆڭۈلگە تاڭمىغىن!
ئەسكى ئادەت ئىشنى قوغلاپ،
يېڭى ياشلار، ماڭمىغىن!
ئۇيغۇرستان
نىمە بۇ، باغۇ–بوستانمۇ، ۋە لالە گۈلستانمۇ؟
تونالماي كۆزلىرىم تالدى، ۋە يا فىردەۋسى ئەدنانمۇ؟
چۆرەم ئەتراپ كۆكۈل مەيدان، پۈراق سەپكۈچ گۈلستانلار،
ھەم ئاسمان بويلىغان تاغلار، ياشارمىز زوخلۇق بوستانلار.

ئۈنۈم بەرگۈچ تېرىلغۇلار، ئېقىپ تۇرغان ئېقىن سۇلار،
ئىسەر ئەتراپ ئەيۋانىدىن، ئىللىق يەل خۇش شامالار.
بۇ قانداق ئۆلكەدۇر، ئاھ بۇ؟ كۆڭۈل راغىپ، ئۆزى مەرغۇپ‌پى
كىرىشكە ئارزۇلۇق بولغان مۇڭ ئۈنلۈك، دەرتلىك بۇلبۇللار.
بۇ ئۆلكە دەردىدە مەسخۇش، چېكىپ جەۋرى كۆڭۈل بىھوش.
داۋامەت تەلپۈنۈپ جان ې قۇش يېتەلمەي ئاقتى ئاھ، جانلار.

* *
كۆڭۈل قۇشى ئۇچار بىر كۈن جانان ئىلىگە،
بېرىپ قونسا زوقمەن بولۇپ غۇنچە ئېلىغا.
سايراپ تۇرسا زوقمەن كۆڭۈل قاراپ يېرىگە،
تولۇن ئۈزلۈك، ئەلەس كۆزلۈك جانىنىڭ جېنىگە.
گۈلگە بېقىپ، شاققا قونۇپ، قاچان سايرايدۇ،
مۇڭغا چۆمۈپ، غەمگە چۆكۈپ ياتقان بۇلبۇللار؟!
كۆككە يېتىپ، غەمگە كېتىپ قاچان ئاغنايدۇ؟!
مېھنەت ئېتىپ، زەخمەت چېكىپ ياتقان دېخانلار؟!
باققا كىرىپ، گۈلنى ئېلىپ، قاچان پۈرايدۇ،

گۈل رەڭگىگە ئامراق بولغان تەلەيسىز جانلار.

169

باستى يامغۇر، بولدى بوران، كۈچلۈك تارانچى،
ئاچتى باغنى ئەل ئوغلىغا بىزنىڭ باغۋەنچى.
ئۈچ دولقۇنى، كۈچ غولقۇنى سەتلەرنى بۇزدى.
ھىيلە، تۇزاق، ئاغامچىنىڭ ھەممىسىنى ئۈزدى.
باققا كىرىپ، گۈلنى كۆرۈپ ئويناپلى بۈگۈن،
ئازات باگدا ئازات جانلار قىلسۇن توي—تۆكۈن.
كېمىچىگە
ئۇشلا مەھكەم سەن كېمەڭنى ئوڭ ۋە سولدىن ئۇرسىما،
گەرچە ئاقاڭدا ئېغىر يۈك، ئالدىڭدا داۋان تۇرسىما،
جايلا، خام قىلما ئىشىڭنى، ياز يېپىنچاڭنى ئال، قىش يېئوزۇغۇڭنى،
يول ئازابى، بىل ئېغىردۇر، تەكشى راسلا ئەلىېئۇرۇغىڭنى.
سال ئاۋايلاپ سەن كېمەڭنى، قالتىس دېڭىز دولقۇنى،
قايىنامى دەھشەت، يۈرەك ياغۇچ ي بالادەك ئويقۇنى.
باق كېمەڭگە كىرمىسۇن تۈرلۈك خەبىس رۇھلا يەنە،
ئەل تۇغىن پېشە ئەتكەن ئۆزگە غەرەزلىكلە يەنە.
باق كېمەڭنى بۇزمىسۇن جاسۇس بۇزۇقلار يەنە،
ساقلا يوقسۇل ئەلنى، ساقلا ساتمىسۇن بۇلار يەنە.
سال كېمەڭگە يۈكنى، سۆيگىن چىن ئېنىڭ ئوغلانلىرىن،
سۇدا ئاققان، ئوتتا يانغان چىن ئېنىڭ دەرتمەنلىرىن.
سال كېمەڭنى سەن تارانىنىڭ ئىلھامى شائىرلىرىن،
گۈللىرىن، گۈلشەن بېغىن، خۇش سايرىغان بۇلبۇللىرىن.
سال كېمەڭگە تارانىنىڭ ناغراسىن ھەم دومبىغىن
داپ—دۇتار ئەل نەغمەسىن گايىت ئاكاڭ... يەنچىنلىرىن.

تەييار تاپلار
ئىشان ھەزرەت ئېتەر دۇئا:
"مۇرىت مېلى ماڭا سوغا.
ماڭا قارشى بولغانلارغا
لەنەت—لەنەت ھەم بەددۇئا".
موللا ئاخۇن ئېتەر غوغا:
"ئىشان—مىشان بارى بېكار،
ئاۋام مېلى ماڭا سوغا،

قارشى بولساڭ، ئۇلۇق گۇنا".
زىيالى دوست نۇرىنى ساچار،
زىيالى دەپ ئىشتىن قاچار.
خەلق قاراپ ئاغزىنى ئاچار،
ئاغزى ئېنىڭ ې توشماس قاچا.
بولۇس بېگىم چوڭلۇق قىلار،
خەققە قاراپ توڭلۇق قىلار.
قارشىلارغا سۇنۇر بالا،
بوزەكلەرگە بىر بالا.
خوتۇن—قىزلار نازلار، نازلار،
ئەرلەر زالىم دەپ زارلىنار.
"ئاغچا خانىم ئىپەك كىيە
بىز كىيىمىز شاتۋا ماتا".
مۇئەللىم دوست هەم زارلىنار:
"خەلقىم نادان، يوق هېچ دانا،
تارتتىم جاپا، كۆر، هەي، ساپا،
خىزمەتىمگە يوقتۇر باها".
شاگىرت ئېيتار: "ۋە، مىللەتا،
بىلىش ئوقۇش بارى ساڭا،
يولۇڭدادۇر جېنىم پىدا،
بىراق يوقتۇر سەندە ۋاپا".
172

سېتىقچىلار هەم دادلىنار:
"خەلقىم،ې دېبان،ې ئۆڭكەي چالا،
بىزنىڭ سودا ئۆتمەي ياتسا،
كېرەكلىرىنى ياتتىن ئالار".
مىشمىش ئېتەر هاجى بابا:
دىن ئەهلىگە يوق،ې دەپ ې باها.
خەلقىم كەچتى دىندىن مانا
كەتتى ساپا، كەلدى جاپا".
بارچە تاپلار يۈكىن ئاتا،
چىدا بېرەر نەدىندۇر بۇ؟
تۆرلىشدە چىدام بىلە
تۆرەلتكەن تارانمۇ بۇ؟
تارانچىدىن:

بارلىق گۇنا تارانچىدا،
تاران بولغان ساپانچىدا.
شۇنداق ئېغىر بالالارغا
هامان چىدا، هامان چىدا.
ياران، بىزگە تاران ۋ مەسلەك،
تارانلىق ۋ دىن، تاران ۋ مەزهەب.
يېڭىش يوقتۇر بۇدۇن ئۆلسەك،
بىزنىڭ كونا ئەمەلدۇر بۇ...
ئۇيغۇر بالىسى

پروزا
ئاشلىق كۆيىباش بولۇپ كەتكەن ئۈچۈن
كەتمەن بولۇسىنىڭ غالجات دېخانلىرى، خۇسۇسەن، كەمبەغەل دېخانلار تولا قايغۇرماقتا. دېخانلارنىڭ تولىسى ئالغان هوسۇلىنىڭ يېرىمىياتىسىنى سېتىپ، سېلىق تۆلىمەكتە، قالغان ئىككى–ئۈچ تاغارنى قىشلىق ئوزۇغى ئۈچۈن كۆزلۈك ئۆگۈتنى مىڭ مەشەقەتلەر بىلەن تۈگمەندە تارتىپ ئالدى. كۆيىباش بۇغداينى يۇيغاندا ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئادەم ئىچمەك تۈگۈل، هايۋانلارمۇ ئىچەلمىدى. تارتىپ ئالغان ئوزۇق تۈگىگەندە، كەمبەغەللەر قانداق قىلارىنى بىلمەي، هاڭ –تاڭ قالدى. بۇ ئەھۋال غالجات قىشلىغىدىلا ئەمەس، كەتمەن بولۇسىنىڭ باشقا قىشلاقلىرىدىمۇ بار. تېگىشلىك هۆكۈمەت ئىدارىلىرى كەمبەغەل دېخانلارغا ئۇرۇق، ئوزۇقتۇلۇك سېتىۋالغىدەك ياردەم بېرىش چارىسىنى كۆرۈپ بەرسە ئىدى.
"كەمبەغەللەر ئاۋازى"
1925–يىلى 68–سانىدا.
ئۇيغۇر بالىسى. غالجات.
بۇ يەر تولۇقلىنىدۇ 173–بەت
ئۇبدان. بارابارا 500ۋ600 ئەزا بولىدۇ دېگەن ئۈمۈت بار، سەۋەۋى كۆندىن–كۈنگە سودىسى ئارتماقتا. ئەندى يۇقىرقى كوئوپېراتىۋ ئىدارىلىرىنىڭ ياردەمدە بولۇپ، يولىورۇق كۆرستىشنى سورايمىز.
ئۇيغۇر بالىسى، غالجات
ۋىسال
(ئۆتكەن ئىشلاردىن)
ئايدىڭ بىر ئاخشام ئىدى. ئاجۇننى ئىلاهي بىر سۈكۈت قاپلىغان، جىمجىت... پۈتكۈل هايات تىنغان... يە بىر سادا، يە بىر تېۋىش يوق... ئىلاهي بولغان بىر تىنلىقنى بۇزماس ئۈچۈن شامالمۇ توختىغان ئىدى... يالغۇز بىزنگەن ئاي ۋە يۇلتۇزلار مۇڭسىز كۆرۈنگەن يەر يۈزىگە ئوماقلىق بىلەن نۇر سېپىپ تۇراتتى... گويا يەر شارىدا يالغۇز مەنلا مۇڭلۇق ئىدىم... كۆككە ئىنگەن سىرلىق نۇر، مۇڭ گوداڭىدا قالغان ماڭا ئىشەنگەندەك كۆرۈنەتتى... مەن تۇتقۇن كېيىكتەك ئاينىڭ نۇرلۇق يۈزىگە بېقىپ، ئۆزەمنىڭ مۇڭۇمنى ئاڭا كۆرستىشكە تىرىشىپ مۇڭىيىپ تۇراتتىم...
ناهايەت بۇ نۇردىن ئىلهام ئالغاندەك بولدۇم... مۇقاتىلىشىپ كەتكەن، تېلىپ قالغان قۇۋەئىي خىيالىم بىر نەرسىدىن تۇيۇق ئالغان ئوخشاش، ئۈمۈت چەكسىز يوغان. بۇ بوشلۇقنى سەيران قىلىپ، "بەخت يۇلتۇزۇم"

ئۇمنچىق كۆزگە غىل –پال چېلىنىش بىلەن يەنە دەستەكچى مۇڭنىڭ دەۋرەپ باسقان چېغىدا جېنىمنىڭ جانانىسى بولغان ئۇ ھاياتىم سىرداشتۇر.

كېچىلەپ يۇلتۇز ساناپ، بامۇ ئاشىقنىڭ پايدىسى،

كېچى بولسا ئۇيقۇ يوق، كۈندۈزى يانىڭ قايغىسى.

سۆيۈملىكىم، ئامرىغىم! سەن بۇ مۇڭلۇق كۆزلىرىڭ بىلەن بۇ مۇڭسىز ئاسماندىن نېمە ئىستەيسەن؟.. سەن مۇنچەزە تەلمۈرىشىڭ بىلەن كىملەرگە يېقىپ، كىملەرگە يېقىنلاشماق بولسەن... سېنى بۇ پانىيلىقنىڭ ئەينىسى بولغان ئاي يۇلتۇزلارغا تەلمۈرتىپ، تەشنا قىپ تۇرغان قۇدرەت نېمە؟.. تەلمۈرمە ئۇلارغا!.. باق ماڭا!.. بىلسەڭ سېنىڭ ئۈچۈن موشۇ

174

سىندىن ئۇبدان، موشۇ ۋۇجۇتتىن ئوشۇق ئۈمۈت بەرگۈچى يۇق!.. تاشلا يوقلا خىياللارنى. ئېسىڭدىمۇ چولپاننىڭ نازۇگۇم توغرىسىدا ئېيتقنى:

ئۇ ھېلى "باقى" ئۈچۈن كۆك يۈزگە ئىستەيدۇ يول،

كۆككە ئاشقانلا تېپىلماس، ئەندىمە يوقتۇر غۇسۇل.

لەيكىن... قاتۇرما بېشىڭنى، بۈگۈن مەن سېنىڭ بىلەن بىللە دىدى... ئاھ، ۋەسلەت!..

مانا شۇ دەقىقە كۆيۈمچانىم بىلەن بىللە ۋىسال دەقىقە سائادەت ئىشىگى ئېچىلغان، مۇڭيىش، ئىنتىزار پەردىلىرى كۆتىرىلگەن روشەنلىك دەقىقە ئىدى... شۇ دەقىقە ئامراقلىقنىڭ ئىپتىلا دەرىجىسگە ئاشقان دەقىقىسى ئىدى. شۇ دەقىقە مەسەدىيەت ۋە بەختىيارلىقنىڭ باشلاپقى ھەم ئاداققى دەقىقىسى ئىدى... ئاھ، قايان ئۇ بىر دەقىقلىك بەختىيارلىق!.. قېنى پۈتكۈل بارلىقنى ئۆز سۈرىتىدە قالدۇر غان سۇمباتلىق "سىن؟".. نەگە كەتتى تاتلىق خىيال، ياسانچۇق ئەمەل ۋە غايىلەر!..

بەرى تۈگىدى!.. بەرى ئۆچتى!.. يالغۇز خىيالىمدا ئۇ ئۆماقلىق ئامرىغىمنىڭ سىنى كۆز ئالدىمدا، تەغدىرى مەڭگۈلۈك بەختسىزلىك!..

مېنى، يالغۇز مېنى!.. مەيۈسىيەت دېڭىزىگە چۆكۈرۈپ، چوڭقۇر تەسىرى تېگىدە قالدۇرغان ھايات پاجىئەسى ۋاقىئەنىڭ شاھىدلىرى بولغان ئاي ۋە يۇلتۇزلارغا زادى يۇقمىدى... ئۇلار گويا بۇ ھالدىن بېخەۋەردەك، تېخىچە خوشاللىق بىلەن يالقۇنجاپ تۇرىدۇ... كىم بىلىدۇ؟ مۇنداق نەچچە ۋاقىئەنىڭ شاھىدى بولغاندۇ!.. بەلكى ھەر دەقىقە ھەر سانىيەسىدە مۇنىڭدەك نەچچە ھايات پاجىئەسىنى كۆرۈپ ئۆتكۈزىدىغاندۇ!..

ۋ پەقەت مۇتەسەللىيمەن.

نىچۈن؟ ۋ ئاجۇن ئۈچۈن...

ۋ كىم بىلىدۇ، بىر چاغدا ئامرىغىم توكاسى ئۈستىدە گۈللەر ئۈسۈپ گۈلستانلىقا ئايلىنار، ئۇ چاغدا جانلىرىمىز باشقا قېلىپقا كىرىپ، يەنە بۇ گۈلستاللىقتا جەۋلان ئېتەر...

"بىرىنچى چامدام، ئۇيغۇر بالىسى

175

كوچا پارىڭى

"بىرىنچى چامدامدىن"

(فېلىيەتون)
(ئۇيغۇر دېخان تۇرمۇشىدىن بىر كۆرۈنۈش)
پ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
پ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.
پ هە، توختەم، نەدىن؟
پ بازادىن.
پ نەمە پاراڭ با؟
پ پاراڭ تولا، جېلىك.
پ قېنى، ئەيتساڭ!
پ نېمىسنى سورايسە، خوشاللىق پاراڭ، ئەتىگەندە سەرراپ بازىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باسام، جاماخان هاجىم 5—6 كەتتەگەنلە بىلەن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىدۇ. بۈگۈن قەشقەردىن ئاۋغان ئاقساقىلىغا تېلېگراممىنىڭ خەۋىرى كەپتۇ. ئىنگلىسلا مۇسۇلمانلا بىلەن بىرىككىدەك.
پ هە، قاندىغىغا، ئاداش؟!
پ قاندىغىنىنى مەن قانداق بىلەي.
پ ۋا، قىزىق، نېمە دېگەن پاراڭ، سەۋەۋىنى سورمۇدۇڭمۇ؟
پ سەۋەۋىنى سورىمىساما بىلمە، ئىنگلىسلە مۇسۇلمانلاغا ياردەم قىلمىسا ئۇلار بولمىسا بولشېۋىكلا مۇسۇلمانلانى چوقۇندۇرۇپ كېتىدېكە؛ يەتتە ئىخلىمدا ئىنگلىستەك چوڭ پ ئۇلۇق پادىشا يوقكە، شۇنچىلىگى بىلەن خۇدايىم ئىنساپ بەگەن رەھىملىك كاپىركە؛ مۇسۇلمانلارنى ئۇبدان كۆرۈپ ئۆز هىمايىسىدە ساقلىماقچى بوپدەك، بۇنى قاشقالىق تۇرغان هاجىمدىن ئاڭلىۋىدىم. يەنە بىزنىڭ تىلىۋالدى هاجى ئېيتتى؛ ئىنگلىسلە ئۆتكەن گىنوۋيا كومپېرىنسىياسىگە تۈركىيە مۇسۇلمانلىرىدىن ۋەكىل بېرىشقا قارشى بوپتۇ. سەۋەۋى، مۇسۇلمانلا يىراق يەلەگە بېرىپ يول ئازاۋى تاتىپ، پۇل سەرىپ قىلىپ يۈمسۇن. ئۇلا ئۈچۈن ئۆزىمىز سۆزلىشىمىز دېگەن غەرەز ئىكەن. ماشتاق، ئىنگلىسلەنىڭ مۇسۇلمانلاغا هەر قاچان خەيرىخالىغى تېگىپ تۇرىدۇ.
176

پ ۋاي، ئاداشو، نېمە دېگەن گەپ بۇ؟!
نېمە دېگەن گەپ بولاتتى، راسلىغىنى ئېيتمە.
پ ئىشەنمە، بېكا سۆز، يوق پاراڭ.
پ تۇرغان هاجى بىلەن تىلىۋالدى بايغا ئىشەنمەي كىمگە ئىشنەي!
پ ئاغىنە، ئۇلاغا ئىشىنىشكە بولمايدۇ، ئۇلا باي ئادەملە، هەر قاچان ئىنگلىسنى ياقلاپ، بولشېۋىكنى يامانلاپ سۆزلەيدۇ.
پ ئانداق بوسا، ئىنگلىسلەنىڭ مۇسۇلمانلاغا نېمە
يامانلىغى تېگىدۇ، ئەيتقىنا!
پ تۈنۈگۈن هوسمان ئاكاملانىڭكىگە بېرىۋىدىم، سۆزدىن سۆز چىقىپ ئىنگلىسلە بىلەن بولشېۋىكلەنىڭ پارىڭى بولدى. ئىنگلىسلە دۇنيا يۈزىدىكى كاپىرلانىڭ ئەشەددىيىكە. موشۇ كۈندە هىندىستان مۇسۇلمانلىرىنى ئېزىپ، كېسىپ تۇرىدۇ. مىسىر مۇسۇلمانلىرىغا يورۇق كۈن كۆرسەتمەيدىكە. تۈركىيە

ھۆكۈمىتىنى ئىشتىن چىقىرىپ، بۇلاڭ، تالاڭ قىلدۇرغان. شۇ كاپىرگە ھېلى بولسا مۇسۇلمان مولللىرىنى سېتىپ ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنى ئۆز دەستىگە ئېلىشنىڭ پېيىدە يۈرىدۇ.

ئۇلا ئۇ يەردە موشۇ كاپىرگە... نە ۋاقتا قەشقەر مۇسۇلمانلىرىغا ئىنگلىس ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بىر زىياپەت بوپتۇ. زىياپەتتە ئاخۇن ھاكاۋۇر چوڭلانىڭ ھەممىسگە باشتىن ئاياق سەرپاي كىيگۈزىدۇ. تۇرغان ھاجىم سەرپاي كىي گەنلەنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە، ئىنگلىسلەنىڭ سۆزىنى قىلىدۇ. بولشېۋىكلا بولسا مەزلۇم مۇسۇلمان دۇنياسىنى ماشتاق زالىملانىڭ دەستىگە ئالدىنىپ كەتمىسۇن دەپ، ئۇلا بىلەن تالىشىۋېرىپتۇ. مۇنداق بولغاندىن كېيىن بىز مۇ سۇلمانغا بولشېۋىكلەدىن بۆلەك يۆلەكچى يوقكە.

ې سەن، ئاداش، بولشېۋىكلەنى ماختاپ كەتتىڭغۇ، قانداق پاراڭ بۇ؟..

ې قانداق پاراڭ بولاتتى، تۈزلۈك پاراڭ.

ې ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ې ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ې ھە، پاراڭ سېلىشىپ تۇرۇپسىلە.

ې ھە، ئاداش.

ې نەدىن كېلىسىز؟

177

ې بازادىن.

ې نېمە پاراڭ؟!

ې بازار ئىچى ئەنسىز بوپ قاپتۇ.

ې نېمىشكە؟! نېمە خەۋەر؟

ې ھازىرغا تېچلىق، شۇنداق بوسىما ئۇيغۇرلا قوزغالغىدەك دېگەن مىشمىش پاراڭ چىقىپ قاپتۇ.

ې نەدىن قوزغالسۇن، يالغاندۇ؟

ې ياق، ئاداش راس ئوخشايدۇ، كالتە چاپانلا قاتىرىشىپ قاپتۇ. كالتە چاپانلا كېممەيدىكە، ئاق پادىشانىڭ ۋاختىدىمۇ ئۇلانىڭ بېشىدىن تاياق ئۆكسىمىگۈدى، بولشېۋىكلەغۇ ئۇبدان جازاسىنى بەدى... ئۇلانى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۇيغۇر دېگىنى موشۇ كالتە چاپانلادەكقۇ؟

ې خۇدايىم ساقلىسۇن، يۇرت بۇزۇلۇپ كەتسە ئابدان بولمايدۇ، يېتىم–يېسىر با، ئۇلا ئاياق ئاستىدا چەيلىنىپ كېتىدۇ دېسىڭىزچۇ، بايلاغۇ ئۆزلىرىنى ساقلاپ ئالىدۇ. ئۇلاغا نېمە، ئېغىر كەسە بىر ياققا قېچىپ بوسىما كېتىدۇ.

ې ياق، ئاداش، ئۇيغۇر دېگىنى ئانچە يامان ئەمەسغۇ شايدۇ.

نېمىشكە دېسەڭ، ئەلەم ئاخۇنلۇغۇم ئۇيغۇرلارنى ماختاپ
سۆزلەپتۇ. ئۇيغۇرلا پاتراق قوزغۇلۇپ، موشۇ كاپىرلاغا
بىر زاۋاللىق بەرسىدى دەپتۇ.

ې ھە، ئاغىنە، ئۇلانىڭ قايسى سۆزىگە ئىشىنلى، ئۆكۈنلا كالتە چاپانلانىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتماي بومايدۇ، ئۇلا ئۇيغۇر دېگەن يۇرت بۇزالا بىلەن ھەمگەپدەك دېگەن پاراڭنى قىلىۋاتاتتى.

ې شەنگەنىنىڭ پالغىنىڭ زەردىلىرى ئەلەم ئاخۇنلۇغۇمنى ئايىنتقاندۇ. تاياق دۆنى كۆندۇرىدۇ

دېگەن ئەمەسمۇ؟

- ها، ها، ها، ها... شۇنداق دېسەڭ!..
- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!
- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.
- كۈلكى قالتىسقۇ، نېمە پاراڭ؟
- يول بوسۇن.
- يۇرتتىن كېلىشىم.
- نېمە خەۋەر ئەلەم با؟
- تىشلىق، شەنگەن "سۇلتان ۋەيسى" مازارىغا نەزىر –چىراق بىلەن باغىنىكە، كارخانىدىكى پاسكىنا–ئەخلەتلەنى

178

كۆرۈپ تولا كېپىپتۇ. خىتاي خەلقى تولا ئادىل خەق دېسىڭىزا.

- راس، كالتە چاپانلاغا باققاندا ئۇلانى مۇسۇلمان دېسىمۇ بولىدۇ.
- توختەم ئاداش، نەدىكى ئەسكى پاراڭلانى قىلىدىكەنسە، خىتاي ئوخشاش بوياقچى خەق يوق. ئۇيغۇرلانىڭ پارىگى قۇيقىلىشىپ قاغانىنىڭ بۇيزى مازائى مەشرۇقلانى يوقلايدىغان بوكەتتى. ئۇيغۇرلا كىم بىلەمسە؟! ئۇلا بولسا بىزنى شۇ تېجىمەل خىتايلادىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇچۈن جاندىن كەچكەن.
- توختا، ئاداش، شۇ ئۇيغۇرلىرىڭنى تولا ماختىدىڭ.

هە، توختەمنىڭ دېگىنى راس، ياركەنتلىك داموللام بىر مەشرەپتە ئۇيغۇرلاما بولشېۋىكلا ئوخشاش يۇرت بۇزار دىنسىزلا دىدى.

- جېنىم دوستۇم، سەن ئۇلانى ئەگەشمە، ئۇلا "دىنىنىڭ" بازىرى چۈشۈپ كېتىشتىن قوقىدۇ.
- مانا قىزىق، دىنىنىڭ بازىرى چۈشىدۇ دېگەن قانداق سۆز، دىن ساتلىق نېمەمدى؟
- هە، دوس، دىن ساتلىق نېمە بوماي، نېمە دېۋىدىڭ؟

ياركەنتلىك داموللام ئاخۇنۇم دىن تاجىلىرىدىن (سېتىقچىلىرىدىن) سانىلىدۇ.

- قىزىقلا پاراڭ، دىننى قانداق ساتىدۇكە؟

پ سەن مۇڭا ئەجەپلەنمە، ياركەنتلىك داموللام رەجەب باينىڭ مىراسى توغرىسىدا بىر پەتىۋانى 500 سومغا سېتىپتۇ. موشۇ كەمدە قايسۇ سودا بىر چاغلىق پايدا قىلا؟

ئۇلارنىڭ بازىرى ئىشتىك دېسەڭچۇ؟

- ئۇسىغۇ راس، ياركەنتلىك داموللامنىڭ شۇ پەتۋاسى بىلەن ئۆڭكەي بېۋە–چېۋەلە مىراستىن مەهرۇم قالدى. شۇنچە نۇرغۇن پۇل "باي بايغا باق، سۇ سايغا ئاق" دەپ، قارۇندەك بايلاغا كىرىپ كەتتى. ئۇ يەرلىرىنى ئويلىسا كىشى ئۆۋۈرەپ كېتىدۇ تېگى.

پ زادى كەمبەغەللەگە ئۇيغۇر بولشېۋىكلىرىدىن ئابدىنى يوققە، ئۇلا قاچان قوزغىلا؟..

- قاچان قوزغىلاتتى، بىز قوزغالغاندا.
- ۋاي، قىزىق، بىز قانداق قوزغىلىمىز، هېچ نېمىنىڭ يولىيورۇغىنى بىلمىسەك.

179

ې ئۇگىتىدۇ.

ې كىم؟

ې كىم بولاتتى، تېجىمەللەنىڭ زۇلۇمى ۋەھشەتى!..

ې خوش، ئەمىسە بىلەككە قۇۋەت يىغىلى دېسەڭ!..

ې شۇنداق بوماي!..

ې خەيىر!..

ې خەيىر!..

ې ھە، نېمە توپ بۇ؟!..

ې بېگىم، ئۆ.. ز.. مز...

ې ئاناڭلانىڭ چاچباق تويى بارىدى، بولا، مۇنچە توپلىشىپ ئېلىپ. شەنگەن كېلىۋاتىدۇ، تارال دەيمەن... تارال!

ې خوپخوپ... (بىت–چىت بوپ تارىلىش).

ئۇيغۇر بالىسى

كىچىككىنە رىزا

تارانچى تۇرمۇشىدىن بىر لەۋھە

ئىيۇل ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. تەبىئەت ئالىمىدىكى ھەر تۈرلۈك گىيالار كامالەتكە يېتىپ، ئەندى تېزدىن زاۋال تەرەپكە قاراپ مېڭىشى تۈرلۈك ئالامەتلەردىن بەلگۈلۈك ئىدى. بەرگىلىرى سارغايغان چوڭ قايغۇلۇق بىر تۈردە ئۇ يەردە ئاخشامدىن تاڭ سەباغا قەدەر قىزىل گۈلگە تەلمۈرۈپ، مۇڭلىنىپ، ئۇنىڭ كۈلۈپ پورەك ئېچىشىغا مۇنتەزىر بولۇپ، مېھرى زوقمەنلىك سۈرەتتە سايراشلىرى بىلەن، بىئارام كۆڭۈللىرىنى كۆتىرىپ، غەمكىن، دەرتلىك كۆڭۈللىرىنى شاتلاندۇرۇۋەتكۈچى بۇلبۇللار ئاللىقاچان ″ئەلۋىدا″ ئەتكەن ئىدى. تاڭمۇ يەر يۈزىگە نۇرىنى تۈرلۈك مۇسىقە تاۋۇشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى سەكسانە سۈرەتتە چاچاتتى. بۇ ۋاقىت ئىنسانلار غەپلەت ئۇيقىسىدا ياتاتتى. تېزدىن يەر شارىنى گۈللەندۈرۈپ جەننەت ھالىتىگە كىرگۈزگۈچى يېشىللىق ئالىمىنىڭ پانىي بولۇپ، يوقلۇق ئالىمىگە سەپەر ئېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سارغايغان جەسىدى، قۇدرەت قولى بىلەن ئاق كېپەنگە ئورىلىپ، ئادەملەردىن يىراقلى

180

شىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ ھالدىن تەسىرلىنىپ قايغۇرغۇسى يوق ئىدى. لېكىن... لېكىن... لېكىن...

بۇندىن يالغۇز بىر ئانىلا تەسىرلىنەتتى. ئەينە ئاۋۇ ئورۇندا بىر ئانا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدا زەيىپ بەدەنلىك، چىراي لىققىنا چېھرىلىك ھالسىز بىر مەسۇم نارېسىدە تۇرىدۇ. گويا ئۇنىڭ روھى، ھالى ھېلىقى گىيالاردىن قېلىشمايدۇ. تېزلىكتە ئەرشى ئەلاغا ئۇچۇشنى تىلىگەندەك، تېنى، ئاق كېپەنگە ئورىلىپ، ئۆز ئەسلىگە ئايلىنىشقا ئالدىرىغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ھال بېچارە ئانىنى ئاخىرقى دەرىجىدە غەم –قايغۇ بىلەن تەسىرلەندۈرەتتى. ئۇ كۆرگۈچىلەرگە مۇراجىئېت قىلغان ئىدى. ئۇلار رىزانىڭ تېزدىن ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇنىڭ چارىسى ″قەسىدىخان″ ياكى ″باخشىلارغا″ دەرھال مۇراجىئەت قىلغاندىلا مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. چۈنكى بالا جادۇ– سېھىر بىلەن شۇ ئاغرىققا گرىپتار قىلغانلىقى مەلۇم ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بىرى ″مەن باخشى″ دەپ، دۇمباقلىرىنى كۆتىرىپ يېتىپ كەلدى. مانا ھازىر كىچىككىنە رىزانىڭ چۆرىسى تولغان ئادەم. ئۆيىنىڭ بىر چېتىدە باخشى يولداشلىرى بىلەن ئاۋۇماقتا. قىچىككىنە رىزا بۇ ھالدىن سەسكىنىپ، ئانىسىغا قاراپ ئىڭرايتتى. مانا

كېنەتتىن بىردىنلا بارچە خەلق بىر ئېغىزدىن "ئالla، ئاللا، ئاللا"،نى دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. قايسى كۆزلەر بىلەن قارايسەنكى، باخشى ئۇزۇن ئاق كۆينى گىنى كۇركە توخۇدەك كۆپتىرىپ، قۇيۇندەك ئايلىنىپ ۋاقىراپ يۈرىدۇ. بەزەن قولىدىكى خەنجىرى بىلەن چۆرىسىدىكى خەقلەرگە ھەيۋە قىلغاندا، يەنىمۇ "ئاللا، ئاللا"،نىدەگەن ئاۋاز كۆتىرىلەتتى.

كىچىككىنە رىزا قورقىنىدىن ئانىسىغا يېپىشىپ، مۆلدۈرلىگەن كۆزلىرى بىلەن گويا ئۇنىڭدىن شىكايەت قىلاتتى. لېكىن بۇ ئويۇنلار پىرلەرگە كۆرستىشتىن ئىبارەت بولۇپ، جىنلار بىلەن كۇرەش باشلاشنىڭ ئالامىتى ئىدى. مانا بىردىن باخشى ئۆزىدىن ئۆزى يۇلقىنىشقا باشلىدى. كۆزلىرىدىن ئوتلار يانىدۇ، ئاغزىدىن بۇرغا تۆگىگە ئوخشاش كۆۋۈكلەر چاچرايدۇ. ئوڭ قولىدا خەنجەر، سول قولىدا قۇش قانىتى، قورقۇنۇچلۇق بىر ھالەتتە كىچىككىنە رىزا ئۈستىدىكى پىرلەرگە ئۇمتۇلدى. بۇ ۋاقىتتا يەنە "ئاللا. ئاللا"،نى دېگەن ئاۋازلار كۆتىرىلىشكە باشلىغان ئىدى، ك چىك

181

كنە رىزا قورقىنىدىن ئانىسىگا چاپلىشىپ ۋە ئۇنى يۇلقىلاپ، بەك ئىنچىكە ئۈن بىلەن ئۆشقىتىپ تاشلىدى. بۇ ھالنى ئۇنىڭدىكى جىنلارنىڭ قوزغىلىشىدىن دەپ بىلگەنلىكتىن، باخشى بېچارە نارىسىدىنى ھېلىدىن ھېلى خەنجەرلەتتى. ئاخىرىدا كىچىككىنە رىزا بىھوش بولۇپ ئانىسىنىڭ قۇچىغىغا سۇنايلاندى.

ئوكتيابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. كىچىككىنە رىزا سولغۇن بىر ھالدا جۆلۈپ بىر نېمىلەرنى سۆزلىمەكتە ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇ، ئۇ "موللا ئاكا، موللا ئاكا"،نى دېگەن سۆزلەرنى تېز–تېز تەكرارلايتتى. بىچارە ئانا ھودۇققان بىر ھالدا تەخسىدىكى دوگا سۇيىنى چايقاپ تۇرىدۇ. لېكىن چىرايىدا بىر تۈرلۈك ئۈمۈتسىزلىك ئالامىتى كۆرۈنەتتى. بۇ ۋاقىت كىچىككىنە رىزا مۆلايىمغىنە سۈرەتتە كۆز–قاپاقلىرىنى ئېچىپ، ئانىسىغا باھىل بول (رازى بول) دېگەن ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ، كۆزلىرىنى مەڭگۈگە يۇمدى.

تەب ئەتمۇ كىچىككىنە رىزاغا مۇۋاپىقلىق يۈزىسىدىن يەر يۈزىنى ۋاقىتسىز ئاق كېپەنگە ئورىغان ئىدى.

ئۇيغۇر بالىسى

بەخت، تەلەي مەسىلىسى

بەخت ۋە تەلەي مەسىلىسى بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغان مەسىلىلەردىن بىرىسى بولسا كېرەك، چۈنكى بىز "ئەلنىڭ" ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى بەختتىن، "ۋەلنىڭ" ئىشىنىڭ ئوڭشالمىغانلىغىنى بەختسىزلىكتىن كۆرۈمىز. شۇڭلاشقا بىزدە بىر ۋاقىت "ۋەللەرنىڭ" بىر ئىشىدا ئازراق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىسا، ئۆزلىرىنىڭ تەلەيسىزلىكلىرىدىن دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ. "بەرىبىر بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئوڭشالمايدۇ" دەپ قوللىرىنى سىلكىپ، ھەتتا قىلىۋاتقان كەسىپلىرىنىمۇ توختىتىدۇ. دېمەك، بۇنىڭ سەۋەۋىدىن پۈتۈن بىر ئائىلە پەرىشانلىققا دۇچار بولۇپ، ھالاكەت يولىغا كىرىدۇ.

شۇنداقلا بەزەن "ئەللىرىمىزنىڭ" ئازراق بىر مۇ ۋاپپەقىيەت قازىنىشىنى ئۆزىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىگىگە

182

ئىشەنگەنلىكتىن، ھەر قانداق ھەرىكەتتە چىن ئىخلاسى بىلەن ئىشلىگەنلىكتىن، مۇتلەق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىغىغا ئۈمۈت ھاسىل قىلغانلىغىدىن دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئارقىسىدا ئۇلار ھەر قاچان مۇۋاپپەقىيەت قازىنىدۇ، ھامان ئىشى ئالغا باسىدۇ.

بۇ يالغۇز بىر كىشى، شەخسلەردىلا ئەمەس، ھەتتا مىللەتلەر ۋە ھۆكۈمەتلەردىمۇ شۇنداق. ئۆزلىرىنىڭ بەختسىزلىگىگە ئىشەنگەن مىللەت مەغلۇب بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىگىگە ئىشەنگەن مىللەت غالىپ

بولىدۇ. مىللىي مەتبۇئات ″دۇنيادا مۇسۇلمانلاردىن بەختسىز خەلق يوق دەيدۇ″، بەك دۇرۇس. بىز بۇنىڭغا ئىشىنىمىز ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ بەك ئىخلاس كۆڭۈل بىلەن ھەر زامان ئېيتىدىغان شېئىرىمىز شۇدۇر:

″تەلىيىمدۇر تا ئەزەلدىن، ھەر ئىشىم بۇزغۇن چۈشۈر.

بۇلبۇلغا قۇرسام تۇزاقنى، بەختىمگە قۇزغۇن چۈشۈر″.

ي مانا شۇنداق.

″بەخت ۋە تەلەي دېگەن نېمە؟ ئۇ زادى بارمۇ؟″ي دېگەن سوئاللارغا ″شۇرا″ جۇرنالى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ جاۋاپ بېرىشىنى ئۈمۈت قىلىمەن.

ئۇيغۇر بالىسى

## خوتۇن–قىزلار تەربىيىسى ھەققىدە

تارانچى خەلقى بۇرۇنقى زامانلاردا خوتۇن–قىزلار تەربىيىسگە تولا ئەھمىيەت بەرمىگەن. خوتۇن–قىزلاردا ئوقۇتۇش، ئوقۇش تېگى بولمىغان دېسەك يالغان بولماس. بۇنىڭ سەۋەبى، ئوقۇغان مولللارنىڭ تۇرمۇشتا ئىشقا يارىمىغانلىغى بولۇپ چىقىدۇ. ئوقۇغان ئادەملەر بولسا گەكسى ئوخشاش تەييار تاپ بولۇپ، كىشىنىڭ قولىغا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئوقۇغان ئادەملەر مۇنداق تەييار تاپ بولۇپ، كىشىنىڭ قولىغا قالىدىغان ئىش بولسا، خوتۇن–قىزلارنى ئوقۇتۇشتا نېمە پايدا بار، دېگەن ئېتىقاتلىرىدۇر دەپ ئويلايمەن.

183

چۈنكى تارانچى تۈركلىرىدە بۇ توغرىسىدا تۇرمۇشتىن ئېلىنىپ ئېيتىلغان ماقاللار تولا. مەسلەن: ″موللا كىشى ي يېرىم كىشى″، ″موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما″ دېيىلىدۇ، يەنى موللا ئۆز دېگىنىگە ئۆزى ئەمەل قىلماس، چۈنكى تۇرمۇش ئەينى شۇڭا مەجبۇر ئېتىدۇ.

دېمەك، ئوقۇغان ئادەملەر يېرىم بولسا، تۇرمۇشتا ئىشقا يارىمسا، قوساق تويغۇزماق ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ، ۋىجدان سېتىپ كۈن كۆرسە، قانداق قىلىپ خەلقلەر بۇلارنى ئەگەشسۇن، باللىرىنى ئوقۇتسۇن! شۇنىڭ ئۈچۈن تارانچى خەلقى ئەرلەر مۇنداق بولغاندا، خوتۇنلار نېمە بولماقچى دەپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇش تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بەرمىگەن. يالغۇز ئىمان شەرتى بىلەن ناماز تېرىقسىنى يادلىتىش بىلەن كۇپايىلەگەن. لېكىن تارانچى خوتۇن–قىزلىرى ئوقۇمىسىمۇ تۇرمۇش مەيدانىدا غايەت چوڭ ئورۇن تۇتقان. مەلۇمدۇركى، تارانچى خەلقى يۈز يىلدىن ئارتۇق چىن مەناسى بىلەن قۇللۇقتا ياشىغان، تارانچىلار پۈتكۈل ئۆمرىنى ئالۋان–ياساق يولىدا كەچۈرگەن. شۇ قارا كۈنلەردە پۈتۈن ئائىلىنى باشقۇرۇپ، تەربىيە قىلىپ تۇرغۇچى خوتۇنلار بولغان، ئۇلار قوش ھايدىغان، ئوما ئورۇغان، خامان تەپكەن، ئاشلىق ئالغان. ئەلھاسىل، پۈتۈن ئائىلىنىڭ تەغدىرى خوتۇنلار قولىدا ئىكەن. بۇ ۋاقىتلاردا ئەرلەر خوتۇنلار بىلەن بىللە ياشىغان. توي–تۆكۈن، مەيرەملەردە ھەممىسى بىر مەيدانغا يىغى لىپ، بىللە ئويناپ، بىللە كۈلۈپ، ھاياتنىڭ ئەڭ ئېغىر كۈنلىرىدە ئۈمۈتلەندۈرۈپ، شاتلاندۇرۇپ، ھايات تۇرمۇشنىڭ ئېغىرلىغىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا تىرىشقانلار. شۇنداق قىلىپ، بۇلار مۇنداق كۆڭگۈ يىغىنلارنى شاتلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. تارانچى خەلقىنىڭ مۇنداق شاتلىق مەيرەملىرىدىن بىرى ھەمەل پەسلىدە بولىدىغان نورۇز مەيرىمى دۇر. نورۇز مەيرىمى مۇنداق بولىدۇ. نورۇز كۈنى كۆڭگۈ خەلق بىر مەيدانغا يىغىلىدۇ. ئۇنىڭدا مەيرەمگە مۇناسىپ مىللىي ئويۇنلار ئوينىلىپ، يېڭى يىلنىڭ بارچە ئۈچۈن قۇتلۇق بولۇشىغا تىلەكلەر تىلىنىدۇ. يۈنلەر سېلىنىپ، گۈلەڭگۈچلەر ئۈچىرىلىدۇ. مەجلىستە ئەرلەر، ئوغۇللار، خوتۇنلار، قىزلار بىربىرىگە يېقىملىق ناخشىلار بىلەن خىتاپلار قىلىپ، پوتىلار سېلىشىدۇ. مۇنداق قوشاقلاردىن بىرىنى نەمۇنە ئۈچۈن مۇندا كۆرىمىز:

قالغاچ قاناتىنى سىرجۇغا سىلاتىدۇ،
مەككىدىن كەلگەن يىگىتنى ئۇرداغا چىرلاتىدۇ.
مەككىدىن كەلگەن يىگىتنىڭ تونى بار، نىمچىسى يوق،
باشىڭىزغا گۈل قىسىپسىز بەرگى بار، غۇنچەسى يوق.

گۈلنى قىساڭ تازا قىس، بەرگىدە غۇنچە قالمىسۇن،
يارنى سۆيسەڭ تازا سۆي، كۆڭلىدە ئارمان قالمىسۇن.

بىزنىڭ بۇ يازغانلىرىمىز مۇندىن ئاتمىش-يەتمىش يىل بالدۇرقى تارانچى تۇرمۇشىنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنرەك بۇ تۇرمۇش ئۆزگىرىشكە ئۇچرىدى. ئەلى تارانچىلارغا ئۆتۈپ، ئاندىن ئورۇسقا ئۆتكەندىن كېيىن تۇرمۇش تېخىمۇ ئېزگەردى. قىشلاق خوتۇنلىرى بالدۇرقىدەك ئەرلەرگە ئۆمۈر يولىدا يولداشلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ، هايات چىغىرىدە ئىككىسى بىللە ئىشلەپ كەلسىمۇ، شەھەر خوتۇنلىرى سارت (ئېزبەك) قېرىنداشلىرىمىزدىن كۆرمىشلى ئۆي ئىچىگە سولىنىپ، ئەرلەرگە يولداشلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتتى. ئەرلەر بۇ مەزلۇمە خوتۇنلارغا بالدۇرقى چىن نەزەرىنى يوقىتىپ بايلىغى بىلەن باققانلىقتىن، بۇلارنى شۇنداق سولاپ تۇتۇشنى ئەۋزەل كۆردى. دېمەك، شۇ كۈندىن باشلاپ، تارانچىلارنىڭ يىرىم مۆچىسىگە شامال دارىپ، پالەچ كېسىلىگە يولۇقتى. تارانچىلارنىڭ خوتۇن-قىزلار توغرىسىدا ئۆلگە ئالغان خەلقى سارت قېرىنداشلار بولغانلىغى ئۈچۈن، تەبىئىي بۇلارنى ئوقۇتمىدى. بۇنىڭ ئۈستىگە قازاق قېرىنداشلىرىمىزدىن كۆرۈش بىلەن ئىككى خوتۇن ئېلىش ئادىتى پەيدا بولدى.

تارانچى خەلقىدە ئىككى خوتۇن بىلەن تۇرۇش باشلانغاندىن كېيىن تۇرمۇشلىرىمۇ ئاساسەن ئۆزگەردى. ئىلگەركى ئائىلە سائادىتى، ئەر-خوتۇننىڭ بىرىبىرىگە ئىشەنچىسى تامامەن تۈگىدى. بۇ كېسەل پاسكىنا قەيەرلەردە سەرايەت قىلدى. تارانچى خەلقى بۇرۇنقى زامانلاردا 18پ20 ياشقا يەتكۈزۈپ بالا ئۆيلەندۈرەتتى. ئاما كېيىنكى چاغلاردا 13پ14 ياشلىق باللارنى ئۆيلەندۈرۈشكە باشلىدى. مۇنداق ياش ئۆيلەنگۈچىلەر ئارىسىدا تەبىئىي مۇھەببەتسىزلىك هۆكۈم سۈرگەنلىكتىن ئەر-خوتۇننىڭ ئاجرىشىپ، ئائىلە بۇزۇلۇپ تۇرۇشى تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ قالدى.

تەبىئىيكى مۇنداق ئاجرىشىشلارنىڭ تولاراغى ئەرلەر تەرىپىدىن بولدى. خوتۇن-قىزلاردا هەم خۇراپاتقا ئىشى

185

نىش كۈچلۈك بولغانلىقتىن، ئەرلەرنىڭ مۇھەببەتسىزلىگىنى جادۇ، سېھىر، سۆيدۈرگۈچى، بەزدۇرگۈچىلەردىن كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزىلىرى ئەرلىرىنى ئۆزلىرىگە قاراتماقچى بولۇپ، تۈرلۈك چارىلەرگە كىرىپ، جادۇگەر، قەسىدىخان، موللىلارغا تاپقان ماللىرىنى بېرىپ، ئاخىرىدا شۇ يولدا قۇربان بولغانلار بولغان.

بۇ يازغانلىرىمىز بۇندىن 15 يىل بالدۇر باشلىرىدىن كەچۈرگەن ئەھۋاللارنى بىلدۈرىدۇ. 1905-يىلدىن كېيىن تارانچى ياشلىرىغا بىر ئۇقۇم كىرىپ، كۆزلىرى ئېچىلىپ، يورۇق دۇنيانى كۆرۈشكە باشلىغاندىن كېيىن ئەر باللار

ئوخشاش قىز باللارنىمۇ ئوقۇتۇش ھەققىدە پىكىرلەر مەيدانغا چ قتى. بۇ توغرىدا تارانچى ياشلىرى دېگىلىك ھەرىكەتتە بولۇندى. ھەر يەردە قىزلار مەكتىۋى ئېچىلىپ، ئۇلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىدى. بۇ چاغدا خوتۇنلار ئىلگەركىدەك ئۆيدىكىسى ئۆيدە قامىلىپ، ھەر يەردىكىلەر يەنە ئەرلەرگە يولداشلىق ۋەزىپىسىنى بەجا قىلىپ كەلدى. خوتۇنلاردىنمۇ خوتۇن—قىزلار تائىپىسىنىڭ ئەھۋاللىرىنى قايغۇرغىدەك زاتلار يېتىشىشكە باشلىدى. بۇ تۈرلۈك مەلۇمات لاردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن ئانىلارنىڭ مەيدانغا چىقىپ ئىشلىشىگە ئەھۋال ئىمكانىيەت بەرمەتتى.

1917—يىلىنىڭ فېۋرال ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئاياللارنىڭ مەيدانغا چىقىپ ئىشلىشىگە يول ئېچىلدى.

خوتۇن—قىزلار ھوقۇقتا ئەرلەر بىلەن تەكشى دەپ ئېلان قىلىندى. بۇ ئىنقىلاپنى شەھەر خانىملىرى قارشى ئالغاندۇ، بىلمەيمەن، لېكىن قىشلاق خوتۇنلىرى تولا خوشاللىق بىلەن قارشى ئالدى. ئۆزەم تۇرغان غالجات ۋە كەتمەن قىشلاقلىرىدا ھۆررىيەت مەيرەملىرىدە ئەرلەردىن خوتۇنلار نۇرغۇنراق بولدى. سايلام كۆنلىرىدە سايلام مەجلىسلىرىدە يەنە خوتۇنلار تولاراق ئىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، تارانچى خوتۇن—قىزلىرىنىڭ ياشغۇسىگە ئىمانىم ئارتقان ئىدى.

خوتۇن—قىزلار ياشىسا خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ ياشايدىغانلىغى ئاشكارە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇنداق بىر ئەھۋالدا ئۇيغۇر خەلقى 18—يىلىنىڭ ۋەقەسىگە ئۇچرىدى. بۇ ئېغىر ئەھۋالنىڭ تەنا تەسرى بىلەن تارانچى خوتۇن—قىزلىرى بىر ئاز سۇسلىشىپ تۇرغان بولۇر. چۈنكى شۇ يىل ئىچىدە بۇلارنىڭ

186

ئى

كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىشلىگەن ئىشلىرى بارلىغىنى بىلەلمىدىم. دۇرۇس، شەھەرلەردە تارانچى خانىملىرى "خاتۇنلەر بۆلۈمىدە ئىشلەپ تۇرغان ئىكەن، بەزى يەرلەردە خانىم—قىزلار سويۇزى بار ئىكەن. بىر نەچچە قىزىمىز تاشكەنت "تۈرك— تاتار بىلىم يۇرتىدا" ئوقۇپ تۈگىتىدۇ. بۇ سانالغان ئىشلار بالدۇرقى زامانغا قارىغاندا چوڭ كۆرۈنسىمۇ، ھازىرقى زامانغا قارىغاندا ھېچ نەرسە ئەمەس دەيمەن. چۈنكى ھازىر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەخسىتى ساۋاتسىزلىقنى تۈگى تىش بولغان چاغدا، ئۇلار ماڭا كىچىككىنە كۆرۈنۈپ تۇرار ئىدى.

تارانچىلارنىڭ ھەر قەيەردە دېگىدەك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىشكە ئېچىلغان مەكتەپلىرىدە چوڭلار ئوقۇۋاتىدۇ. ئامما شۇ قەيەرلەردە خانىملار بىر ياقتا تۇرسۇن، قىزلار مەكتىۋىمۇ يوق. بۇ قانداق ئىش؟ ھەتتا ياركەنت شە ھىرىدە تارانچى خوتۇن—قىزلىرىنىڭ ئوقۇشى تەخمىن قىلىنغان ھالدا غالجاتتىن كەلگەن ئىككى دەرتمەن خانىم مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتماقچى بولۇپ قالدى. بۇلار ئۆزىدە مەلۇماتسىز بولغانلىقتىن ئوقۇشقا كەلگەن ئىدى.

تارانچىلاردا خاتۇن—قىزلارنىڭ ھالى موشۇنداق. ماڭغاندا،بىزنىڭ يولداشلىرىمىزدىن ئاجراپ، كېيىن قېلىشىمىز، ئېھتىمال. بىزنىڭ يولداشلىرىمىزدىن قالماسلىغىمىز ئۈچۈن خانىملارنى ئاقارتىش يولىدا جىددىي ھەرىكەتتە بولۇشىمىز لازىم دەپ بىلۇرمىز. .، يۇرۇڭلار، خانىملار، بىرگە ماڭايلى!

يېڭى ئوچاق

بوگۈن قاپلە تىيانشان ئېتىگىگە چىققان ئىدى. ئۇيغۇرستان يۇرتىنىڭ پەخرى بولغان شانلىق خانتەڭرىنىڭ كۆككە تاقاشقان چوققىسى سۈرلۈك كۆرۈنۈشى بىلەن تۆبەگەن  مەنزىرىلىرىنىڭ يورۇقلۇغىدىن بەشارەت بەرمەكتە ئىدى. بىراق يورۇقلۇققا غالىب كەلگەن قاراڭغۇلۇق، ساۋىراب  تۇرغان شۇم گۇگۇم بىشارەتچى

خانەگىرى چوققىسىنى قارا
187

پەردىسى بىلەن چۈمكەپ، قاپلەنى ئاداشتۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى. يول خەتەر... يول زۇلمەت جاڭگىللى ئارقىلىق ئۆتكۈسى، زۇلمەت جاڭگىلىدا قاپلەنى پايلاپ تۇرغان ئىشت–قۇش ، يىرتقۇچ جانىۋارلارنىڭ ھەددى ھېساۋى يوق... يولغا كى رىش بىلەن مۇتلەق ۋەھشىي جانىۋارلارغا ئۇچرىشىپ، قاپلەنىڭ يەمتىك بولۇشى چوقۇم ئىدى. ئەسىرلەردىن بۇ يان ئىنسان ئاياق باسمىغان زۇلمەت جاڭگىللى ئارقىلىق ئۇيغۇر يۇرتىغا يول سېلىشقا چىققان بۇ بىرىنچى قاپلە، بىرىنچى يولۇۋچى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قاپلەگە يول مەجھۇل... يول، ئۇزۇق تۈلۈك ۋە راھىلە توغرىسىدا ھەم ۋايىم بار ئىدى. مانا شۇ ياقلىرىنى ئويلاپ، قاپلە يورۇق كۈننى كۈتمەك بولدى. بىراق تەلۋە تۇسۇن "كەچكە قالغان قاراڭغۇدىن قورقمايدۇ، ئوچاق قۇرغان دەرەڭگىدىن " دەپ ئۈندىمەستىن يۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرەتتى... قاپلە ئەكسەرىيەت بىلەن مۇندا "ئوتاق تۈزەپ ئوچاق" قۇرماق بولدىلەر. ئوچاقچى ئوغۇز: ئوچاق قۇردى، ئوچاققا كىمى ئوتۇن كەلتۈردى، كىمى ياغ قۇيدى. "قۇتلۇق" چاقماق چېقىپ، ئوت تۇتاشتۇردى. ئوچاق لاۋۇلاپ يېنىشقا باشلىدى...

ئوچاقچىلار ئوچاقنىڭ يورۇغى بىلەن ئازاتلىق بىلگۈسى بولغان خانەگىرى چوققىسىنى ئايدىڭلاتماق، بۇنىڭدىن ئەكس ئەتكەن نۇر بىلەن ئۇيغۇرىستاننى يورۇتماق ئىدى... لېكىن خانەگىرى چۆرىسىدە دەھشەتلىك قار–بوران، قالتىس شۇ ۋۇرغان يېڭى ئوچاققا قارشى ئەجدىھا سۆلتىلە گۈكرەپ قۇتۇرماقدا ئىكەنكى، ئوچاقچىلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قەھەر ئەزرائىل ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. قارابوران، قالتىس شۇۋۇرغاننىڭ سوغ زەھرى پۈتكۈل كائىناتنى مۇزلىتىش بىلەن تەھدىد ئەتمەكتە ئىدى.

ئوچاقچىلار كەلگۈسىنىڭ قورقۇنچلۇق دەھشەتلىك بولغانلىغى ئۈچۈن ۋايىم بىلەن دىرىلدەپ ئازاپ چەكمەكتە ئىدى... قالتىس بوران ئاختۇرۇپ ئۆچۈرىدىغان بىر ئوچاقنى، ھالاك قىلىدىغان بىر جاننى ئىزدىمەكتە ئىدى... قاپلەدىن يىراق ئەمەس بىر سەينالىقتا پىلدىرلىغان بىر ئوچاق، بىر چىراق كۆزگە چېلىناتتى. قالتىس بوران، ئەيمەندۈرگۈچ شۇۋۇرغان بۇڭا قارشى قۇتۇرماقتا ئىدى.

لېكىن بۇ غېرىپ ئوچاق ئەھلىدىن بىر قىسمى بۇڭا قارشى ئامالىلارنى قىلىپ، ئاداققى ئوتۇن، ئاداققى ياغلىرىنى ئىش
188

لىتىپ بولسىمۇ، ئاتا ئوچىغىنى، ئانا چىرىغىنى ئۆچۈرمەستىن، ئۇزۇن تۈننى ئۆتكۈزۈشكە ۋە تاڭغا ئىنتىزار ئىدى. قېرىلار بولسا تەغدىرگە تەن بېرىپ، ئەزرائىلگە جېنىن تەسلىم قىلىشنىڭ ھازىرلىغىنى كۆرەتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تا لاش، جان ئاچچىغىدىن ئەزىز جانلارنىڭ ئىڭرەشلىرى يېڭى ئوچاققا ئاڭلانماقتا ئىدى ۋە يېڭى ئوچاقنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىشىك تۈۋىدە قۇرۇلغىنى مۇندىن مەلۇم ئىدى. ئوچاقچىلار ئوچاق نى قانچە لاۋۇلىتىپ، ئۇيغۇرىستان ھاۋاسىدا بىر ئۆزگىرىش ياساشقا ئىجتىھات قىلسىمۇ، قەدىرلىك كەڭ ئۇيغۇرىستاندا ھۆكۈم پەرمانلىق قىلىۋاتقان قارا بوران ھەم شۇۋۇر غاننىڭ سوۋۇتقان ھاۋاسىنى ئىسسىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت كۈچى لازىم ئىدى.

دېمەك، بۇلار تۆرت كۆز بىلەن تاڭغا مۇنتەزىر بولۇپ قاراپ تۇراتتى. يېڭى ئوچاقنىڭ لاۋۇلاپ تۇرغان يالقۇنى ئۆچۈشكە يېقىنلاشقان ئوچاق ئەھلى ۋە ئۇيغۇر ئائىلىسىگە كۆرۈنۈشى بىلەن ياش ئۆسمە ئۇيغۇرلاردىن بىر نەچچىسى يولنىڭ خەتەر، خەۋپلىرىدىن ۋايىمسىز لاۋۇلغان ئوچاققا قاراپ يولغا چىقتى ۋە بۇ ياش باتۇرلارنىڭ

قانچىسى ۋەھشى جانۋارلارغا ئۇچراپ ھالاك بولدى، قانچىسى يولدىن ئادىشىپ يولنىڭ باش–ئۇچىنى تاپالماي، خاراپ بولدى. قانچىسى تەبىئەت قەھرىگە يولۇقۇپ، شۇۋۇرغان ئاستىدا كۆمۈلدى. نىھات ئەڭ كەنجە ئوغۇز نەسلى ئوچاققا ئېرىشتى. بۇ ئوچاقچىلار بىلەن بىللە ئوغۇز ئوچاغىنى قالايدۇ!..

ئۇيغۇر ئۇششاق باللىرى بولسا، ئوچاق ئىزدەپ كەتكەن ئاكىلىرىنىڭ يولىغا مۇنتەزىر!.. ئۇلار ھونۇز قاراڭغۇلۇق، بوران–شۇۋۇرغانغا قارشى ئوچاقلىرىنى ئۆچۈرمەستىن يىلدىرلىتىپ كېلىدۇ ۋە بىراق قاراڭغۇلۇق، قارا بوران، شۇۋۇرغان بۇ بوزەكلەرنى كۆز ئاچقۇزماستىن، ئوچاقلىرىنى بىر زامان ئۆچۈرۈپ، مەڭگۈلۈك ھۆكۈم پەرمانلىق قىلىشنىڭ پىيىدە!.. لېكىن تاڭمۇ يېقىنلىدى، بۇنىسى تۇرلۇك ئالامەتلەردىن بەلگىلىك... ئەمدى ئوچاقچىلارنىڭ دېگىلىك ھەرىكەتتە بولۇشى لازىم... قاپىلە يولغا چىقىپ، ئوچاقنى ئۇيغۇرستاننىڭ ئۆزىدە قۇرۇشى كېرەك!..

پاتقىنا ئىنسانىيەت دۇنياسىنى يورۇتقۇچى كۈننىڭ ئايغاقچىسى تاڭ سۈزۈلسە كېرەك، نىھايەت ئۇيغۇر ئاجۇننى قاپلاپ تۇرغان قاراڭغۇلۇق–زۇلمەت زايىل بولۇپ، قالتىس بو

189

ران ھەم شۇۋۇرغان پەسلىسە كېرەك. كۆزدىن ئۇچقان خان تەڭرى چوققىسى ئەندى پۈتكۈل سۆلتى بىلەن كۆرۈنسە كېرەك. لەيكىن!.. ھەيھات!..

ئۇيغۇر بالىسى

"بىرىنچى چامدامدىن"

ئوماق بىلەن ئامراق

ئوماق غۇلجا شەھرىدە بىر دېخاننىڭ سۆيۈملۈك قىزى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر قىزلىرىدا بولىدىغان بۇغداي ئۆڭلۈك تولۇن يۈزى، بەرگى قىياقتەك قېشى، ئانار رەڭلىك قىزىل مەڭزى، يۈزىنىڭ ئۈستىدىكى ياراشىملىق مېڭى، مۆلدۈرلەپ تۇرغان بوتا كۆزلىرى، تال چىۋىقتەك زىلۋا بويى، سۇمبۇل ياغلىق بۇدرە چېچى، پەرى سۈپەت سۆلەتلىك سىنى، ئۆزىگە تارتقۇچ نازۇكقىنا جىلۋىلىك قىلىغى ۋە سىلىق سۆزى بىلەن ئامراقنى ئۆزىگە تۇيۇندۇرغان ھەم كۆيدۈرۈپ، قاش ئېتىپ، كىرپىك قېقىشى بىلەن كولۇمسىرەپ قارىشى ئامراقنى مەجنۇن ئەتكەن ئىدى.

تەبىئەتنىڭ چىرايى دېگەندەك، بۇ چىرايلىقنىڭ ئالدىدا ئامراق ئۆزىنى جانسىز كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىتتا ئوماقنىڭ يولىدا ئۆزىنى پىدا ئېتىشكە ھازىرلىغىنى بىلدۈرۈشكە كۆپ تەشنا ئىدى. لېكىن ئۇچراشقاندا ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى شورى بۇ تەشنالىق تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشكە توسالغۇ بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، كۆپ ئۇچرىششلارنىڭ بىرىدە ئامراق كۆڭلىدىكى تىلەك ۋە مەخسەتلىرىنى ئۇشبۇ ناخشىلار بىلەن بىلدۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى:

تاغدىكى بەرگى قىياقتەك، .

قاشلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىكتەك،

كۆزلىرىڭدىن ئۆرگىلەي.

دىلبىرىم ئايدەك يۈزۈڭگە،

زەيتۇنە خالىڭ بولاي.

كېچە يانىڭدا يېتىپ،

كۆندۈزى خېرىدارىڭ بولاي.
190

ئىشق ۋە مۇھەببەت ئۆتى بىلەن يانغان ئامراق ئوماقنىڭ ئىلتىپاتىغا يەتسەم دەپ، ھەر بېقىشىدىن ئۈمۈنۈپ، ئاڭا يېقىنلىششقا تەلپۈنگەنسېرى چىرايىغا مەغرۇر بولۇپ ئوماق دالىجماقتا ئىدى. بۇ ھال ئامراقنىڭ ئەندىكىپ تۇرغان كۆڭلىدە ئوماغىغا قوشۇلۇپ، ئۇنىڭ ئەلۋەك بېقىشىغا يەتسەم دېگەن ئارزۇلىرىنى يوقىتىپ، ئەنسىرەش ئۇرۇغىنى چاقماقتا ئىدى.
مانا شۇ ھالنىڭ تەسىرى كۆڭۈلدىكى نەگىدۇ ئالدىرىۋاتقان چوڭقۇر تۇيغۇنىڭ پىكىر-خىيالنى ھېچ ياققا بۇلجۇتماي ئوماق ئۆزىگە تارتىش بىلەن گۈلشەنباغقا كىردى. گۈلشەنباغنىڭ تومۇز بېشىدىكى لاتاپەتلىك كۆرۈنۈشى بىلەن رەۋناق جالالىرى ئۈستىگە تەبىئەتنىڭ بارلىق جامالىنى ئۆزىدە ئىنكاس ئەتكىنىدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئوماقنىڭ ئۇ باغدا لەپ ئېتىپ تولۇن ئايدەك كۆرۈنۈشى، ئامراقنى ھە دېگەندە مۇسۇر (قايغۇلۇق) قىلىپ قالدى.
ئامراق ناخشىنى باشلاپ:
سېرىق سەبدە تولۇن ئايدەك،
يۈزۈڭگە نۇر ياراشىبدۇر.
سېنىڭ ئوتى پىراقىڭدا،
يۈرەككە ئوت تۇتاشىبدۇر،ې
دەپ ئوماقنىڭ ئايدەك يۈزىگە سېرىق سەبدە گۈلنىڭ نۇردەك ياراشقانلىغىنى ماختىغاندىن كېيىن، يۈرىگىگە ئىشق ئوتى تۇتىشىپ، پىراق دەردى بىلەن كۆيۈپ ياتقىنىنى ئىزھار قىلدۇ.
ئۇ يېشىل ھەنپىدەك يەر، ھەپرەڭ ئۆڭلۈك رەڭمۇرەڭ گۈللەر گويا ئۇ ئوماقنىڭ ئالدىدا ھېچ نېمىدەك كۆرۈندى. قىزىل گۈل شېخىغا قونۇپ، ئاخشامدىن بېرى مۇڭۈيۈپ، مەشۇقلىنىپ، مەدھىيىدىن بوشىمىغان بۇلبۇللار بۇ گۈللەر ئىچىدە يېڭى پەيدا بولغان ئوماقنىڭ ھۆسنىگە ئامراقلىنىپ، يېڭى دەرت ۋە يېڭى روھ بىلەن سايرىشىپ تۇراتتى. كۆكلەمدە ئەگىپ يۈرگەن كېپىنەكلەر سۇلۇنقاپ ، ئالدىدىن گىنە بىلەن ئۆتۈپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ كۆرۈنۈش ئامراقنىڭ كۆڭلىدە خۇدانىڭ مۇزىكچى ھايۋانلىرى بىلەن كۆنلىشش تۇيغۇسىنى تۇغدۇردى ۋە شۇندىن ماڭغىلاپ ، جانلىق گۈل قېشىغا يېقىنلاشتى. ھە، دېگەندە سۇر بېسىپ، توختاپ تۇردى. بىر دەمدىن كېيىن مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن مۇزىكا ئۇي
191
ناشقا قوشۇلدى. مانا ئەندى مۇزىكانتلار سازلىرىنى تەڭكەش قىلىپ چېلىشماقتا. گويا گۈللەر بۇلارغا تازىم يۈزىدىن ئېگىلىپ، پۈكۈلۈپ، خۇش بوي بىلەن مۇزىكانتلارنىڭ دىماغلىرىنى مۇئەتتەر (خۇش پۇراق) قىلاتتى. لېكىن ئوماقتا ھەرىكەت يوق ئىدى.
بۇ ھالدىن ئامراق تەسىرلىنىپ، غەرىبانە سۆپەت بىلەن ئوماققا خىتابەن:
تالى مەجنۇن شاخ ئېگىلدى،
يار ئېگىلمەيسەن ماڭا.
يا كېلىپ ئالغىن بۇ جاننى،
يا كۆڭۈل بەرگىن ماڭا.
يەنى: ئىشق ۋە مۇھەببەت ھۆرمىتگە گۈللەر، پۇتاقلار ئېگىلدى، سەنلا ئېگىلمەيسەن، سەن ئېگىل، يا كېلىپ

جېنىمنى ئال ھەم:

سەن چىمەننىڭ گۈلى بولساڭ،
مەن چىمەننىڭ بۇلبۇلى.
سەن چىرايىڭغا ئىشەنسەڭ،
مەن خۇدايىمنىڭ قۇلى،ې

دىدى:

ئاخىرىدا كۆڭۈل ئاغرىغى ئارىلاش قايغۇسى، قېنىق مۇڭلۇق ناخشىلىرى ئوماققا تەسىر قىلىپ، بۇنى ئېرىتتى ھەم كۆڭلىدە ئامراقلىق ھىس–تۇيغۇسى قوزغىلىپ، مۇھەببەت يالقۇنى ھىسسىياتلىرىنى قايىنىتىپ، جۇش ئۇرغۇزۇپ، ئامرىغىم دېگۈزدى.

شۇ دەقىقىدىن كېيىن ئامراقنىڭ سائادەتلىك دەۋرى باشلىنىدۇ. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتىدۇ. ئوماقمۇ ئۆسۈپ، ۋايىغا يېتىدۇ. بۇرۇنقىدەك كوچىلاردا ئامرىغى بىلەن ئوينىشىپ، كۈلۈشۈپ يۈرۈشتىن توختايدۇ. ئامراق ئۈچۈن "كەمنامە" ۋە كەم دىدار بولىدۇ. ئاتىسى ئوماقنى قورغاپ، ئىشىكتىن قارىسا قوغلايدۇ.

ئامراق ناخشا باشلايدۇ:

يار ئىشىگىدە ئەل بار،
ئەيمىنىپ ئۆتەلمەيمەن.
يارىم تولغىنىپ قويساڭ،
ئايلىنىپ كېتەلمەيمەن.

دەم غېنىمەتتۇر بۈگۈن،
دىدار غېنىمەتتۇر بۈگۈن.
كېلىڭ، ئوينايلى يارىم،
خويما ھالاۋەتتۇر بۈگۈن.
گادىيىڭ كەلدى ئىشىككە،
كىرگەلى ئەيمىنەدۇر،
قولى باغلاقتا تۇرۇپ،
كۆزلەرى تەلمۈرەدۇر،ې

دەپ مۇڭ ۋە زارىنى ئىزھار قىلۇر. بۇنى ئاڭلىغان ئوماق ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ:

كۆرگىلى كەلدىڭمۇ يار،
كۆيدەرگىلى كەلدىڭمۇ يار.
كۆيۈپ، ئۆچكەن ئوتىنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭمۇ يار،ې

دەپ ئوتلۇق سوئالنى ئىراد ئېتەر. ئوماقنىڭ "كۆيۈپ، ئۆچكەن" دېگەن سۆزى ئامراققا ئېغىر كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇنىڭغا قارشى:

قايدىن ئىچتىم خام بوزاڭنى
تۇتتى كۆكسۈمنى، (پىشمىگەن ئىشقىدىن كىنايە) كېيىن:
زۇلۇم بىلەن ئايرىۋەتتى بوتا كۆزۈمنى...

زۇلۇم بىلەن ئايرىغانلار ئايرىلىپ قالسۇن.
ئارپا—بۇغداي ساماندەك بۇرۇلۇپ قالسۇن،ﻱ
دەپ، ئايرىغۇچىلارنى قارغىدى. ئۇماق:
ئارپا—بۇغداي ساماننى سەلكىن ئايرىيدۇ،
ئۇماق بىلەن ئامرىغنى ئۆلۈم ئايرىيدۇ،ﻱ

باشقا ھېچ دەپ، ئامراق كۆڭۈللەرنى ئايرىشقا ئۆلۈمدىن باشقا ھېچ كىمنىڭ كۈچى يەتمەسلىگىنى بايان ئەتتى.

1881—يىلى ساپ باھار ئىدى. نەدىندۇر تارىم دەرياسى چايقىلىپ، ئىلى بۇزۇلغاندا ۋە ئىلى كەتكەندە ھەم كۆرۈنمىگەن ئېغىرلىق، پەرىشان بىر ھال، قالايمىقانلىق باشلىنىدۇ. تارىم خەلقى ھەر مەھەللەردە چوغ (كۆپ) توپلانغان. ھەر تەرەپتىن كەل، كەت دېگەن ئەمرانە ئۇنلەر چىقىپ،



ھاۋا يۈزىدە مۇھەببەتلىك رەۋىشتە چوڭلار پەيدا بولۇپ، بۇ ئۈننى پۈتۈن تارىم دەرياسى ئاڭلار. كۆپ ئۆتمەستىن تارانچىلار تۇغقان، ئۆسكەن يەرلىرىنى تاشلاپ، يەتتىسۇغا كۆچتى.

ئۇماق كېتەر، ئامراق قالۇر. بۇ پىراق ئوتىدا گۇر—گۇر يانغان ئۇماق:

ﻱ كېتەردە سەن، ئامرىغىم دەپ، ئامرىغى بىلەن خوشلاشماق ئۈچۈن ئۇنى سەرگەردان بىر ھالدا ئىزدەپ يۈرگەندە ”كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول“ ماقالە بويىچە، ئامراق ئۇماقنىڭ ئالدىغا ئۇشبۇ ناخشىنى ئېيتىپ چىقىدۇ:

سەن قاياقتىن كېلىسەن،
چىرايلىغىم كۆزى خۇمار.
ساڭا تىلىم تەگمىسۇن،
بوينۇڭغا ئاسقىن تىل تۇمار،ﻱ
دەپ ئاشىقانە سوئال بېرىدۇ. ئۇماق:
مەن كېتەر بولدۇم، يارىم،
ئەرزىم بايان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىۋان يار قالدى دەپ،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي،ﻱ
دەپ خوشلاشماق ئۈچۈن تەئەسسۇپانە ئەرز ئېيتتى. ئامراق:
كېتەرمەن دەپ مېنىڭ ئەقلىم ئالۇرسەن،
بۇ جانىمغا مېنىڭ ئوتلار سالۇرسەن.
مېنى قان يىغلاتىب قايان كېتۇرسەن؟
ئۇماق:
سېنى بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم،
سېنى مەن كۆرمىسەم نېچۈك چىدارمەن؟

سىنىڭسىز ئىلىدا قانداق تۆزەرمەن؟
ئاتا—ئانام بەرمىسە ھالىم خارابدۇر.
بەختىڭ قارا بولمىسا، ئۇماق كېتەمدۇ؟ﻰ دىدى.
كۆڭ ئۆتەر—ئۆتمەس ئامراق سۆيۈملۈگىنى سېغىنار. شۇنىڭ بىلەن:
194

بۇگۈن ئالتە، تاڭلا يەتتە،
مېھرىۋان يار كەتكىلى.
باققا كىرسەم ئىزى بار،
تالاغا چىقسام شاملى.
ئاقۇ ئايدىڭ كېچىلەر،
ئاپپاق ئايدىڭ كېچىلەر.
گۈل بىلەن رىھان پۇرايدۇ،
يارىم ماڭغان كوچىلار،ﻰ
دەپ ئاھ—پۇغان چېكىپ مۇڭلىنار ئىدى. ئۇ ئۇندا كۆيۈنەر ئىدى.
ئامراق:
قىزىل گۈل تۇۋىدە سىنچاي،
ئىچىپ خۇمارى بولدۇم مەن.
ئايرىلىپ كېتەر يارغا،
يۈرۈپ دىۋانە بولدۇم مەن،ﻰ
دەپ ئامراقلىقتا قايسى يەردە مۇپتىلا بولغانلىغىنى خاتىرىگە كەلتۈرۈر. ئۇماق بولسا ئامراقنىڭ كەينىدىن كېلىشىگە ئۈمۈتلىنەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، تۆرت كۆز مۇنتەزىر بولماقتا. لېكىن كەلمەس. شۇندىن كېيىن قولىغا دۇتار ئېلىپ:
ئەجەپمۇ كەلمىدىڭ، يارىم، يولۇڭغا بارغىدەك بولدۇم. قولۇمغا قوش پىچاق ئالىب، يۈرەكنى يارغىدەك بولدۇم،ﻰ
دېگەن ناخشىنى ئېيتار. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتەر. روھىڭ ئوت يالقۇنلىنىپ، ئامراقنى كۆيدۈرۈشنى داۋام ئېتەتتى. نىھايەت، ئامراق تاغ ئېشىپ، تاش بېسىپ، دەريا كېچىپ، ئەل كېزەرلىككە چىقىدۇ. مۇڭلۇق سازىنى چېلىپ، دەريادىن ئۆتىدۇ، تارانچى دىيارىنى ئاختۇرۇپ چىقىدۇ. بىراق ئۇماقتىن خەۋەر تاپمايدۇ، بارغان يېرىدە غۇربەت چېكىپ:
مەن بۇ يەرلىك ئەمەس ئەردىم،
يارى كەلتۈردى مېنى.
ئوتقا سالساڭ كۆيمەس ئەردىم،
يارى كۆيدۈردى مېنى،ﻰ
دەپ بارلىق ئېغىرلىقنى يارى ئۈچۈن تارتقانلىغىنى ئىزھار قىلاتتى.
195

يۇردۇم، ئالەمنى كەزدىم،
سوردۇم، بارچىدە غەم بار،
غەمسىز كىشى ئالەمدە
مەن بىلمەس نە ئادەم بار؟ي

دەپ، مۇنداق غەم ئاستىدا يالغۇز ئۆزىلا ئەمەس، بەلكى بۇ ئا پۈتۈن دۇنيا خەلقى مۇشتەرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۆز ئۆزىگە تەسەللى بېرەر.

بىر ئازدىن كېيىن ئامراق ساقىسىزلىنىۇر، ئۆزىنىڭ ھايات يىپىنىڭ ئۈزۈلۈشىنى سېزەر. ھايات ۋاقتىدا كۆرگەن ئېغىرلىق، مۇشەققەت، جاپا، غۇربەت، دەرت ۋە ئەلەملەردىن قۇتقۇزىدىغان ئۆلۈمنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتەر ئىدى. چاپسانراق روھ ئالىمگە يېتىپ، پۈتۈن ئالەمنى سەير (تاماشە) ئېتىشكە، ئوماق ئۆلگەن بولسا ئۇنىڭ روھىغا قوشۇلۇپ، مەس ئۇلىيەت ۋە بەختىيارلىققا چۆكۈشكە، ئەگەر ھايات بولسا، ئۇنىڭ باشۇ –ئۇچىدىن ئايلىنىپ كۆرۈشكە ئالدىراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنىڭ ئاغزىدىن ئوڭغا باقسىما، سولغا باقسىما ”ئوماق، ئوماقتىن!“ باشقا سۆز چىقماس ئىدى.

دېكابىرنىڭ كېيىنكى كۈنلىرى ئىدى، قاتتىق بوران، كۆز ئاچقۇسىز شۇۋۇرغان قورقانچاق يولۇۋچىلارنى توختىتاتتى. بىراق يولۇۋچىلارنىڭ ئىچىدە يالغۇز نوچا، ئېگىز بويلۇق، ماغدىرسىز، ياداڭغىنا يىگىت:

بارغىنىمدا ياز بار ئىدى،
يانسام زىمىستان،
كەچكەن كۆڭلۈم كەچمەسمىدى
سەندىن ئايرىلسام،ي

دەپ ناخشا ئېيتىپ، ھەر چامدامدا ئۈچۈرلۈپ، سۆرۈلۈپ ئىلگىرلەيتتى. لېكىن بۇ... ئامراقتەك يولۇۋچىلارنىڭ قانچىسىنى ئاداشتۇرۇپ، تىنتىپ، خاراپ ئەتكەن بوران... قانچە نوچىلارنىڭ كۆزلىرىنى تالدۇرغان شۇۋۇرغان!.. قانچە يولۇۋچىلارنىڭ باشلىرىنى قايدۇرغان قاينام! يالغۇز بۇنىلا ئامان قويسۇنمۇ؟ كۆپ سۈرۈنۈشلەرنىڭ بىرىدە بۇنى قار قايىنامغا پاتۇردى. ئۇ مىڭ مۇشەققەت ۋە زەخمەتلەرنىڭ ئىچىدە ئارانغىنا بېشىنى كۆتىرىپ، يان–يېنىغا قارىدى. لېكىن ھېچ كىم يوق. يالغۇز خىيالىدا بولغان مەھبۇبىسى ئوماق كۆرۈندى. شۇنىڭ بىلەن ”ئوماق! ئوماق!“ دىدىدە، كۆزىنى مەڭگۈگە يۇمدى.

196

بۇ نوچا يىگىتنىڭ يالاڭ چىرايى، تەپتەكشى تىزىلغان ئۇششاق چىشلىرى، بۇ ھالدىن مەمنۇن بولغاندەك، دۇنيا بىلەن ھىجىيىپ خوشلاشتى. كۆپ ئۆتمەي، بۇنىڭ ئىزىنى شۇۋۇرغان يۈتۈردى. دۇنيانى زاڭلىق قىلىپ، ھىجايغان جە سىدىنى تەبىئەت ئاق كېپەنگە ئوراپ يوشۇردى.

ئۆزىنىڭ كەڭ ۋە كونا سەھنىسىدە مۇنداق ئاشىق ۋە مەشۇقلارنىڭ تۈمەن مىڭىنى ئۆتكۈزگەن بۇ ھايات مەيدانى تەبىئي ئامراقنىڭ بۇ پاجىئەسىگە كۆز قىرىنىمۇ سالماي، ئۆز يولىدا داۋام ئەتمەكتە ئىدى.

”بىرىنچى چامدام“ مەجمۇئەسىدىن ئېلىندى. 1924–يىل.

ياش شائىرلىرىمىز
(ئەدەبىي تەنقىت)

بىزنىڭ خەلق ئەدەبىياتىمىز خۇسۇسىدا گەپ قىلغاندا ناخشا ۋە شېئىرلىرىمىزدىكى چوڭقۇر شېئىرىيەت، چىن

ئوماق، ئورۇنلۇق مۇبالىغە، بۇنىڭ ئۈستىگە ناپاسەت ي چىرايلىق تىزىلىش ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ ئۇلۇغ شائىر ۋە ئەدىپلىرىمىز بولۇپ ئۆتكەنلىگىنى كۆرسىتەتتى. چۈنكى خەلق ئەدەبىياتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى قانداق بولسا ھەم بۇرۇنقى چاغدا خەلق ئارىسىدىن ئىلغىنىپ چىققان ئىستىبداتلىق شائىر ۋە ئەدىپلەرنىڭ ئەسەرلىرى ئىكەنلى گىدە شەك يوق. بىراق زامانىنىڭ ئوزۇشى بىلەن ئۇ مىللىي ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئاتلىرى ئۇنتۇلغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، باشتا مۇنداق ئەدەبىي نەرسىلەر كىتاپقا پۈتۈلمەستىن، ئېغىزدىن يۆتكىلىپ يۈرىدىغان بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق ئەدەبىي نەرسىلەردىن پەۋقۇلاددە ئوگۇشلۇق ھەم يېقىملىق بولغىنى خەلقنىڭ كۆڭۈللىرىگە كىرىپ ئورنىشىپ قېلىشى بەلگىلىك، تەبىئىيكى، ئېيتقۇچىنىڭ ئېتى ئۇنتۇلغۇسى. مانا شۇنداق كۈندىن قالغان ئەدەبىيات پارچىلىرىنىڭ بارچىسىنىڭ خەلق ئەدەبىياتى ئاتالمىغىنىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ. ئەمىسە، خەلق ئەدەبىياتى، دىمەك، ئۇ خەلق تەرىپىدىن ئېيتىلغان سۆز دىمەكتۇر. شۇنداق بولسۇن، خەلق ئەدەبىيا

197

تىنىڭ ھەر بىر پارچىسى يالغۇز–يالغۇز كىشلەر تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھەم بولسۇن؛ ئانداق بولغاندا ئۇيغۇرلار كونكو (ئومۇمىيەتلە) ناخشا چىقىرىشقا مۇستەئىد خەلق بوپ چىقىدۇ. بىز ئەمدى ئانداقلا كۆرەڭلەپ، يۇقالاپ كەتمەستىن، بالدۇرقى سۆزىمىزنى قوبۇل قىلىپ تۇرىلى. بۇنى ئىسپات قىل شىمىز ھەم ئوڭاي، نېمىشكە دېسىڭىز، بۇڭا مىسال كۆرسەتكىدەك كىشلىرىمىز بار. كونىدىن باشلىساق ”قۇتادغۇ بىلىك“، ئۇنىڭ ئېگىسى يۈسۈپ خان ھاجىپ، ”چىستانى ئىلىك بەگ ۋە ئۇنىڭ ھېكايىسى“ ئوخشاش مۇندىن مىڭ يىل بالدۇر ئۆتكەن ئەدىپ ۋە ئەسەرلىرىمىز بار. تەبىئىيكى، بۇ چاغلار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يالقۇنجاپ تۇرغان چاغلىرى... ئوتتۇرىدا، يەنى سۇلاپ قالغان چاغدا قەشقەر، ئالتىشەھەردىن سۇلتان سەئىد ئوخشىغان شائىرلىرىمىز چىققان. كېيىنكى زامانلارغا كەلسەك، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدىبى مىز نازىم موللا بىلالنى كۆرىمىز. دىمەك، بۇرۇنقى چاغدا كونا زامانلاردا بىزنىڭمۇ ئىچىمىزدىن ھەم ئەدىپ ۋە شائىرلار چىقىپ تۇرغان ئىكەن. خۇسۇسەن بۇ كېيىنكى چاغدا ئۆز ئارىمىزدا شۇنداق مىللىي شائىر ۋە ئەدىپلەرنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئىدۇق، چۈنكى يېرىم ئەسىردىن بۇ يان بىزدىن قەلەم تۇتۇپ بىر ئەدەبىي نەرسە يازغان ئەدىپ ياكى يۇقۇملۇق ناخشا چىقارغان بىر شائىر بولمىدى... ماشتاق، بىزنىڭ ئەدەبىي ئىستىداتىمىز يېرىم ئەسىر چاغلىق ”دەم“ ئالغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنىڭ يورۇق يۈزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. يەنى: ”ياش يۈرىگىم“ ۋە ”ئېچىلماس كۆڭلۈم“ شېئىرلىرىنى چىقارغان ياش شائىرىمىز ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي جېلىك بۇ يۇقۇملۇق شېئىرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ، شېئىر چىقىرىشدا سىلىقى بارلىغىنى كۆرسەتتى. بۇ ياش قەلەمنىڭ ئەدەبىي ئىستىداتىغا قارىغاندا، ئىلغاندى شائىرلاردىن بولىدىغىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مۇڭا بىز:

چاپ كەتمىنىڭنى، تىنماي چاپ، با كۈچىڭنى ئايىماي چاپ،
قەرەل ۋاقتىڭ يېتىپ قالدى، ئوڭغا–سولغا قارىماي چاپ،ې
دەيمىز.

ئىككىنچى ئۈمۈتلۈك ياش قەلەملەردىن بىرى ”ئۇيغۇرستان ئۆلكىسى“ شېئىرىنى يازغان ئابدۇغوپۇر جېلىك. بۇ ياش پۈتۈكچىنىڭ دەسلەپكى پۈتمەلىرىگە قاراپ، ئاددىي پۈتۈكچى ھەم قوشاقچى بولىدىكەن دېگەن ئىدۇق. چۈنكى ئابدۇغوپۇر جې

199

لىكنىڭ شېئىرلىرى شېئىرىيەتكە يېقىن، تىزىلىش رەۋشى ھەم ئانچە چىرايلىق ئەمەس. تولاراق ئۇسلۇب

تەسىرى بېسىمراق، كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا جانلىق سۈرەتلەرنى كەلتۈرۈشتىن ئاجىز ئىدى. شۇنىڭ، ئۇچۇن بىز يۇقىرقى قاراشقا كەلگەن ئىدۇق، لېكىن كېيىنكى شېئىرلىرى بىزنى بالدۇرقى پىكرىمىزدىن ياندۇردى. دېمەك، بۇنىڭدىمۇ ئەدەبىي ئىستىدات بىلەن قابىلىيەت كۈچلۈك. شۇنداق بولسا ھەم بۇ ياش شائىرنىڭ "ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسى" دېگەن شېئىرىغا بىر ئاز توختاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ شېئىرنى ئومۇمىيەت بىلەن ئالغاندا توغرىلىقتىن بوشتۇر. لېكىن ئايرىم-ئايرىم مىسرالىرىنى ئالساق، ئانداق ئەمەس ھەمدە پىكىر ۋە ھىسسىياتلارنى قوزغىتارلىق رەۋىشتە قالتىس شېئىرىيەتكە مالىكتۇر. "ئۇيغۇر ئۆلكىسى" شېئىرىنىڭ توغرىلىقتىن خالى بولۇشى، ياش قەلەمنىڭ ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىنى ھەقلىق تونۇمىغانلىقىدىن كېلىدۇ. ھەقلىق تونۇغاندا خېلى ئىختىدارلىق بۇ شائىر قەلىمىنى شانلىق ئۆلكىمىزنىڭ كۆكسىگە قادىماس ئىدى. دۇرۇس، بىرىدە ياخشىنى يامانلاپ ماختاش بار، بىراق بۇ شېئىر ئانداق يېزىلغان ئەمەس، مۇتلەق سەت كۆرسىتىلىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ شېئىر ئوقۇغۇچىلاردا ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسىگە ئامراقلىق تۇغدۇرۇش ئورنىغا، نەپرەت تۇغدۇرۇشى ھەم چوقۇم. شۇنىڭ، بىلەن بىللە بەزى بىر مىسرالار ئارىسىدا بىربىرىگە باغلىنىش يوق.

بۇ شېئىر مانا شۇ مىسرالار بىلەن باشلىنىدۇ:

نېمە بۇ باغۇ-بوستانمۇ ۋە يا قىر، چۆل-باياۋانمۇ؟

جېنى با ئادەمزاتمۇ ۋە يا جانسىز ياغاچ-تاشمۇ؟

بىلەلمەي باش تامام قاتتى نە يەڭلىغ ئۆلكىدۇ ئاھ... بۇ؟

نە مۈلكى، نە مىراسى يوق نېمە مۇنچە قاقاسدە بۇ.

بىرىچە، "نېمە بۇ..." دېگەن مىسرادىن كېيىن "جېنى با..." مىسرا زادى كېرەك ئەمەس ئىدى. چۈنكى سۆز ھايۋانات توغرىسىدا ئەمەس، بىر ئۆلكە توغرىسىدا بارىدۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن بىرىنچى مىسرادىن كېيىن ئۇچىنچى مىسرا بولسا، مەنا ھەم مىسرالارنىڭ بىربىرىگە باغلىنىشى جەھەتتىن راسا كېلىشەتتى. ھېلى تۆرتىنچى مىسرانىڭ زادى كېرىگى يوق. ئۇنىڭدا توغرىلىق يوق. مەنا جەھەتتىن ھەم دۇرۇس ئەمەس.

شېئىرنىڭ داۋامى:



نە بولسۇن كۆكۆل مەيدان، پۇراق سەپكۈچ گۈلستانى،

نە ئاسمان بويىلغان تاغلا، نە روھلىق باغۇ-بوستانى.

نە جانلىق ساپ ھاۋا بولسۇن، نە كۆن بىر نۇرلىرىن سەپسۇن،

نە نازۇ-خۇش شامال چىقسۇن، نە ھەر خىل قۇشلىرى بولسۇن.

نە ئىچكىلى سۇيى بولسۇن، نە تېرىلغۇغا لايىق جاي.

نە ئۇسسسۇن دەل-دەرەقلىرى، نە جان-جانىۋارلاغا بولسۇن باي.

شائىر بۇ تەسىرلىك شېئىرلىرى بىلەن ئاستىن مەيۇسىيەت ئىچىدە ئۆزىنىڭ شېئىرغا بولغان ئىستىدات ۋە ئىقتىدارىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ. بىراق چېڭىلداپ تۇرغان بۇ شېئىر يەنە توغرىلىكتىن خالىدۇر. نېمىشكە دېسىڭىز، ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسى شائىر تەسۋىر قىلغاندەك "قاقاس" بىر ئۆلكە ئەمەس، بەلكى كۆك دەپسەن، پۇراق سەپكۈچ گۈلستان، ئاسمان بويىلغان ئېگىز تاغلار، ساپ ھاۋالىق، خۇش شاماللىق باغۇ-بوستانلار، ھەر خىل قۇش جانىۋارلار، ئۇنۇملۇك تېرىلغۇ، ئېقىن سۇ ۋە ھەر تۈرلۈك يەل-يېمىش، دەل-دەرەخلەر بىلەن تولغان لەتىپ بىر ئۆلكىدۇر. ئۇيغۇر باللىرىنى ئەشتاتىپ تۇرغان قۇۋۋەتمۇ شۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن "ئۇيغۇرىستان ئۆلكىسى" بۇ تەرىقە يېزىلىشى كېرەك ئىدى:

نېمە بۇ باغۇ–بوستانمۇ ۋە لالە گۈلستانمۇ؟
تونالماي، كۆزلىرىم تالدى ۋە يا فىردەۋسى ئەدنانمۇ؟
چۆرەم ئەتراپى: كۆكۈل مەيدان، يۇراق سەپكۈچ گۈلستانلا
ھەم ئاسمان بويلىغان تاغلا، ياشارمىش روھلى بوستانلا،
ئۈنۈم بەگۈچ تېرىلغۇلا، ئېقىپ تۇغان ئېقىن سۇلا،
ئىستەر ئېتراپ جاۋانىبدىن ئىللىق يەل–خۇش شامال ھالا.
...كونا ناخشىلىرىمىزدا ھەم:
تاغمۇ تاغلادىن ئېگىز،
ئاخىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
تۆپەسىگە قار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈلباغلىرى،ي
دەيدۇ.
دېمەك، ناخشىلىرىمىزدا ھەم ئابدۇغوپۇر جېلىكنىڭ "قاقاس" دېگەن پىكرىگە قوشۇلمايدۇ، ئەكسىچە تەبىئەتنىڭ ئەڭ كۆرۈملۈك جايى قىلىپ كۆرستىدۇ ھەمدە تىيانشان "سوزۇلمىسىنىڭ" خانتەڭرىدىن كېيىنكى ئەڭ ئېگىز نۇقتىسى بولغان "ئاخىر بۇلاق" ۋە ئۇنىڭ ئاستىدىكى باغلىرىنى شۇنداق چىرايلىق، تەبىئي رەۋشتە تەسۋىر قىلىدۇ.
200

يەنە شېئىرنىڭ داۋامى:
نە ئىنساندا بولسۇن جان نە ھىسسىيات، غەم جىگەرىدە،
نە ئۆملۈك دائىما بولسۇن، نە ئۆلكە ئاھى يۇرەگىدە.
خالايىق يۇرتلىرى دائىم تەرەپپازلىقلە مەشغۇلدۇر،
غۇلى ئۆلگە ئېلىش يوقتۇر. زالىم بايلارغا ئاھ قۇلدۇر ئاخىرغىچە.
مانا شۇ مىسرالاردىن كېيىن شائىرنىڭ قەلىمى بىر ئاز توغرا يول بىلەن ماڭىدۇ. بىزنىڭ دىققىتىمىزنى جەلىپ ئەتكەن "كەمبەغەللەر ئاۋازىنىڭ" 11–ساندىكى ئابدۇغوپۇر جېلىكنىڭ "سولۇن" ئىمزالىق "چال" شېئىرىدۇر. بۇ شېئىر ئابدۇغوپۇر جېلىككە بولغان ئۈمۈتىمىزنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇنىڭ؛ قەلىمىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئارتتۇردى.
"چال" ناملىق شېئىردىن
چال بۇ مۇڭسىغان، غېرىپسىنغان كۆڭلى كۈلگۈنچە چال
ھەم بۇ نەملەشكەن يۇرگىدە لاۋلاپ ئوت يانغۇچە چال.
چال بۇتۇن قايغۇ ۋە دەرت–غەملەر يوقاپ كەتكۈنچە چال،
روھلىنىپ ھەم جانلىنىپ، ھېجىيىپ خۇش تاڭ ئاتقۇنچە چال.
* * *
چال، جىگەر، چال، قولۇڭ ئويناقلىتىپ ھارمايلا چال.
چال ي پۈتۈن قۇشلار كېلىپ، بىربىر سالام بەرگۈنچە چال.

مانا بۇ ناخشىلار تاران كۆڭلىنىڭ نە چاغلىق شائىرانە بىر كۆڭۈل ئىكەنلىگىنى كۆرسەتسە، ئۇنىڭ بۇ ناخشىلىرىنى بۇلبۇلدەك سايراپ، بۇگۈن خۇش ئۈنى تاراپ تەبىئىتىدىكى نەغمە سازلىق قۇۋۋىتىنىڭ نە چاغلىق،

تۆپلىگى، مۇڭلۇغى، تۆزلىگى، خۇنلىغى ۋە تەسىرلىگىنى كۆرسىتىدۇ.

مانا شۇ مۇناسىۋەت بىلەن "تاران" دوستۇمنىڭ ناخشىلىرىمىز توغرىسىدىكى يەنە بىر پىكرىنى يېزىپ ئۆتەي. "ناخشا باشقا، مۇقام باشقا نەرسىدۇر. ناخشا بىلەن مۇقامنى ئايرىش لازىمدۇر. ناخشا تاران روھىنىڭ شائىرانە بىر جامالى بولسا، مۇقام بۇ شائىرانە جامالنىڭ خۇش ئۆنى ۋە تەبىئىي نېپى ۋە مۇڭلۇق نەغمىسىدۇر" دەيدۇ ئۇ.

سولۇن جېلىكىنىڭ شۇنداق سولۇن-سولۇن ناخشىلارنى

201

يېزىپ تۇرۇشى لازىم. "قەمبەغەللەر ئاۋازىنىڭ" 12-سانىدىكى "قىزىل دۆڭ" شېئىرىنىڭ تەسۋىرى چىرايلىق، ئوماغى ئوبدان ھەم تەبىئىي، بۇنىڭ ئىگىسى ئابدۇلھېمىت جېلىك ئۈمۈتلۈك قەلەملەردىن كۆرۈنىدۇ.

ئۇيگۇر بالىسى "بىرىنچى چامدام"

مەدەنىيەت ۋە مائارىپ

(ھەممىدىن بالدۇر مەكتەپ كېرەك)

بىر خەلقنىڭ ئەل قاتارى ياشاپ تۇرۇشى ئۈچۈن باشقىلار بىلگەننى بىلىپ، باشقىلار ئوقۇغاننى ئوقۇشى لازىم. بۇ مەلۇم. ئەگەردە بۇ يەردە ئوقۇغان ئىككى تۆرلۈك خەلقنىڭ بىرى بىلىملىك بولۇپ، يەنە بىرى بىلىمسىز بولسا، ئۇ چاغدا بىلىمسىز بولغىنى بوزەكلىككە مەھكۇم بولغۇسى چوقۇم. بۇنىڭدىن مىسال كەلتۈرۈش لازىم بولسا يىراق بارماي، ئۇيغۇرلانى كۆرسىتەتتىم... ئانداق بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا باققاندا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەڭ قالتىس ئېھتىياجى مەكتەپ مائارىپقادۇر، ئەلبەتتە، شۇ يولدا كۈچ قۇۋۋەتنى سەرىپ قىلىشى لازىم. بۇ كېيىنكى يىللاردا بىزنىڭ ئۇيغۇرلارمۇ مائارىپقا بولغان قالتىس ئېھتىياجىنى سەزگەن ئوخشايدۇ. مائارىپ يولدا ئىجتىھات قىلىشقا باشلىدى. بۇ كۈنلەردە يىراق يەرلەر ۋە چەت شەھەرلەرگە بېرىپ ئوقۇۋاتقان يۈزلەپ تالىپلىرىمىز بار. دېمەك، يەنە 4ۋە5 يىلدىن كېيىن بىزدە ئوتتۇرا ۋە ئالىي تەربىيە كۆرگەن بىر نەچچە سىياسىي ئەرلەر، دوختۇرلار، ھۈنەرۋەنلەر، ئېھتىمال، بىر نەچچە مۇئەللىملىرىمىزمۇ يېتىشەر. بىراق بۇلار بىلەن يەنە بايىقى قالتىس ئېھتىياجىمىز قاپلانمايدىغۇ دەيمەن. سەۋەبى، بىر مىللەتنىڭ مائارىپلىق مىللەتلەرنىڭ قاتارىدا سانىلىپ، ئۇلار ئوخشاش ئۆزلىرىنى بوزەكلىكتىن ساقلاپ ئۆتۈشى ئۈچۈن پۈتكۈل ئاھالىسىنىڭ ھېچ بولمىغاندا باشلانغۇچ رەۋىشتە بولسىمۇ ساۋاتلىق بولۇشى شەرت. مانا شۇ پۈتكۈل مىللەتنى ساۋاتلىق، مەرىپەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئەڭ بىرىنچى كېرەك نەرسە يۇرت

202

لاردىكى بىرىنچى باسقۇچ مەكتەپلەر ۋە شۇندا تەربىيە كۆرىدىغان ياش ئۆسمە بالىلاردۇر.

ئەمسە، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەر ۋە تەربىيە كۆرگەن بىر نەچچە كىشىلىرىمىز بىلەن بىزنىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىمىز قاپلانمايدۇ؟ ھېلىقى ئوتتۇرا ۋە ئالىي تەربىيە كۆرۈۋاتقان بىر نەچچە بالىمىزنى تارانچىلارغا قاراپلا كۆمۈنىشكە مۈمكىن، بولمىسا ئۇلار مىلليونلاپ ساناقلىغان ئۇيغۇر مىللىتىگە نىسبەتەن ھەم ئۇلارنىڭ مائارىپقا بولغان ئېھتىياجىغا باققاندا، "سەي" ئەمەسلىگى بەلگۈلۈك. دېمەك، ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ جاھالىتىگە دال بولالمايدۇ. ئەمدى قاراڭ، بايىقى ئەڭ مۇھتاج بولغان يۇرت لاردىكى مەكتەپلىرىمىزگە.

يۇرتلاردىكى مەكتەپلەرگە كەلسەك، ئىشىمىز زادى روناق ئەمەس. قەيەرگە قارىساق، قايسى يۇرتقىلا باقساق تەرتىپلىككىنە بىرمۇ مەكتەپ كۆرۈنمەيدۇ. غالجات ئوخشاش خەلقى كەڭرى، چوڭ يۇرتلاردا مەكتەپ يېشىدىكى 3ۋە4 يۈز بالا مەكتەپ كۆرمەي، ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى بىكاردىن زايە قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. يالغۇز غالجاتلا ئەمەس، بەلكى قەتمەن بولۇسىدىكى بارلىق يۇرتلار، توغرىسىنى ئېيتسام، پۈتكۈل ئۇيغۇرىستان ئەينى ھالدادۇر.

بوۋىلىرىمىز ″ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات″ دېگەن ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ھەم بوزەك بولماي، ئەل قاتارى ياشاش ۋە تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن ھەر يۇرتتا بىردىن تەرتىپلىك بىرىنچى باسقۇچ مەكتەپنى داۋام قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

قىسقىسى، بىزنىڭ دۇنيادا ئەل قاتارى ياشىشىمىز شەكسىز. موشۇ تەجرىبىلىك ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ داۋامىغا باغلىق بىزنىڭ ھەر يۇرتتا بىردىنلا ئىپتىدائىي مەكتەپنى داۋام قىلدۇرماي، يۇرتلاردىكى ئوقۇش–ئوقۇتۇش ئىشى مىزنىڭ بۇ تېرىقە ئاقساپ تۇرغىنى كەمبەغەل بولۇپ مەكتەپنىڭ ئېقىم–چېقىمىنى كۆتىرەلمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ ھىممەتسىز، ھورۇنلۇغىمىزدىنمۇ دەپ ئويلايمەن. ھىممەت قىلسا ۋۇجۇتقا چىقمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ ئەرنىڭ ھىممىتى تاغنى كېسىدۇ: ھىممەتلىك ئەرگە دەريا تىزۋۇقتىن دەپ، يالغۇز ھىممەت، ئىجتىھات، غەيرەت لازىم.

ئۇيغۇرىستاندا بولسا مۇنداق تەرتىپلىك مەكتەپ ئېچىشقا ھۆكۈمەت ھەم ئۆلىما– ئىكراملار رۇخسەت بەرمەيدۇ. شۇ
203

نىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇرستان ياشلىرىنى بۇ توغرىدا ئۆزۈرلۈك كۆرۈشكە مۇمكىن. لېكىن بۇ توغرىدا بىزنىڭ ياش ئىشلەمچىنىڭ ھېچ بىر تۈرلۈك سۆزلىرى بولمىسا كېرەك، بولسىمۇ قوبۇل قىلىنماس. بۈگۈن بىزنىڭ نۆۋەتتىكى مەسىلىمىز ھەر يۇرتتا تەرتىپلىك ئىپتىدائىي مەكتەپلەر ئېچىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ھەر بىر ئۇيغۇر ئىشلەمچىسى موشۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىسىنى بەجا قىلىشقا ئالدىرىشى لازىم!..

ئۇيغۇر بالىسى

1923–يىلى دېكابىر

″كەمبەغەللەر ئاۋازى″ 16–سانى

نازۇگۇم

نازۇگۇم كىمدۇر؟

ئى

نازۇك غۇلجا شەھرىگە يېقىن يۇرتلارنىڭ بىرىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇر ئاتالغان تارانچىنىڭ بىرلا قىزى ئىدى. ئۇ ئوماق قىلىغى، سۈچۈك تىلى، شېرىن سۆزى، ئەلتەك يۈرۈشى بىلەن ئائىلىسىنى ئۆزىگە ئامراقلاندۇرغان بىر ئائىلىنىڭ ئامراق ئەركىسى ئىدى.

ئۇيغۇر تاغا ئۇبدانلا دەۋلەت ئىگىسى، مالدار كىمسە ئىدى. بۇنى تارانچى مىڭغارما دېيىشەتتى. ئۇيغۇرنىڭ مالچىلىرى تاران، قالماقلاردىن ئىبارەت ئىدى.

ئۇيغۇر كىشى كۈنلىرى جامائەتتىن ئاجرىماس ئۈچۈن مەلىدە قىشلىمىسا، ياز كۈنى تېرىلغۇ ۋاقتىدا جامائەت ئوقەتكە كېتىپ، مەلىدە ئىشقا يارىماس قېرى–چۆرى كېلىشىنى ئېتىۋارغا ئېلىپ، پۈتۈن ئائىلە، بالا–جاقىسى بىلەن يايلاققا چىقاتتى. مەلىگە يالغۇز سونىڭ مىياۋى كەلگەندىگىنە كېلىپ كېتەتتى.

ئۇيغۇرنىڭ ئائىلىسى تۆرت جاندىن ئىبارەت بولۇپ، نازۇگۇمدىن چوڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ ئۆز دېمەتلىكلىرى ۋە بەگلەرنىڭ، بايلارنىڭ بالىلىرى پۈتكۈل ئۆمرىنى شەھەردە ئويۇن–تاماشە، مەشرەپ، بەزمە بىلەن ئۆتكۈزگەندە، ئۇلار
204

غا قوشۇلماي، تاغ–قىيا ئېچىدىكى تەبىئەت كۆركىنى تاماشا قىلىپ يۈرۈشنى مىڭ ھەسسە ئوبدان كۆرەتتى.

ئۇيغۇر تاغاي ئادەتتىكچە نورۇز ئېيىنىڭ ئايغداراق كۆكلەككە چىقتى. بۇلارنى قش بويى كۆرۈشكە تانسقىپ تۇرغان مالچىلىرى خوشال –خوراملىق بىلەن قارشى ئالدى.

"ئۇيغۇر" تاغا جۇسۇن ئىنى بىر كۆرگەن كىشىسگە ئوخشاتقان، لېكىن خاتىرىگە كەلتۈرەلمىگەن ئويناقلىغان، شايران بىر يىگىت ئىجىلسىرىگەن ئوخشاش كۆچ ئارىلاپ يۈرۈپ، نازۇگۇمنى ئۇچرىتىپ:

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى؟ خويما سېغىندىم مەن سېنى،

سەن نە يېرىڭدە سېغىندىڭ؟ مەن جىگەرىمدە سېنى.

دەپ، ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىدىن تۇتۇپ، يېتىلەپ بېرىپ، تۇشكۇن ئوتلاققا چۇشەردى.

بۇ چاغدا ئۇيغۇر تاغا ھەيران بولۇپ تاڭ قېتىپ تۇراتتى، نازۇگۇم سۆزگە سىلىق چېچەن قىز ئۇچۇن:

سەن مېنىڭدىن سورمىغىل، كۆرگىل چىرايىمدىن ئۇنى،

سەن مېنىڭ باقىيم بولساڭ، دەردىمنى بىلگەنىڭ قېنى؟

دەپ، چىن ئامراقلا ئۇچۇن بىر–بىرىنىڭ، چىراي ۋە ئۆڭلىرىنى كۆرۈشنىڭ يەتگۈسىنى كىنايە بىلەن ئۇقتۇردى. بۇ ئۆتكەن يىلدا ئۇيغۇر تاغىنىڭ يايلىغىدا دادىسى بىلەن بىر نەچچە كۈن مېھمان بولۇپ، نازۇگۇم بىلەن ئويناپ يۈرۈشۈپ، ئىككىسى ئۆمۈرلۈك جورا بولۇشقا ۋەدىلەشكەن باقى يىگىت مۇ ئۆز دىلبىرى بىلەن بىرىكىپ، كەلگۈسى ياز، گۈللەر توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ مالچىلىرى نازۇگۇم ھۇزۇرىغا بىر بىردىن كېلىپ، ھاردۇق سورىشىپ ياندى. مالچىلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ چىرايىدىن خۇشاللىق بەلگىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھادۇقچىلار ئۆگۈچە كېلىپ بولغاندىن كېيىن، باقى يىگىت، نازۇگۇم كۆكۈل ئاچماق ئۇچۇن قىرغا چىقىپ كەتتى. بۇلار غەمسىز يۈرەتتى. كەچقۇرۇن قوي كەلگەندە قويچى يېڭى مېھمانلارنى كۆرۈپ، تولا شاتلاندى. ئۇيغۇر تاغا، ئايىم ئايلام، پولات ئۇكاملاردىن ھادۇق سوراشتى، لېكىن ئارزۇلۇغى بولغان نازۇگۇمنى ئۇچراتمىدى. نازۇگۇم بولسا ئامرىغى بىلەن ئويناتتى... بىراق نازۇگۇمنى كۆرۈشكە تەشنا بولغان ئاشنا قويچى نازۇگۇم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، موشۇ ناخشىلارنى ئېيتىپ مۇڭلاندى:

(نازۇگۇم ماقامىغا)

205

ئالتاي باقتىم قويۇڭنى، بىر كۆرمىدىم بويۇڭنى،

بىر كۆرمىسەم بويۇڭنى، بۆرى قىرسۇن قويۇڭنى.

قويچى بولماس ئەر ئىدىم، قويچى قىلدىڭ سەن نازۇك!

دوقنى بىلمەس ئەر ئىدىم، دوقچى قىلدىڭ سەن نازۇك!

قايناپ تۇغان قايىنامغا، قارماق سېلىپ باققان يوق،

ئالتاي يۈرۈپ ئارماندا، بىر بويۇڭنى كۆرگەن يوق.

تال بويۇڭنى كۆرۈشكە قويچى ئاكاڭ ئارماندا،

نازۇگۇم دەپ ئىستەيدۇ، دەرتلىك كۆڭۈل ئارقاڭدا.

ئىئى

ھاۋا ئوچۇق، كۈن ئادەتتىكىدىن ئوشۇغلاق نۇرىنى چېچىپ، كەلگۈسى ۋەقەگە يايلاق خەلقىنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىۋراق قاراتماق ئۇچۇن كۆزلەرنى چېقىلدۇرۇپ تۇراتتى. ھايۋانلار كەلگۈسى ۋەقەنى سەزگەندەك، بۇقىلار ئازناپ، تۆگىلەر بوزلاپ، قوي–قوزىلار مەرەپ، ئايغىرلار كىشنەپ، يايلاق ئىچىدە بىر ئويناقلىق باشلانمىش ئىدى، ئىشتلارنىڭ ھۇۋ لىشىدىن "مۇنەججىم بوۋا" ئاغىسىز بىر ئىشنىڭ ئۇچۇر كەلگۈسىنى، يەنى يايلاق ئىچىدە بىر غەنىم بولغۇسىنى بىلىپ، بۇنى ئۇيغۇر تاغامغا ئەيتىشتىن ئەيمىنىپ،

بۇرۇقتۇم بوپ تۇراتتى. ئۇيغۇر ئاكام بولسا دۇنيادىن بىخەۋەر ئائىلىسى بىلەن شات ئىدى. گويا بۈگۈنكى كۈننىڭ كۈندىكىدىن نۇرلۇغراق بولۇپ، يايلاقنى نۇرغا غەرق قىلىپ، مۇڭسىز ئائىلىسگە سېپىلگەن نۇرلىرنى ئۇيغۇر ئۆزلىرىنى يېڭى قونۇشلىرى بىلەن قۇتلىغاندەك كۆرەتتى. سۇلارمۇ ئادەتتىكىدىن ئۈنلۈگرەك شاقىراپ، سۇ بويىدا گۈللەر ئۈستىگە چۈشكەن ئالماس مۇندىلاقلىرى ۍ جۇلا كۆزلىرنى قاماشتۇرۇپ، ۋاللىداپ تۇراتتى. گۈللەر ھەم تۈرلۈك گىيا خۇش پۇراقلىرىنى كىملەرنىڭدۇ دىماقلىرىغا يەتكۈزۈپ، ئۇ يەر دە مەڭگۈلۈك يادىكار قىلدۇرۇشقا ئالدىراتتى.

خۇلاسە، بۈگۈن ھەر نەرسە ئۆزگەرگەن: ھەر نەرسىدە پەۋقۇلاددە بىر ئوخاقلىق بار ئىدى. تەبىئەتنىڭ ئەركە بالىسى تاران قىزى نازۇگۇممۇ بۈگۈن ئادەتتىكىدىن تاشقىرى ياسانغان ئىدى. ئۇ نازۇگۇمنىڭ سۇمباتلىغىنى تېخىمۇ ئىل لىقلاندۇرۇپ، يەلپۈنۈپ تۇرغان سۇمبۇل ياڭلىق قارا چېچى،
206

قاش ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان يارىشملىك كوكۇلى، چوكانلارنى دوراپ، ئىككى ياڭغىغا سېلىندۇرغان چىرايلىق سېكىلگى، ئەركەكلەرچە يۈرۈش—تۇرۇشى نازۇگۇمنى تېخىمۇ نازۇكلاتقان ئىدى. بۇلار ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئاكىسى بىلەن بۆلجۈرگەن تېرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. بۇلار يايلاق ماڭلىيىدىكى ئۇچما ھاڭ، قىيا تاشلىق خادا تاشلاردىن ئۆتۈپ بۈك جاڭگاللارنى ئارىلاپ، بۆلجۈرگەنلىك كۆك دەپسەنگە يەتتى. كۆك دەپسەنمۇ تەبىئەت قولى بىلەن ياسانچۇق قىز ئوخشاش ياسانغان ئىدى. كۆك دەپسەننى چۆگۈلەپ تۇرغان شانلىق ئېگىز تاغ، ئاسمانغا تاقاشقان كۆپكۆك رەڭمۇرەڭ تاغ گۈللىرى قاش ئۈستىگە قىسقاندەك، تاغ —قاپتال ۋە ئېتەكلىرىنى كۆركەملەندۈرۈپ، بېزەپ، تاغقا باشقىچىلا لەتاپەت بەرگەندەك. كۆك دەپسەن يۈزىنى قىپقىزىل بۆلجىرەپ تۇرغان بۆلجۈرگەنلەر زىننەتلەپ، تەبىئەتنىڭ بارلىق كۆركىنى موشۇندا كۆرستىشكە تىرىشقاندەك كۆرۈنەتتى، خۇ لاسە، بۇلار كۆك دەپسەندە مۇڭسىز، ئېغىناپ، بۆلجۈرگەنگە ئامراپ كەتتى. بۆلجۈرگەن تەرمەكتەلەر ئىدى... ئۇچالىق—تىنالىق بۇ تەبىئەت ئەركىلىرىنى يوچۇنسىنىپ، سولۇنقاپ ، چۆگۈلەپ، ئەگىپ يۈرمەكتە ئىدى. بەزى بىر قۇشلار نازۇگۇمنى زىلۋا تال گۈلگە ئوخشىتىپ، قونماقچى بولغانلىرىدا، ئۇنىڭ مىدىرلىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇچۇپ كېتەتتى. لېكىن ئالا يېشىل تاغ كېپىنەكلىرى غولغا تولۇق پاتماي، يەلپۈنۈپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلارغا بىر قونۇپ—ئۇچۇپ، ئاۋايلاپ پۈرىغاندەك قىلىپ يۈرگىنى بەلگىلىك ئىدى. كېپىكلەرمۇ بۇ جۈسۈننى جان ئېگىسى، ياكى تاغ گۈللىرىدىن بىرىگە ئوخشى تالماي، ئاڭقىرىشتىن ئاجىز بوپ تۇراتتى. بۇ 8 ملىڭ ئائىلە تارانچىدىن يالغۇز ئەلۋەك تۇرۇش، ئەركىن يۈرۈشنى خاتىرىدىن چىقارماسلىق ئۈچۈنلا قالدۇرغان تەبىئەت سوغىلىرى ئالەيتەن ئەركىلەر، ماندىاپ ۋىقار بىلەن شاقىراپ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق بويىغا چۈشۈپ ئولتاردى. بايىقى كېپىكلەر بۇلارنىڭ تاغ گۈللىرى بولماي، جان ئېگىسى ئىكەنلىگىنى ئاڭقارغان بولسىما، ئۇلارنىڭ ئىللىق چىراي—شەكلىگە مەپتۇنىيەتتىن زىيان—زەخمەت يەتمەسلىگىنى بىلىپ يېقىنلىشىپ، كونا دوستلار ئوخشاش ئىجىل بولۇشۇپ كەتتىلەر. كېپىكلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئوينارلار ھەممە كۆزلەر بىربىرىگە ئوخشاش ئىدى. توغرىسى؛ كۆك دەپسەندە ئەركىنلىك، ئىجىل
207

لىق، ئەمىنلىك ئىدى. بۇندا ھەر نەرسە ئاۋۇن، ھەر نەرسە ئەلۋەك، تەبىئەت بارلىق نەرسىنى تەل—تۆكۈز مەشەدىكلەرگە يەتكۈزگەن ئىدى. ئاغناق تۇرمۇش، ئامراق يۈرۈش بۇ يەردىلا ئىدى.

كۆك دەپسەننىڭ ھاۋاسىمۇ ئۆگۈتتەك ساپ، تازا ئىدى... تاغ كەينىدىكى بوزەكلەرنىڭ ئىچىدىن چىققان، ئاھ—ۋاھ بىلەن بۇزۇلغان دەدىسەلىك ھاۋا مۇندا يوق ئىدى. زۇلۇم، جەۋىر، ۋەھشەت كەبى ئىنسانلارنىڭ

جىگەرنى ئەزگۈچى دەدىسەلەردىن كۆك دەپسەن ھاۋاسى تازا ئىدى. لېكىن ئىنسان قېنىغا ئۇسسۇغان ۋەھشىي مانجۇر-ختايلار بۇ ئەمىنلىك يۇرتقىمۇ بايىقى دەدىسەلىك بۇزۇق ھاۋاسىنى ئەۋەتىپ، مۇندىكى ھاۋانى بۇلگاشنىڭ پېيىدا ئىدى... مانا شوخ ئاھۇ باللىرى، كېيىكلەر بىر نەرسىدىن چۆچۈپ، چۆرىلىرىگە غىلام-غالام قاراپ، نېمىنىدۇر ھىدىنى سېزىپ، ئورغۇپ-سەكرىشىپ، قېچىشقا باشلىدى... كۆك دەپسەن ھاۋاسى بۇزۇلغان، شامال نەلەرد ن بىر تۇرلۇك قاڭسىق پۇراقنى كەلتۇرۇپ، ساپ كۆڭۈللەرمى بۇلغاپ، ئەنسىرەش سالدى. مەخمەل كەبى كۆك دەپسەننىڭ يېنىدا ھەر تۇرلۇك نازۇ-نېمەتلەرگە چۆكۈپ، تويۇمسىرىغان بوپ، ئېزىقشىپ يۇرگەن ئۇچالىق، تىنالىقلانىڭ بارچىسى قىران-قىياق بوپ توزدى، دېمەك، ئېگىز تاغ بېشىدىكى قاراتمىدا تۇرغان ئوچىلار تاران ئەركىلىرىنى تۇتقان ئىدى. تەبىئەت تامانىدىن سوغا قىلىنغان ئۇيغۇر ئەركىسى بۇ كۈن تۇتقۇن، تاران ئەركىنلىگى ۋە ئەركىلىگى ئۈچۈن بۇ كۈن ئاداققى كۈن، ئاداققى دەقىقە ئىدى... ئوچىلار غۇلجىدىن چىققان دارىنىنىڭ نۆكەرلىرى ئىدى. ئوچىلار بۇ ئۇلجىلىرىغا تۇمەن مىڭ كېيىك ئاتقاندىن ئوشۇغراق شاتلاندى. نازۇگۇمنى بىر لاۋلاق قالماق مىنگەشتۇرۇپ ئېپ ماڭدى. بۇنى ئۇ ئۆزىگە سۇۋغا قىلىشقا ئويلاندى. ئاغىسنى ياياق ھايدىدى. بۇلار كۆرۈنگەن ئېگىز تاغنى ئېشىپ، ئۇلۇغ سۇ بو يىدىكى ئوتاقلىرىرا يەتتىلەر. ئوتاق خەلقى كۈتۈلمىگەن قىممەت ئولجىلارنى كۆرۈپ، قىن قىنىغا پاتمىدى. بارلىق قالماقلارنىڭ كۆزى نازۇگۇمدا. كۆڭۈللىرى بۇ قىممەت باھا ئولجىنىڭ كىمنىڭ نېسىۋىسىگە چۈشۈشىدە ئىدى. بۇ چەتتە قالغان بىر يولداشلىرى يانغاندا يۈز بەردى. ئەندىكى مەسىلە ئولجا بۆلۈشۈش مەسىلىسى ئىدى. ھەممىسى نازۇگۇمنى نېسىۋە قىلىشقا تىرىشاتتى. چەك سالدى. چەك

208

بىر دۆترەك قالماققا چىقتى. بۇڭا رازى بولۇشماستىن تالاشتى... قانلار تۆكۈلدى، باشلار يېرىلدى... قوللار سۇندى... تۇغۇلۇپ مۇنداق ۋەھشىيەتلىكنى كۆرمىگەن ئۇيغۇر ئەركىلىرى تۇتقۇن كېيىكتەك مۆلدۈرلەپ تۇردى... قانلار ئىچىدە بۇلغىنىپ، ئىڭراپ ياتقان بىر قالماق مۇنداق تالاشقاندىن بۇنى دارىنغا سوغا قىلايلى دەپ ۋاقىردى. ھەممىسى ماقۇل دىدىلەر. بىراق بايىقى لاۋلاق ئۇنىمىدى. يەنە تالاش... سوقۇش... لاۋلاق ئۆلدى، قالغانلار ئىتتىپاق بىلەن قىزنى دارىنگا سوغا قىلماق بولدىلەر. ئوغلان لاۋلاق ئائىلەسىگە بېرىلدى... كۆپنى كۆرگەن، قانچە تارىخىي ۋاقىئەلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگ ë ن ئۇيغۇرلارنىڭ، مۇ قەددەس تېغى ۋ خانتەڭرى بۇنچە ۋەھشەت، زۇلمەت ۋە تۇتقۇنلۇقلارغا جانسىز شاھىت بولۇپ قالدىلەر!.. نازۇگۇم ئەمدى كەتكەن ئىدى!.. ئېجىلسىرىگەن كېيىكلەر تەلمۈرۈپ قاراپ، ئۆزىتىپ قالدى.

كۆزلىرى ياشلىق ئىدى. قالماقلارنىڭ بەت قىلىغىدىن رەت بولغان ياش ئۇيغۇر قاڭغىر قاخشاپ، ھۆكۈرەپ، ھۆڭگۈر- ھۆڭگۈر يىغلىغان ئىدى. بۇ كۈن ئۇيغۇر باللىرىنىڭ، ئەلۋەك تۇرۇشى، ئامراپ يۇرۇشىگە خاتىمە چېكىلگەن. ئۆتكەن ئازادلىق كۈنلەرنىڭ يالدامىسى بولغان ئىككى نەپەر ياش ئۇيغۇرمۇ ئاسارەت ئىلكىگە چۈشكەن كۈندۇر. بۇنىڭغا پۈتكۈل ئۇيغۇرستان بارلىق ئۇيغۇر ئاجۇنى قاڭغىر قاخشىسا ئەرزىيدۇ. بۇ ياش ئۇيغۇرلارنى قانخور ۋەھشىلەرنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلدۇرماق ئۈچۈن پۈتكۈل ئۇيغۇر ئاجۇنى قوزغىلىشى لازىمدۇر. قوزغال ئۇيغۇر ئاجۇنى! ئازاتلىق ئىلكىگە. تەلمۈرەتمە ئۇلارنى!

ئىئىئى

چۈش مەزگىلى ئىدى. ئۇيغۇرنىڭ خوشنا-خولۇملىرىنىڭ، ھەممىسى ئۆيلىرىدە ئىدى. بۈگۈن ئۇيغۇر تاغاي ئاقچىراق قىلىپ، ياغبۇنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن خوتۇنى شۇنىڭ ھازىرلىغىنى كۆرمەكتە ئىدى. ھەممە ئۆيلەردىكى پاراڭ ئاقچىراق توغرىسىدا ئىدى. مۇنەججىم بوۋا خوتۇنى بىلەن شۇ توغرىلىق گەپلىشىپ ئولتۇرۇپ، سۆزدىن سۆز چىقىپ: "بۈگۈن بىزنىڭ يايلاقتا بىرەر شۇملۇق غېنىم بولمىسا ياخشى ئىدى. ئىشت

لارنىڭ ھۇۋلىشىدىن قورقىمەن. بۇرۇنقىلار ئىشت ھۇۋلىسا ئۈركىنچىلىك ياكى چېپىندى بولىدۇ دەيدىغان. بۇرۇنقىلارنىڭ سۆزى كىتاپ سۆزىگە ئوخشاش ئۇچۇر كېلىدۇ. مۇنداق ئىشلارنىڭ تولىسى چىراقلارغا پات–پات ئوت ياقمىغاندىن كېلىدۇ. بىزنىڭ يايلاقتا ھېلىغىچە ياغبۇنى، ئاقچىراقلار نى ھېچ كىم ئۆتكۈزمىدى. بۈگۈن چۈشتە ئۇيغۇرلار ئۆتكەزگىدەك. باشقىلارمۇ بۈگۈن–ئەتىدىن قالماي ئۆتكۈزۈۋەتسە ياخشى بولاتتى. بېشىغا ھەر بالا كەلسە ئۆز خۇي–پەيلىڭدىن كۆر دەپ، ھەر ئىش ئۆزىمىزدىن بولىدۇ. چېرىكچىلارمۇ بىز دىن ئۆتمەي تۇرۇپ، بالا–قازانى ئەۋەتمەيدۇ″،ې دەپ سۆزىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ، موما ياغاچتا ئولتارغان سېغىزغان شاراخلاشقا باشلىدى. مۇنەججىم بوۋا سەسكىنىپ كەتتى. ″يا، غوجام، بۇ قانداق ئىش؟ توختا، خوتۇن، مەن ئۇيغۇرلارغا باراي. ھېچ بولمىسا، ئۇلار بولسىمۇ پاتراق ئۆتكەزسۇن″،ې دەپ چىقىپ كەتتى. مۇنەججىم بوۋا بارغاندا ئۇيغۇر خوتۇنى بىلەن باللىرىدىن ئەنسىرىشىپ، ۋايىمدا تۇراتتى.

ې بوۋا، باللا كۆرۈنەمدۇ؟ې دىدى ئۇيغۇر.

بوۋا ئەندى ئەندىكىپ:

ې ئۇيغۇر، ھېلى بىر خوۋۇپلۇق بار. قاراڭلا سېگىزغان شاراخلايدۇ. بۇ بىر نەرسىنىڭ ئايغاقچىسى، باللارنى بېكار ئەۋەتىپ قويۇپسىلە، ئۇلارغا بىر غەنىم بولمىسا ياخشىدىغۇ. نەزىر–چىراقلارنى پات–پات ئۆتكۈزۈپ تۇمىغاندىن كېيىنلا شۇ. ″بالا–قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت–قولى ساڭگىلاپ″،ې دەپ بېكا ئېيتامدۇ؟ېدەپ ئۇلارنى جېمىلەپ

دۈشكەللىدى.

ې قويساڭ، تاغا! سېغىزغان شاراقلىسا نېمە بولغۇسىدى″،ې دىدى ئۇيغۇرنىڭ خوتۇنى.

ې ھە، ئۇكام! سەن خوتۇنلىق قىلسە، بۇرۇنقىلا بىلمەي ئېيتمايدۇ، پاتراق بۇنىڭ بىر ئاغىسىنى قىلىش كېرەك،ې دىدى.

پاراڭغا قوشۇلماي، شۈملىنىپ تۇرغان ئۇيغۇر: ″خوتۇن، ئانداق بولسا ھېلىقى بالاڭنىڭ ئەڭلى–ئاياقلىرىنى قارىنىڭ باللىرىغا سادىغام قىلىپ بەگىنە! كۆڭلۈم ئەنسىرەپ، ئۆمسە بوپ تۇرىدىغۇ″،ې دىدى ئۇيغۇرنىڭ خوتۇنى بۇلارنى قارىنىڭ باللىرىغا ئاپىرىپ بەردى. قارىنىڭ خوتۇنى



ئۇيغۇرنىڭ باللىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر، ئېغىر دۆلەت تىلەپ، ھالقىپ قالدى.

ئۆڭگۈرلار ئالدىراشلىق بىلەن ياغبۇنى ئاقچىراق ئۆتكەزدىلەر. نازۇگۇملار كەلمىدى. يايلاق خەلقى بۇلارگا بىر غەنىم بولۇشىدىن قورقۇشۇپ ئەنسىرەشتى، ئىستەكچىلەر ئاتلاندى. ئۇيغۇر دەستەكچى تورۇقنى مىنىپ، باللار ماڭغان تاققا قاراپ كەتتى. كۈن كەچ ۋاقتى ئىدى. ئەتىگەنلىكتە بارچە جانىۋارلارنى ئويختىپ، يايلاق ئىچىگە بىر ئويغاقلىق، سەگەكلىك بەخش ئەتكەن بارچە نەرسىلەرنى پاقىرتىپ، بارلىق كۆزلەرنى چېقىلدۇرۇپ، قاماشتۇرۇپ، بارلىق ئاجۇنى ئۆزىنىڭ نۇرلىرىغا غەرىق قىلىپ تۇرغاندەك كۆرەڭلىگەن كۈن ھازىر قانغا بۇلغانغان بوزەكلەر ئوخشاش، قىپقىزىرىپ، ئەتىگەنكى قىلىغىغا ئۇيالغاندەك. بىراق، ئامالسىز تەبىئەت ئەركىگە بويۇن ئېگىپ، قىزارغاندىن قىزىرىپ، يايلاق خەلقىدىن تاغ كەينىگە يوشۇرۇنۇشقا ئالدىرىغاندەك، ئال دىراشلىق بىلەن تۆۋەنلەپ كېتىپ باراتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مۇقەددەس تېغى خاڭتەڭرىنىڭ كۆكلەگە تاقاشقان قارلىق باشلىرى ھەم بۈگۈنكى ۋەھشەت، زۇلمەت ۋە تۇتقۇنلۇقلارغا جانسىز شاھىت بوپ تۇرغىنىغا گويا ئۇيالغاندەك ئۇلتىرىپ كېتىپ بارغان كۈن شولىسىلا قىزىرىپ–تاتىرىپ تۇراتتى. قىسقىسى، ئەتىگەنكىگە باققاندا، تەبىئەت

ئۆزگىرىپ، ئۆزگە ۋەزىيەت ئالغان، ھەممە نەرسە بۇگۈنكى ئىشقا شاھىت بولۇشتىن قاچقاندەك، ئىستەكچىلەردىن يوشۇرۇنۇپ، قاراڭغۇلۇق پەردىسى بىلەن مەستۇر بولۇشقا ئالدىراتتى... لېكىن شەرقتىن يېڭىلا بېشىنى كۆتىرىپ كەلگەن ئاي قارا بۇلۇت كەينىگە دالداقاپ، چۈمپەردە ئارقىسىدىن تەلۋە يىگىتلەرنىڭ قىلىقلىرىنى سىنچىلاپ تۇرغان قىز بالىدەك، خان تەڭرى ۋە باشقا شاھىتلارنىڭ قىلىقلىرىنى سىنچىلاپ ئويلارمۇ: سىلەرنى ئىستەكچىلەرگە كۆرسىتىپ ئۇيالدۇرايمۇ؟ دېگەندەك، بۇلۇتتىن غىل-پال قىلىپ كۆرۈنەتتى. ئىستەكچىلەر ھاۋانىڭ تۇتۇق، كېچىنىڭ قاراڭغۇلىغىغا قارىماي، تاغۇ-تاشنى ئاختۇرۇپ چىقتى. يوقلاردىن دېرەك بولمىدى. تاڭ يورۇشى بىلەن ئىزچىلەر ئىز چېلىشقا باشلىغان ئىدى. جانلىق-جانسىزلاردا تۈنۈگۈنكى ئوخاقلىق يوق، ھەممىسى ئۇخلاتتى. كۈنمۇ نۇرىنى چېچىشقا تارلىق قىلغاندەك، يۈزىگە خىرە كۆرۈندى. ئىستەكچىلەر ئۈچ كۈن، ئۈچ تۈن ئىستەپ تا

211

پالمىدى. يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئۇچرىدىمېكىن دېسە، نە بىر ئىز، نە بىر بەلگۈ يوق. ھەتتا بۇ كۆك دەپسەنلەرنىمۇ ئاختۇرۇپ ياندى. شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. ياش ئۇيغۇر بالىلىرى دېرەكسىز يوقالدى. بۇنى يايلاق خەلقى نەزىر-چىراقلارنى پات-پات ئۆتكۈزمىگەنلىكتىن كۆرەتتى. لېكىن ھەر كۈنى نەزىر-چىراقتىن ئاجرىمىغان ئۇيغۇرلار پاجىئەسىنىڭ ماشتاق ئەھۋالدا ئىكەنلىگىدىن يايلاق خەلقىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. ئايغاقچى سېغىزغان يۈرمەس ئىسسىق شەھەرلاردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ھالدا ئىكەنلىگىنى ھەم بىلمەيتتى.

بۇلار خىتايلارنىڭ يېغىن ياققانگا ئوخشاش يېغىپ تۇرغان بالا-قازاسىنىڭ ھەر كۈنى بىرىگە ئۇچرىشى تەبىئىي ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پالچىلارنىڭ ھەر بىر شۇملىنىشى كىتاپ سۆزى ئوخشاش ئۈچۈر كېلىپ تۇراتتى. گۆل تارانچىلار مۇنداق بالا-قازالارنى خىتايلاردىن كۆرمەي، ئۆزلىرىنىڭ گۇنا شۇملىغى، تەغدىر، خۇي-پەيلىدىن كۆرەتتى. زادى بىزنى قۇللۇقتا تۇتۇپ تۇرغان نەرسىنىڭ ئۆزى شۇ بۇزۇق ئېتىقاتىمىزدۇر.

ئۇ

غۇلجىنىڭ غەلۋىلىك بازىرى. قايناۋاتقان بازار خەلقى نېمىگىدۇر قالايمىقان بولۇپ، بىر ياققا قاراپ ئېقىشقا باشلىغان ئىدى. ھەممىسى بىر نەرسىنى كۆرۈپ قېلىشقا بىرىبىرىنى ئىشتىرىپ، يىقىتىپ دەسسەپ، چەيلەپ، ئىلگىرىلەيتتى. قىزىل-يېشىل كۆرمە كىيگەن يايى، ياساۋۇل، ئاتارمەن چاپارمەنلەر بۇ ئىنسان ئېقىنىنى توسماقچى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەمگەكلىرى، دېڭىزنى توختىتىشقا تىرىشقان مەجنۇنلارنىڭ ئەمگەكلىرى ئوخشاش بېكار بوپ تۇراتتى. بۇ ئىنسان قىيانى ئاققاندىن ئېقىپ، باسقاندىن بېسىپ، ھۇنۇز ئىلگىرىلەيتتى. بۇ ئىنسان ئېقىندىسىنىڭ ئالدىدا بىر نەچچە يورغىلارغا مىنگەن يولۇۋچىلار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا قارا يورغىغا مىنگەن، توگا-تورغۇلارغا پۈركەلگەن، پۈتۈن جۇسۇنى كېلىشكەن سۇمباتلىق بىر سىن بارچە كۆزلەرنى ئۆزىگە تىكلىدۈرگەن، ئۇنىڭ كەينىگە ئايلىنىپ بىر قارىشى بىلەن ئىنسان قىيانى جىمجىت بوپ توختاتتى. بارچىسى بىر

212

ئېغىزدىن: ئەينە شۇ، قاراڭلار، قالماقتىما شۇنداق جۇسۇنى كېلىشكەن چىرايلىق بولىدىكەن،ﯟ دېيىشىپ، ئۆز ئارا پىچىرلاشتى. بۇ چاغدا بارچە كۆزلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئۇستىگە تىكىلەتتى. لېكىن بۇ ئۇيغۇر ئەركىسى تۇتقۇن قىز ئىنسانلارنىڭ بۇنچىزا ئەگىشىپ، ھەممىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قارىشىدىن باشقا تۈرلۈك ئويلاپ، ئۇمۇنۇش خىياللارغا چۆمۈپ، مېنى بۇ ۋەھشىلەرنىڭ ئىلكىدىن قاچان ئازات قىلارسىلەر دېگەندەك، تۇتقۇن كېپىك بالىلىرى ئوخشاش، تەلمۈرۈپ-تەلمۈرۈپ قاراتتى. ئىنسان ئېقىنى ﯟ ئۇيغۇر بالىلىرى بۇندىن بېخەۋەر

ئىدى. ئۇلار بۇ چىرايلىق نازۇك ۋۇجۇتنى قالماق قىزى دەپ ئويلاتتى. نازۇك بولسا بۇ ئىنسان ئېقىننى ي يىغىننى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن، دەپ گۇمان قىلاتتى. چۈنكى نازۇكنىڭ ئويىچە، مۇنچە ئىنسان بېكاردىن بىر يەرگە يىغىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۇسۇسەن، بۇ ئىنسان ئېقىننى تەشكىل ئەتكۈچى ئادەملەرنىڭ بارچىسى ئۇيغۇرلاردىن بولۇشى، نازۇك قىزنى ئۆز خىيالىدا مەھكەم تۇرغۇزاتتى. بىراق بۇ ئىنسانلار تاشقىن سۇ باسقان قىياندەك دەۋرەپ بېسىپ كەلسىما، يولۇۋچىلارغا ئۈندەپ، توختاتقۇچى يوق ئىدى. نازۇك شۇنداق ئۈمۈنچاق، تاتلىق خىياللار بىلەن يۈرۈپ، تار دەرۋازىدىن كىرگىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. دەرۋازا شاپلا يېپىلدى. ئىنسان قىيانى خادا تاشقا ئۇرۇلغان سالدەك، كەينىگە ياندى. قىزنىڭ ئۈمۈنچاق خىياللىرى شامالغا ئۇچتى. هازىر بولسا قورغان ئىچىدە ئىدى. يولۇۋچىلار دەرۋازىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى جېسەكچىلەردىن ئۆتكەندە، قىزىل-يېشىل كۆرمە، گەنچەك كىيگەن يايى، ياساۋۇللار ئۇچراپ، ئاتتىن چۈشۈپ، تىز پۈكۈپ، ئۆزلىرىچە رەسمى يوسۇنلارنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئۇتتۇر كوچا بىلەن يول باشلاپ، ئېلىپ ماڭدى. بۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يولۇۋچىلارنىڭ باشلىغى زەڭگى بولغان ئوتاقلىق قالماق ئەڭ كەينىدىن قىزنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان ئىككى نەپەر قالماق ئىتتىك قەدەم بىلەن كېتىپ باراتتى. بۇلار شۇ يۈرۈشلىرى بىلەن كۈرە دەرۋازىسىدىن چىقىپ، باياندايغا يەتتى.

باياندای دەرۋازىسىدىن كىرىش بىلەن ئۇلار يەنە غەلۋىلىككە ئۇچرىدى، لېكىن بۇ غەلۋىلىك غۇلجىدا كۆرۈنگەن غەلۋىلىككە ئوخشىماتتى. بۇندىكى ئەھۋال باشقىچە ئىدى.



كۈللى تاغ، يايلاق، بەزەن سەرالاردا ئۆسكەن نازۇكقا مۇنداق سان-ساناقسىز خەلقنىڭ بىر يەرگە توپلىنىپ يۈرۈشى غېرىپ كۆرۈنەتتى. بۇ ئەھۋالغا ئەقلى هەيران ئىدى... يىراقتىن ئالماچ ياغاچلارنى كۆرگەندىن كېيىن يولۇۋچىلار ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ئاستا ماڭدى. تۇتقۇن قىز بۇلارنى ئەگىشىپ يۈرەتتى. بۇلار شۇنداق مېڭىپ، يامۇلغا يەتتى. يامۇل دەرۋازىسىنىڭ ئىككى يېقىدا ئىككى ئارسلان سۈرىنى كۆرسىتىپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. تامدا بىر ئەجدىها ئەتراپقا ئوت چېچىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ، قىزنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ دەھشەتلەندى. خىيالىغا هېكايىلەردىكى شەهەر خەلقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەجدىهالارغا قىز بېرىشلەر كەلدى. كۆز ئالدىلىرى قاراڭغۇلىشىپ، هېچ نېمىنى كۆرمەس بولدى. بۇلارنىڭ بىر هەيكەل، قۇرۇق بىر سۈرەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. بار ۋۇجۇدىنى دەهشەت، ئەيمىنىش بېسىپ، تىترەك بىر هالدا ئىچكىرى كىردى. بۇ يەر كەڭ بىر مەيدانلىق ئىدى. بۇ مەيداندا ئۇ ياق بۇ ياققا مېڭىپ تۇرغان كىشىلەر جىق بولسىما، تاشقىرىدىكى قالايمىقانلىق، تەرتىپسىز يۈرۈش-تۇرۇش يوق. مۇندا ئالايتەن بىر تەرتىپ، بىر رەسمىيەت كۆرۈنەتتى. مەي دانلىقنىڭ نېرى يېقىدا قات-قات دەرۋازىلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يولۇۋچىلار ئارىسىدىكى قىز قورقۇپ ئېسىنى يوقاتقان جانلىق هەيكەل بولۇپلا يۈرەتتى. يولۇۋچىلار بېرىپ، تۆرت ئىشىك ئالدىدا توختىدى. بۇلارغا يول كۆرسىتىپ كەلگەن يايى ئۇتتۇر ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كەتتى. يايى كىرگەن ئۆيدە چاڭلىق ئۈستىدە دارىن تەتەي بىلەن ئولتىراتتى. يايى باش ئۇرۇپ مۈرگى گەندىن كېيىن دارىن بېشىنى كۆ تىرىپ: "نېمە دەيسەن؟"ې دىدى. نۆكەرلىرىڭىز مونكو ناسىن يولداشلىرى بىلەن سىزگە كۆرۈنۈشكە كەپتۇ. هەمدە جانابىڭىزغا 9 قارا يورغا بىلەن بىر چىرايلىق قىز سوغا ئېلىپ كەلگەن"،ې دىدى. قىز دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ، كۆ رەڭلىگەنسىمان بولۇپ: "تەتەي، نېمە دەيسىز؟"ېدىدى. تەتەي كىرسۇن دەپ رۇخسەت قىلدى. يايى ئالدىراش خۇش خەۋەرنى ئېلىپ چىقتى. ئىلتىپات بولدى، كىرىڭلار!ېدىدى. مونكو ناسىن ئالدىدا، باشقىلار كەينىدە كىرىشتى. بۇلار دارىنغا باش ئېگىپ، ئۆزلىرىچە رەسمى-يوسۇنلىرىنى ئادا قىلدىلەر. قىز بۇلارنىڭ رەسمى-يوسۇنلىرىنى ئۇقمىغان

مۇ، تېپتېچ قاراپلا تۇردى. دارىن ئورۇن كۆرسەتتى، ئۇ تارتىنىپقىنا ئولتاردى، قالماقلار ھەممىسى ئۆرە قوپۇشۇپ، سوغىلىرىنى دارىنغا تەغدىم قىلدىلەر. دارىن خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. سوغىچىلارنىڭ ھەممىسىگە 9دىن توگا –تورغۇلانى ھەدىيە قىلىپ بەردىلەر. مونكو ناسىن بولسا ئالايتەن ماجان چوڭزىلىك بۆك بەردىلەر. بۇلار دارىنىنىڭ مەرھەمەت قىلىپ، سوغىلىرىنى قوبۇل قىلغىنىغا خوشاللىغىنى ئىزھار قىلدىلەر.

نازۇگۇم بۇگۈن سوغا تەرىقىسىدە دارىنغا ئۆتكەن ئىدى. دارىنغا نازۇك ئوخشاش سوغات ئۈچۈن كەلگەن قىزلار تولا بولسىمۇ، ئۇلارنى جارىيە تەرىقىسىدە ئاسراتتى. لېكىن نازۇكنىڭ سۇمباتلىق جۇسۇنى دارىنىنى ئۆزىگە تارتىپ، مەيىل قىلدۇرۇپ، ئامراق قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنى ياخشى كۆرۈپ، ئۆز يېنىدا تۇتۇشقا ئويلىدى. نازۇگۇمنىڭ ھېممىتىگە بىر مۇنچە قىزلارنى بېرىپ، ئۆزىنى ياساق بىر سارايغا كىرگۈزدى. شۇ كۈندىن تارتىپ، نازۇگۇم يەتتە قات ئۆي ئىچىدە بەند بولغان ئىدى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى سېغىنىپ، دەرتلىنىپ، ئاتا–ئانا، قەۋمى–قېرىنداشلىرىنى خاتىرىگە ئېلىپ، ھېمىشە مۇڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇخلىغاندا ھامان چۈش كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن بىللە يۈرەتتى. ئوخانغاندا ئۆز ماقامى بىلەن ماشتاق ناخشىلارنى ئېيتىپ، مۇڭلىناتتى.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى ھەم تۇمان بىلەن مانان.

چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ ھەم ئاتام بىلەن ئانام،ې

دەپ، دەردى–پۈغانلىرىنى باسماق بولاتتى. يەنى ناخشىسىدا ھاۋانى تۇمان بىلەن مانان بېسىپ، ئەرك–ئازاتلىق گۈلشىنىنىڭ يوقالغىنىغا بىنائەن تەلىيىنى بولجاش ھەم مۇمكىن ئەمەسلىگىنى ئىزھار قىلاتتى. دېمەك، ئۆزىنىڭ ئازات بولۇشىغا ئۈمۈتسىزلىگىنى ئوچۇق ئېيتاتتى. لېكىن كۆڭلى ھامان ئازات قىلغۇچى بىر ئەرنى، تاغ سۈيىنى لاي كۆرۈپ، سۈزۈپ ئىچكىدەك بىر نازۇك يىگىتنى ئىستەيتتى.

(نازۇگۇم ماقامىغا)

تاغدىن چۈشكەن ساپ سۇنى سۈزۈپ ئىچەر ئەر بارمۇ؟

نازۇك باشقا مۇڭ چۈشتى، ئېلىپ قاچار ئەر بارمۇ؟

قايناۋاتقان قازانغا چۆمۈچ سالسا بولۇرمۇ؟

بەگلەر ياتار قوينۇمدا كاپىر ياتسا بولۇرمۇ؟

215

تۆۋەن چۈشتۈم، ئېگىشتىم، ئالتۇن تاقام كۈمۈشتىن.

بۇ جانىمدىن ئۈمۈت يوق، ئىمان بەرسۇن بېيىشتىن.

تۆگىلەر ياتۇر ئويماندا، باش بويلاسى بوينىدا،

مەنمەن دېگەن نازۇكنىڭ كاپىر ياتۇر قوينىدا.

ھاۋا تۇتۇلۇپ چىقتى، قار–يامغۇلا ياققىلى،

قايداق چاغدا تۆرەلدىم، بار دەرد بولسا تارتقىلى،ې

دەپ مۇڭلىنىپ، مايۇسىيەت ئىچىدە ئۆزۈن خىيالغا تولغاندىن كېيىن، ئاستا كۈيلىمەستىن:

بۇلبۇل قۇشنى سولاپ قويسا ئالتۇن بالداق قەپەزگە،

كۆڭلى ئۇن لۇ ئارام تېپىپ، قاچماق ئويىن قويارمۇ؟

مۇڭلۇق بوغان غېرىب نازۇك ئامرىغىغا يەتمىسە،
نازۇك كۆڭلى ئامرىغىدىن بىر دەم نېرى بولارمۇ؟
نازۇك باشىنى تۇتقۇن قىلسا، كۆڭلى ئۇنىڭ تىنغان يوق،
ئامراق ئۇچۇن قۇرۇۋان بولسا، نازۇك باشتا ئارمان يوق.
شۇندىن بىر شوخلۇق بىلەن ئۆز ماقامىغا موشۇ ناخشىلىرىنى ئېيتتى:
دارىن ئۆيى زېنەتلىك، مېنىڭ يارىم سۆلەتلىك،
ئۇ باقىدىن باشقا يوق، نازۇك بىلەن ھەمدەرتلىك.
نازۇك كۆنۈل قىسلما، تۇتقۇن مەن دەپ پۇشۇنم ئا!
سېنىڭ ئەركىڭ ئۆزەڭدە، باقىڭ تۇرۇر سۆزىڭدە.
نازۇك ئۆزى تۇتقۇندا، باقى كۆيەر ئۇچقۇندا.
مەن نازۇكنىڭ دەردىدە، غېرىپ ئانام پۇشقۇندا ،
تۆگىلەر چاينار تال بېشى، بۇ جايىڭىز يار قېشى.
باقى يىگىت ئامراقىنىڭ نازۇك كۆڭلى سىردىشى،ې
دېگەن مۇڭ ۋە قايغۇ توشقان ناخشىلارنى ئېيتىپ ئاھۋاھلار بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. نازۇگۇمنىڭ نازۇك ۋۇجۇدى كۈندىن—كۈنگە ياداڭلىشىپ، نازۇكلىنىپ باراتتى. كۈنلەر، ئايلار، ھەتتا يىللار كۆچتى. مۇندىن خالاس بولۇپ قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى تېپىلمىدى. كۆڭلىدىكى دەردى— پۇغانلار دەقىقە ئۇزغانسېرى داۋالغۇپ باراتتى. چىراي كۆرۈپ، ھال سوراپ دەپ، نازۇگۇمنىڭ ئىچىدىكى دەرت—پۇغانلىرى چىرايىدىنلا بەلگۈلۈك بوپ تۇراتتى. دارىن نازۇگۇمنىڭ مۇنداق دەرت—پۇغان بىلەن يۈرۈپ، سارغىيىپ بار غىنىنى سېزىپ، مۇڭ—قايغۇلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن تالا تۈزگە چىقىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى. نازۇگۇم خىزمەتكار قىزنى ئەگەشتۈرۈپ، يامۇلغا چىقتى، ئۇ يامۇلنىڭ ھەر يې



قىنى دىققەت بىلەن كۆرۈپ، سىنچىلاپ يۈرەتتى. يولى گۇندىخانىگە ئېلىپ كەلدى. گۇندىخانا كۆرۈنۈشى نازۇگۇمنىڭ رەڭى—روھىنى ئۆچۈردى. بۇ چاغدا گۇندىخانىدا سوراق بولۇپ، گۇناكارلاغا جازا ئىجرا بولۇپ تۇراتتى. سوراقچىنىڭ ھەممىسى ئاچچىقچان، غەزەپلىك مانجۇر—ختايلار بولۇپ، گۇناكارلارنىڭ ھەممىسى بوزەك ئۇيغۇر باللىرى، تارانچىلار ئىدى. سوراقتا گۇناكارلارنىڭ بارچىسى قىيناققا ئېلىناتتى.

كۆرۈنۈش ماشتاق ئىدى. يۈزلەرچە مەھبۇسلار بىر يولى چىنە ئۇگاقلىرىغا تىزلاندۇرۇپ ئولتارغۇزۇلغان، ئۇلارغا مىدىراشقا رۇخسەت يوق، تىزلاردىن ئاققان قان ئەتراپ چۆرگە قىپقىزىل پەرەڭدەك يېيىلغان. شۇنداقلا يۈزلەرچە مەھبۇسلارنىڭ باشلىرىغا قىزىتقان چويۇنلار كىيگۈزۈلگەن، ئۇ بىر گرۇھقا قايناق ياغ چېچىۋاتقان، قايسلى رىنىڭ پەيلىرىنى كەسكەن، مىڭلارچە بوزەكلەرنىڭ پۇت قوللىرىغا كىشەن—كويزا سېلىنغان، شۇنداقلا بويۇنلىرىغا ئىشكىدەك، قوۋۇقلار، تۆمۈر زەنجىرلەر سېلىنغان، شۇندىكى موملارغا ئەللىك كاللا بىر يولى ئېسىلغان، بەزى بىرەۋلەرنى پالاق بىلەن ئۇرۇپ، ياماشلىرىدىن قان ئاققۇزۇۋاتقان. ئەندى بۇلارنىڭ قايسى بىرسىنى ئېيتاي! خۇلاسە، بۇ يەردە بارلىق ۋەھشەت ئىجرا قىلىنىپ تۇراتتى. بوزەكلەرنىڭ دات—پەريادى، ئاھۇ—زارلىرى كۆكلەرگە ئېشىپ، مەلەكلەرنىما ئىڭراتماقتا ئىدى. ئەلۋەتتە، مۇنداق مەلەكلەرنى

قاخشاتقان مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرۇش، تاقىتى بەشەردىن تاشقىرى ئىدى... تەبىئىيكى، نازۇگۇم ئۇششاق باللارچە ھۆكۈر– ھۆكۈر يىغلاشقا باشلىدى. تاماشىچى مانجۇر لويالىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئاغچىلىرى بۇ ۋەھشەتتىن لەززەتلىنىپ، قاقاخلىشىپ كۈلۈشكەندە، ئۇلۇق دارىن تەتەي نازۇ گۇمنىڭ ھۆكۈر ھۆكۈر يىغلىشى سولۇن بىر ئىش ئىدى...

بۇ ھال تاماشىچىلار بىلەن سوراقچىلارنى تاڭ قالدۇرغان ئىدى. بۇنى كۆرۈشكە كەلگەن ياش مانجۇرلارمۇ روھەن ئاغرىپ تۇراتتى. ئامما داغدالغان زالىملار لەززەتلىنەتتى. كوچىدىن قىيقاس–سۈرەن بىلەن يەنە بىر توپ بوزەكلەرنى ئېغىز–بۇرۇنلىرىنى قانغا بۇلغاپ، ھايداپ كىرىشتى. زىندانبەنلەر قوۋۇق، زەنجىرلەرنى ئەچقىپ، بۇلارنىمۇ باغلىدى... نازۇگۇم چىدىماي، بۇلار قايداق گۇ217

ناكارلار دىدى. سوراقچى ئالۋاڭدىن قاچقان تارانچىلار، دەپ جاۋاپ بەردى. بالدۇرقى گۇناكارلارنىڭ تولىسى شۇنداق ئالۋاندىن قاچقان ياكى ھوسۇل سېلىغنى بېرەلمىگەن بوزەك تارانچىلاردۇر. نازۇگۇم ئۆز ئۇدۇمنىڭ مۇنداق قانلىق پاجىئەلىرىگە شاھىت بولۇپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالماي، كىچىك بالا ئوخشاش، ئۆپكىدەپ يىغلاپ، يېنىپ كەتتى. بۇنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى دەھشەت قاپلىغان ئىدى. نازۇگۇم بالدۇر ئۆزىنىلا تۇتقۇن، باشقىلارنى ئازات ساناتتى. مۇنداق بارچە ئۇيغۇر ئۇدۇمنىڭ مەھكۇم مەزلۇملىغىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. بۇ كۈن نازۇگۇم خاپىلىغنى بېسىپ كۆڭۈل ئېچىش ئورنىغا، دەرت–ئەلەملەرنى ئاشۇرۇپ ياندى. ئۆز قايغۇلىرنى ئۇنتۇپ، ئۇلار ئۇچۈن ئاداشقا باشلىدى. گۇندىخانا مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. بۇنىڭ ئاھ–پۇغانلىرى زالىملار دۇنياسىنى ئۆرتەپ، بىر دەقىقە كۆيدۈرۈپ، كۈل قىلغىدەك يالقۇنلۇق بولسىمۇ، نېمە ئۈچۈندۇ زالىملار دۇنياسى ھونۇز ئۆرتەنمەي تۇراتتى. بىچارىنىڭ غىزاسى ئاھ، ۋاھ، دات–پەريات پۇغانلارغا ئايلانغان ئىدى. كېچىلىرى چۈشەكەپ، كۈندۈزى يەنە يادىغا كېلەتتى. نازۇگۇمنىڭ مۇنداق ئېغىر ھالى نىھايەت دارىنىنىڭ رەھمىنى كەلتۈردى. نەچۈن مۇنداق ھېمىشەم قايغۇلۇق يۈرۈشىنىڭ سەۋەۋىنى سورىدى. ئۇ ئاتا–ئانا ھەم ئاغالىرىنى سېغىنغىنىنى ئېيتتى. باشقىسىنى ئېيتىش مۈمكىن ئەمەس ئىدى. شۇندا دارىن نازۇگۇمنى تۆركۈنلىتىپ ، ئاتا–ئانىسىنى كۆرۈشكە ئەۋەتمەك بولدىپ، سەپەر يارىغىغا كىرىشتى.

نازۇگۇمنىڭ مۇقاتلاشقان پىكرى ۋە خىياللىرى يەنە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئازاتلىق يولىدا سەزگۈچ يوللىرى بىلەن خەۋەرلىششكە باشلىدى. ئازاتلىق خىيال ئۇمۇنچىق لىرى يالقۇنجاشقا كىرىشتى.

بۇ كۈن نازۇگۇم ئاتمىش قىز، ئىككى نۆكەر بىلەن يولغا چىققان ئىدى. يولۇۋچىلارنىڭ بارچىسى شات–خورام ئىدى. لېكىن نازۇگۇمنىڭ چىرايىدىن قايغۇلۇق ئىكەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ دىماغىدا يەرلەشكەن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ يالداملىرى، ئازات يۈرۈش–تۇرۇشلار سۈرەتلىنىپ، كۆز ئالدىدىن كەينى–كەينىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. ئۇ كۆكلەمزارلىق، باقى يىگىت بىلەن بالدۇرقى ئۇچرىششى، يايلاق، تاغلارنىڭ مەنزىرىسى، ئاتا–ئانا، ئاغالىرى، كۆك دەپسەن، قالماق

218

لارغا ئولجا چۈشۈش، دارىنغا سوغا بولۇش، نىھايەت گۇندىخانە پاجىئەلىرى خىيال ماشىنىسى ئارقىلىق كۆز ئوڭىدىن ئوزغاندەك بولاتتى. بۇ ھال نازۇگۇمنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىدا ئىختىيارسىز بىر ئىزتىراپ، دىرىلدەش پەيدا قىلاتتى. ئۇ ساقسىز ئىدى... شۇنىڭ ئۈچۈن كۆڭلى مۇنداق چوڭ چارىنى تىلمەيتتى. قىزلارنى يولدىن ياندۇرۇپ، نۆكەرلەر بىلەنلا ماڭدى. نازۇگۇمنىڭ ئاتا–ئانىسىدىن ئاجرىغىنىغا 3–4 يىل كېچىپ، شۇندىن بۇيان ئۇلارنىڭ ھايات ۋە ماماتلىگىدىن خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئازاتلىغى ئۈچۈن بىر ئاغى كۆرمەك ئارزۇسى بىلەن توپتوغرا يايلاققا قاراپ ماڭدى. بۇلارنىڭ يايلىغىغا بىر نەچچە ئېگىز تاغ ۋە قىيالارنى

ئېشىپ باراتتى. نۆكەرلەر يولدا نازۇگۇمغا ئامراق بولۇپ، ئىككىسى بىر بىرسىدىن قىزغىنىپ، نازۇگۇمنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىشنىڭ ئارقىسىغا كىرىشكەن ئىدى. نازۇگۇم يولداشلىرىنىڭ مۇنداق قىلىقلىرىنى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق كۆرەتتى. ھەر تۈرلۈك ئاغىلار بىلەن ئالداپ، ئۆزىنىڭمۇ شۇ يولدا ئىكەنلىكىنى كۆرستىشكە تىرىشاتتى. بۇلار تاغلارنى ئېشىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئېگىز داۋانغا چىققاندا، نازۇگۇم نۆكەرلەرنى ئالداش يولى بىلەن "مەشەدىن يامبۇ دۈگلىتىمەن، قايسىڭلار بالدۇر تۇتساڭلار مەن شۇنىڭ" دىدى. ھەمدە ئېگىز داۋاندىن بىر يامبۇنى دۈگلىتىۋەتتى، يامبۇ خادىدىن خادىغا ئۇرۇلۇپ، پىرىلداپ سەكرىگەنسىرى ئامراقلار ئۇنى قوغلىماقتا ئىدى. نازۇگۇم ھەم بۇنى چولا ساناپ يول ئېزىقتۇرۇپ قاچتى. زادى ئىش ئۇختىسىغا كەلگەن ئىدى. نازۇگۇم چىغىر يوللار بىلەن يۈرۈپ، يايلاققا يەتتى. يايلاق بۇرۇنقى ئۆزى كۆرگەن يايلاق، شۇ دەسلەپكى قونۇش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ ياققا بۇلجىماي، توپتوغرا ئۆز ئۆيىگە بېرىپ چۈشتى. ئۆيدە ئانىسى دەرەكسىز يوقالغان بالىلىرىنىڭ ھەسرەت ئوتىدا كۆيۈپ ئولتىراتتى. تۆرت يىللىق ئارىلىق بۇ مومايىنى زەئىپلىتىپ، كۆزلىرىنى نۇيۇقل ئاتقان ئىدى. نازۇگۇم كىرىپ بارغاندا، ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. نازۇگۇمنىڭ "ئاپا!"ېدېگەن ئۈنىنى ئاڭلاپ، "نازۇك قوزاممىسەن"،ېدەپ قۇچاقلاپ، بويۇنلىرىغا يۆگەشتى. ئايغاقلار ئۇيغۇر تاغامغا خۇش خەۋەرگە چاپتى. ھەر قايسىسى ئۆزلىرىگە لايىق سۆيۈنچىلىرىنى ئالدى. ئۇيغۇر تاغا ھەم يۈتكەن قىزى بىلەن دىدارلاشتى. ئوغلىنىڭ ھەم ماشداق بىر كۈنى

219

ئامان كېلىشىگە ئۇمۇنۇشقا باشلىدى. نازۇگۇمدا ھامان خوشاللىق يوق. كۆڭلى ئەنسىرەپ، يۈرىگى ئېغىپ تۇراتتى. چۈنكى دارىن كىشلىرىنىڭ مۇنىڭ كەينىدىن ئىزدەپ كېلىپ، تاپقۇسى تەھقىق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىن پاتراق يوقلىش لازىم ئىدى. نازۇگۇمنىڭ كۆڭلى ھامان بالدۇرقى يارى ي باقى يىگىتنى ئىزدەيتتى. باقى يىگىت نازۇگۇمدىن ئۈمۈت ئۈزمەي، ۋاقىت—ۋاقىت ئۇيغۇر تاغىنىڭ ئۆيىنى يوقلاپ تۇراتتى. باقى يىگىتنى ئىزدەپ، تۆرت تەرەپكە ئايغاقلار تارقالدى. باقى يىگىتنىڭ كۆڭلى سېزىپ، كۆڭۈلدىن كۆڭۈل خەۋەر دەپ، ئۇيغۇر تاغلارغا بېرىپ كەلمەك ئۈچۈن ماڭغان ئىدى. يىراقتىن ئۇيغۇرنىڭ دەستەكچى تورۇغىغا مىڭەن بىرىنىڭ چاڭ چىقىرىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى نازۇك ياردىن خەۋەر ئالغاندەك بولدى. ئۇ نازۇگۇم ماقامى بىلەن موشۇ ناخشىنى ئېيتىپ كېلەتتى.

كۈندە كۆرمىدىم يارنى، كۈندە كۆرەرمەن دەپ،
ئۈمۈت ئۈزمىدىم ياردىن، ئۆلمىسەم سۆيەرمەن دەپ.
ئالتىنچى ئاي كىرگەن چاغدا، ئارا—گۇرجەك خاماندا،
نازۇك يارنى كۆرمەككە باقى يىگىت ئارماندا.
نەچچە يىل بولۇپ كەتتى، نازۇك يارنى كۆرمىدىم،
تەغدىر بولسا كۆرەرمەن، تېخى ئۈمۈت ئۈزمىدىم.
ئالدىمدىن چىققان بىر تۇغ، نازۇك يارنىڭ ئايغاغى،
كۆڭۈلگە كەلگەن تۇيغۇ ئامراق كۆڭۈل بارغاچى.
يىراقتىن كۆرۈنگەن ئات دەستەكچىگە ئوخشايدۇ،
نازۇگۇمنىڭ دەردىدە ئامراق كۆڭۈل قاخشايدۇ.

ئايغاقچى بىلەن ئۇچرىشىش:

ې نازۇك يارىم ئامانمۇ؟ ئايغاق دوستۇم ئېيتساڭچۇ!

ۍ     نازۇك يارىڭ ئاماندۇ، سۆيۈنچەڭنى بەرسەڭچۇ!
بۈگۈن نازۇك ئۆيىدە، ئىلدام يۈگرەپ يەتسەڭچۇ!
ۍ     ئانداق بولسا مەن باراي، مەندىن خەۋەر ئېيتساڭچۇ.
ئايغاقچى سۆزىنى ئۇزاتماستىن، دەستەكچى تورۇق بىلەن ئىلگىرىلىدى. باقى يىگىت ھەم دەملىك ئېتى بىلەن ئارقىسىدىن تاقاغداپ ماڭدى. ئايغاق ئىشككە يېتىپ سۆيۈنچى دېيىشى بىلەن نازۇگۇم يۈگرەپ، ئۆز مۇقامى بىلەن موشۇ ناخ شىنى ئېيتتى.
نازۇك قولۇم باغلاندى، خەلقى–ئالەمگە ئاڭلاندى.
بېۋاپا سەن يار ئۈچۈن، يۈرەك–باغرىم داغلاندى.
220

باقى يىگىت كەلسەڭچۇ، يۈرەك– باغرىم باسساڭچۇ،
بىۋاپالىق قىلماستىن، ئەمدى ئېلىپ قاچساڭچۇ.
باقى يىگىت:
ۍ نازۇك .جېنىم ئېپ قاچاي، ئاغى بولسا ئېيتساڭچۇ!
ۍ     بۈگۈ ئاغى شۇ بولۇر، يالاق خەلقى جىم بولۇر.
ۍ     قاچقان باشتا مۇڭ بولۇر، مەككەم جايلار بۈك بولۇر.
ۍ     بىز كېتىمىز بۇ يەردىن، بارغان كەلمەس دەرياغا
ۍ     ئاتا–ئانام مۇڭ قىلۇر، كۆڭۈللىرى دوق بولۇر.
ۍ     ئىستەكچىلەر جىق تولۇر، بىز بۇ يەردىن كەتكەندە،ۍ
دەيدۇ. ئىككى مەھبۇب بىر بىرسىگە سايرىشىپ ئامراقلاچە ئۇزاق كۆرۈشتى. ھەر ئىككىسى باشلىرىدىن ئۆتكەن قايغۇلۇق ۋاقىئەلىرىنى ئېيتىشتى. نازۇگۇم ئۆزىنىڭ غۇربەتتىكى ھالىنى دەستۇر قىغاندا، باقى يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن قان لىق ياش تارام–تارام ئاقماقتا ئىدى. بۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى كەلگۈسىدە ئىدى. مۇندىن يوقىلىش ئاغىسىغا كىرىشتى. قاچماق بولۇپ، بۇ ۋاقىئەنى ئۇيغۇر تاغا ھەم ئانىسىغا ئۇقتۇردى. ئۇلار رازىلىق بېرىپ، ئالدىراشلىق بىلەن پاتلىقتا سەپەر يارىغىنى راسلىدى. ئوزۇق، تالقان ھەم يېپىنچاقلىرىنى جابدۇپ، ئاتىنىڭغى تېكەس يايلىرى، كۆكدۆۋە، چالكۆدە، خانتەڭرى ھەم تىيانشان تاغلىرىنى بەلگىلەپ كۈنپېتىشقا قاراپ ماڭدى. يوللار خەۋپلىك، شۇنىڭ ئۈچۈن كۈندۈزى بەكىنىپ، كېچىسى يۈرەتتى. شۇ يۈرۈش بىلەن نەچچە كۈندىن كېيىن بىر تالاغا ۍ يېزىغا چىقتى.
كۆكبۇلاق ۋە باغى تاغلىرىنىڭ كۆلەڭگۈچلىرى ساينىتىلىشىپ تۇراتتى. تاڭمۇ يېقىنلىشىپ، بارچە جانجانىۋارلارنى بىر قاراڭغۇ زۇلمەتتىن چىقىرىپ، جانلارغا راھەت ۋە مەسخۇدىيەت بەرگۈچى ئايدىڭلىقنىڭ ئايغاقچىسى چولپان تاغلارنىڭ سۆرەنلىرىدىن مەغلۇپ بولۇپ، نۇرىنى يوقتىپ بولغان ئاي بىلەن بەسلەشكەندەك، پالىلدىغاندىن يۇقرى ئۆرلىمەكتە ئىدى... شەرىقتىن چىققان سەبا شاملى كۆڭۈلگە خۇشلۇق كەلتۈرۈپ، دەرەق باشلىرىغا قونغان قۇشلارنى سىلىقلىق بىلەن تەۋرىتىپ ئوخاتماقتا. تاڭ شاملىنىڭ مۇنداق نازۇگانە يۇمشاق تەۋرىتىشدىن
221

ئوخانغان باغۇ–بوستان ھەم كوكوبۇلاقتا (كەتمەندە) قوناقلىغان بۇلبۇل ھەم تورغاي ئوخشاش مۇسقە

قۇشلىرى چوڭ شەۋىق بىلەن سايرىشىپ، تاڭ نۇرى ۋە ئايدىڭلىقنى مۇسىقەسازلار بىلەن قارشى ئالماقتا. بوم ئۈنلۈك قۇشلار ناغرىچىلارغا ئوخشاش ئارا–سارا ۋاقىراپ قويماقتا... ھايۋانلار بۇ نەغمەسازلارنى ئىخلاس بىلەن تىڭشىماقتا...تۆۋەنرەك بىر تاران يۇرتى جان–جانىۋارلارنىڭ تاڭ ئالدى سەھەر ۋاقتىدىكى مۇڭداق چىرايلىق نەغمەساز ۋە بەزمىلىرىدىن بىخەۋەر، غەپلەت ئۇيقىسىغا سىڭىپ ئۇخلاشماقتا ئىدى. تاڭ يىقىئىلاشقانسىرى غورازلار ھارپا كۆنىدىكى ناگرىچىلارغا ئوخشاش، پات–پات قىچقىرىشقا باشلىدى. غەپلەت ئۇيقىسىدا قالغان تاران يۇرتى ئوخانمىدى. يالغۇز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قىرىق ياشلىق گۈلمەت ئوخنىپ، تاھارەت ئېلىپ، ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن، ئېتىنى يېتىلەپ ئوتلاققا ئېلىپ چىقتى. غول ياقىلاپ مېڭىپ باغۇ– بوستاندا توختىدى. باغۇ– بوستاندا سازنەغمىگە ماھىر قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق سايراشلىرى كۆڭۈلنىڭ تۈيغۇ قىللىرىغا تېگىپ، مۇڭ، قايغۇ، دەرت، ئەلەم، ئازاپ، ھەسرەت، قۇللۇق... پەدىلىرىنى باسقاندا، ئاندىن يىغا–زارى، "ئاھ"، "ۋاھ"، دات–پەرياد، ياردەم–كۆمەك، كۆمەك... ئازاتلىق! ئازاتلىق!..ۋە دېگەن زىل ئۈنلەر چىقماقتا ئىدى... شۇنىڭ ئۈچۈن گۈلمەت تۈيغۇغا بېرىلىپ، جانسىز ھەيكەل ئوخشاش مىدىرلىماستىن تۇراتتى. ئېتىنىڭ شىڭ ئېتىپ قارشى بىلەن ئۇ مەڭدەپ كەتكەن كىشىدەك، چۆچىنىپ قارىدى. ئالدىدىكى تاللىق ئارىسىدا جىنلىق ئاتالغان يالغۇز سۆگەت تۈۋىدە كۆرۈنگەن نەرسە بۇنى ئەيمەندۈردى. لېكىن ئۆزىنىڭ تاھارەتلىك بولۇشىنى ئويلاپ، جىنلارنىڭ تاھارەتلىك كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەسلىگىنى يادىغا چۈشۈرۈپ، ئۆزىنى توختىتىپ سىنچىلاپ باقتى. سەپسېلىپ ئۇنىڭ ئادەم ئېكەنلىگىنى تونۇدى. شۇندىن ئاستا چامداپ، ئۇلارغا يېقىنلاشتى. بۇلار خىتاي زۇلۇمىدىن قاچقان بايىقى نازۇگۇم بىلەن باقى ئىدى. گۈلمەت كۆرۈشۈپ، بۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى ئۇقتى. گۈلمەتنىڭ يېڭىلا قۇشلارنىڭ غېرىپ ناخشىلىرى بىلەن قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش، ئازات بولۇش يولىدا جاپالىنىپ جوۋىغان دىماغ قەلبى بۇ ياش ئۇيغۇرلارنىڭ يېنىپ ئاسارەت ئىلكىگە چۈشۈشىدىن قورقۇپ، ئىغىشقا باشلىدى. موجۇلۇپ كەتكەن يۈرەك ئەنسىرەش

222

تە ئىدى. نازۇگۇم؛ "گۈلمەت تاغا، بىزنى دالدا يەرگە مۆكتۈر! كىشى كۆرۈپ قامسۇن، كىشى كۆرسە خاراپ بولدۇق دېسەڭ"،ۋە دىدى. گۈلمەت: "ماقۇل، قاياشلا، سىلەرنى ساقلاپ قالىمەن، قوقماڭلا، بەزى ياۋان چۆللەردە ساقلاپ قالغۇچى ئىگەم با، ھېلى بۇ بىر ئۇيغۇر مەلىسى، تارانچى يۇرتىغۇ، بۇندا ياتلا يوق، ئۈگۈتتەك بىزنىڭلا! ئەمىن بولۇڭلا!"ۋەدىدى. نازۇگۇم: "گۈلمەت تاغا، ئۇسى، سىزلى ئېيتقاندەك شۇنداق، بىر ئۇيغۇر مەلىسى ۋە تاران يۇرتى، بەلكىم بىزگە زادى زىيان كەلمەس، لېكىن دارىن قەۋەت يامان كاپىر، تۈيۈپ ئېلىپ قالسا، كېيىن يۇرتقا يامان بولامدېكىن دەپ قوقۇمەن. ئەگەردە تۇتۇلۇپ قاساق، بىزنىڭ ئىشىمىز پۈتتى، خاراپ بولدۇق دېسىڭىزچۇ! يەنە بىزنىڭ مەنسەپپەرەس بەگلىرىمىزنىڭ تۇتۇپ بەمەسلىگىنى نەدىن بىلدىلا؟ مېنىڭ ئويۇمچە ئىشنىڭ ماقۇلى شۇ: بىزنى پاتراق كىشىدىن خالى بىر جايغا يوشۇسىلا، ھازىرغا بىز شۇندا تۇرۇپ تۇرىلى، كېيىنرەك بىر ئېپىنى قىلىپ، خىتايلا يېتەلمەيدىغان ئۇزۇنتامىدىن نېرى ئۆتكۈزۋەتسىلا، ئۇ يەردە يالغۇز غېرىپ بوساقمۇ، باقىم بىلەن ئىككەيلەن بىر نېمە قىلىپ، كۈن ئۆتكۈزەمىز. ھېلى قالماقتا تۇتقۇن بولغان ئاكام بوشانسا، بىزنى ئىزدەپ، ماشاقلاغا كەلگۈسى چوقۇم، بىزلەنى ئوبدان ئەمىن يەگە جايلاپ، ئاتاملاغا خەۋىرىمىزنى ئاپاسىلا. ئەلۋەتتە، سىلىگە چوڭ كۆزگە كۆرۈنگىدەك ئادىمەتچىلىك قىلىپ، بىزلەگىما سالام–سوغات، خالتا–مالتا ئەۋەتە. ھە، ئۇ بېچارىلەنىڭمۇ كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ، خۇش بولۇپ قالا،ۋەدىدى.

ۋە ماقۇل ئۇكام، ئۇنداق بولسا سىلەنى پىيازلىقتىكى ئۆڭكۈرگە ئاپىراي، ئۇ يەردە ئىنسان ئاياق باسمىغان بۈك، باش يېقى بوستانلىق، ئىچى قومۇچلۇق، جاڭگال، قومۇچلىقتىن چىققاندا "زىندان" ئاتالغان ئۆڭكۈر، مۇندا

خۇدايىم يولۋاس، ئېيىق، بۆرە ئوخشاش يىرتقۇچلاردىن ساقلىسا، ئىنسان ئاياق باسمايدىغىنى ئەندى چوقۇم،ﭗ دىدى.

بارلىق ۋۇجۇدىنى قايغۇ–مۇڭلارنىڭ ئېغىرچىلىقى بېسىپ، گۈلمەتتىن قايداق ئۈن چىقىدېكىن دەپ، ھەر قانداق قورقۇنۇچلۇق خىياللارغا كېتىپ تۇرغان نازۇگۇملار مۇنداق خوشاللىق سۆزلەرنى ئاڭلاپ، كۆڭۈللىرى ئېچىلىپ، چىراي ئۆڭلىرى تۈزەلدى.

223

ﭗ ئانداق بولسا، مەلە خەلقى تالا–تۈزگە، ئېتىز–ئېرىقلا تارالماستىن، ئەتىگەندە بىزنى پىيازلىققا يەتكۈزسلە،ﭗ دەپ ئىككەيلەن يالۋۇرۇشتى. گۈلمەت كوكۇبۇلاق بېشىدىكى ئىدىرلىق بىلەن باشلاپ، پىيازلىقتىكى زىندان ئۆڭكۈرگە بۇلارنى ئورناشتۇردى، ئۆزى بۇلارغا ھەر ھەپتىدە ئوزۇق–تۈلۈك يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلىپ، يېنىپ كەتتى. نازۇگۇم باقى ئىككەيلەن بىر نەچچە كۈن زىندانىدا تۇردى، بۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ھامان كەيىندىكىلەرنى قايغۇرۇپ ئەنسىرەتتى. ئەڭ ئاخىرىدا چىداشماي، ئۇيغۇر تاغلاردىن خەۋەر ئالماق ئۈچۈن باقى يىگىت نازۇگۇمنى يالغۇز قالدۇرۇپ كەتتى. گۈلمەت ھەپتەسەرى كېلىپ، نازۇگۇمنىڭ ھال–ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. نازۇگۇم ئۆڭكۈر ئىچىدە ھەپتىلەپ يەتىپ، زېرىكتى. بىر كۈنى سەھەر ۋاقتىدا ئۆڭكۈر بوستانىدا بۇلبۇل، كاككۇك ئوخشاش قۇشلارنىڭ مۇڭلۇق ئۈنىنى ئۇزۇن تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلارغا تۇيغۇزماستىن يىقىندىن تىڭشاشقا ئويلىدى.

گۈل چېغىدا سارىدى، مۇڭلۇق يۇغان بۇلبۇل قۇشى،
گۈل بېغىدا مارىدى دەرتلىك يۇغان ئۇيغۇر قىزى.
بۇلبۇلۇڭ با سارىشى گۈل رەڭگىنى تەۋسىپ ئېتىپ،
ئۇ، قىزنىڭ با، مارىشى بۇلبۇل ئۈنىن تەكلىپ ئېتىپ.
تۈن ۋە كۈندۈز سارىبان، بۇلبۇل قۇشى ھېچ تىنىمىدى،
بۇلبۇلى تەقلىت ئۈچۈن ئۇيغۇر قىزى كۆز يۇممىدى.
ئىلتىپاتىن كۆمگەچ، گۈل–غۇنچەنىڭ بۇلبۇل قۇشى،
تاڭ سەھەردە تىلىبان، چۇرقىلدىشىپ ھادۇق دىدى.
ئۇشبۇ چاغدا باشلىدى "ئەل نەغمەسىن" ئۇيغۇر قىزى،
سارىشى بۇلبۇلچىدۇ، ئايغان سۆزى ئەلنىڭ سۆزى.
بارچە بۇلبۇل تاڭ بولۇپ، مۇڭ سارىغان كىم بۇ؟ﭗ دىدى.
بىزلەنى تەنقىد ئۈچۈن كەلگەن مەلەك جىنمۇ؟ﭗ دىدى.
بارچە قۇشنىڭ سايرىشى با، مۇڭ ئەمەس بىزدىن بىرەۋ،
بارچە ئۈنلە بوم ئىدى، ئاما بۇسى زىلغۇ؟ﭗدىدى.
سايرىشى بۇلبۇلچىدەك با، نەغمەسى ئۇيغۇرچىدەك،
تىنمايىن سايراپ تۇرار ھامسى نېچۈك جان بۇ؟ﭗدىدى.
ئايغىنى ئەل ناخشىسى، دەرتلىك كۆڭۈل ئايغاقچىسى،
نەغمىچى ئەل باخشىسى ئىستەر ھامان دەرمان دىدى.
تاڭ يورۇپ ئايدىڭلىدى، شەرق شاملى غەمكىنلىدى،
مۇڭلۇق قىزنىڭ ئۈنىنى تارقاتقۇچى سەلكىن ئىدى.

پال قىلىپ چولپان كۆرۈندى، چولپان بىلەن ئۇيغۇر قىزى،
سىنچىلاپ سەپ سالمىدى، چولپان بۇ كۈن جۈپكەن دىدى.
زەينەبنى ياد ئەيلەنگەن كاككۇك تۈيۈپ بىلدى مۇنى،
بارچىنى تەنبى قىلىپ قىچقىردى، ئاشىق ھەمكەن دىدى.
224

چولپاننىڭ جوراسى يوق، سىلدىم ئۇدۇر ئۇيغۇر قىزى،
نەغمە سازىلە ھەيران قىلغان موشۇ قىزكەن دىدى.
بارچە سىنچىدا قاراپ بىلدىكىم ئۇ ئۇيغۇر قىزى،
بىرسى ئېيتتى قايغۇ–مۇڭ، ئۇيغۇرلارغا مۇندۇ دىدى .
بىرسى قوپتى ئارىدىن سورماق بولۇپ قىز زۇھرىدىن،
سورىماي قىلغان ھۆكۈم بولغۇسىكىم "ئۇندۇر " دىدى.
ئەي، مۇرخ زۇھرى قىز، ئېيتچۇ بىزدە كىم ھەقلىدۇ؟
قايغۇ–ھەسرەتنىڭ بارىن قەقدە تۇرۇپ كۆردۇق ي دىدى.
كۆپنى كۆرگەن مۇئەررىخ، ئۇيغۇر قىزى چولپان خانىم،
تاڭ بىلەن سۆز باشلىدى، تاڭ قۇشلىرىن يىغىپ بارىن.
"ئاۋۋىلىدە ئۆم ئىدى، ئۇيغۇر، موڭغۇل ھەم تاتىرى،
بارچىسى كۆچكەن ئىدى، تورلاق ھېلى ئاق چاتىرى .
ئۆم بولۇپ ھۈر ياشىدى، قۇتلۇق ئوغۇز ئەل باشىدا،
بارچە ئەلنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر بىلىكلە پادىشا.
قىسقىسى: ئاجۇن ئارا، ئۇيغۇر، موغۇل داڭلىق ئىدى،
بارچىگە غالىپ بولۇپ، تارىخ بىلەن شانلىق ئىدى.
شۇ چېغىدا ئەيدى ئوغۇز: ئەي، مېنىڭ ئۇيغۇر ئېلىم!
باش بولسۇن بارلىق تۇرۇشقا چىن ئۇقۇم، داڭلىق بىلىم.
مەن "تۆرۈ" تۈزدۈم ھېلى ئوغۇز ئۈچۈن تابۇغ بىلەن
ئەمدى يۈرسۈن دەپ تىلەيمەن، ئوغۇزۇم تۆرۈ بىلەن.
شۇ چېغىدا قارشى چىقتى ئوغۇزغا ئۆز ئاتىسى،
ئوغۇزۇم تۇرغۇن زېڭىمدا "تۆرۈنىڭ" يوق پايدىسى.
شۇ تالاشتىن باشلىدى ئەل ئارا بىر ئىپتىراق ،
ئۇيغۇرلار ئوغۇز تەرەپ، موڭغۇل ئىدى ئاندىن يىراق.
ياش بۇغۇن ھېچ تۈيمىدى، يۈردى يېڭى يوسۇن بىلەن
كونىلار زارلاندى ئەمدى، ئەل بۇزۇلدى ئەلپىراق.
كونىلار قارشى بولغانچە، يېڭىلىق ئۆستى ھامان،
ئوغۇزى ئاغۇزغا ئەگەشتى بالدۇرقىدىن ياخشىراق.
ياش بۇغۇن توپلاشتى ئەندى بۇ ئىدى ئۇيغۇر ئېلى،ئ
قارشىغا چىققانلارنىڭ تۈشتى روھى، سۇندى بېلى.

بۇ "تۆرۋ" قۇتلۇق ئىدى، قۇتلۇق بولدى ئۇيغۇر ئېلى،
قۇتلۇق ئەلنى يالتىراتتى يۇلتۇز ۋە ئاي، يورۇق كۈنى.
تاشتى شۇل چاغدا دېڭىز، يەر يۈزىگە يامرىدى،
يەر يۈزى بولۇق بولۇپ، جانلىق جانسىزدۇ ئامرىدى.
ئۇل زامان ئۇيغۇر ئېلى مۇڭسىز ئىدى، بولۇق ئىدى،
ئىلخانى مىڭلى بىلە تاغخان ئىدى، قۇتلۇق ئىدى.
ئۇشبۇ چاغدا تورلىغى ئالتاي بىلەن ئورخۇن بويى،
ئوتىغى بولغان ئىدى خانتەڭرىلە، تيانشان تېغى.
ئوردىنى قۇردى بۇلەر، ساغۇن بىلەن ھەم خامىغا (كۆپرەكى خاچىغە)
ھېچ خەلەل كەلمەس دىدى، دەۋلەتلىرى ئەنجامىغا.
بىر ئىدى، ئىناق ئىدى شەرقى، غەربى ې ئۇيغۇر ئېلى،
قان ياللاشقان دوست ئىدى، ئىدىقۇت بىلەن بۇغرا خانى.
بىر زامان چىقتى جاھانغا جىگەرلىك چىڭگىز شاھى،
پارلىدى يانغان چىراقتەك موڭغۇل ئېلىنىڭ ئىقبالى.

ھاكىم ئىدى شۇ زامان، بار جاھانغا تاتار—موڭغۇل،
جۈملە ئەل ئەگدى بويۇن، ھەر نە دېسە ئەتتى قوبۇل.
داڭقى كەتتى تۆرت بۇرجەككە با ئاجۇن چىڭگىز دىدى،
يەتتە ئىقلىم تۆرت بۇرجەك چىڭگىز بىلەن تەڭسىز ئىدى.
ئۇشبۇ چاغدا چىڭگىز ئېلى تاڭغۇتە ئەتتى ۋەسۇل،
ئۇل زامان ئۇيغۇر خانى ئەگدى بويۇن ئوپۇل—توپۇل.
ئۇشبۇ چاغدا ئىشلىدى ئۇيغۇر، موڭغۇل شالغۇت بولۇپ
ئېھتىيات ھېچ قىلمىدى ئۇيغۇر ئۆزۈن ئوڭغۇت بىلىپ.
ئۇل زامان ئۇيغۇر ئېلى مۇڭسىز ئىدى، غەمسىز ئىدى،
ج گەرلىك چىڭگىز ئېلى چەنسىز ئىدى، تەڭسىز ئىدى.
بىر زامان موڭغۇللارنىڭ شان—شەۋكىتى سۇندى يەنە.
ئۇيغۇرنىڭ شان تەختىگە ساتلىق غوجا مىندى مانا،
ئۇشبۇ كۈن ئۇيغۇرلارنىڭ قارلىق بولغان غەملىك كۈنى.
ھېچ ئېچىلماسلىق ئىدى يورۇق كۈنى، ئاغىز تۈنى.
غوجىلار ئاق تۇغ بىلەن قارا تۇغ كوينىدا بولدىلەر،
چىن بىلەن ماچىن ئېلى ئۇيغۇر پېيىندە يۈردىلەر.
ئۇشبۇ كۈن پاتقان ئىدى ئۇيغۇر ئېلىنىڭ بەخت —ئەنجامى،
ھەمدە قاپلانگان ئىدى مۇڭلۇق بولغان ئىستىقبالى. .
ئۇشبۇ كۈندىن قايغۇ—مۇڭى ئۇيغۇرلارغا "مۇندۇ " بولا،
قايغۇ—ھەسرەت كۆرمىگەن ھېچ كىم ھېلى مۇندىن تولا.

ئالدىڭىزدا زارلىغان مۇڭلۇق بولغان ئۇيغۇر قىزى،
بارچىڭىزدىن مۇڭلىغراق دەرتلىك ئۇچۇن ئايغان سۆزى.
ئول ھېلى باقى ئۇچۇن كۆك يۇزىگە ئىستەيدۇ يول،
كۆككە ئاشقانلە تېپىلماس ئاندىما يوقتۇر ۋىسال".
چولپانىم ئەيتتى يەنە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى
قايغۇ –مۇڭدا تاشمىداپ ، كۆككە نېچۇك كەچكەنلەرىن.
چولپىنىم بولغان ئىكەن ھەم ئاشىق ئوتغا مۇپتىلا
ئىشقلە ياندۇرغۇچى، قىلمىش سىنىغا ئېپتىلا .
ئۇشبۇ سىنغا تانىسقىپ ، چولپان خانىم كەچكەن ئىكەن
تاڭ نۇرى زوھرا خانىم، موشۇ قىزىم چولپان دېگەن.
زوھرىنىڭ با ئايغانى قۇشچىقلەرگە بولدى بىلىم،
بارچە قۇش چۇرقىلدىشىپ، ئۇيغۇر قىزى دىدى ھەلىم،
مىللىي نەغمە، مۇڭلى ساز ئۆڭكۇر بېغىدا چالدىلەر
نەغمەچى، ئۇيغۇر قىزى سۇچۇك، چېچەن نازۇك خېنىم.
ئۇشبۇ چاغدا بارچە قۇش ئۇيغۇر قىزنى بىلدىلەر،
بىر بولۇپ، سىرداش بولۇپ، ئۆڭكۇر بېغىدا تۇردىلەر.

نازۇگۇم ماشتاق مۇڭداشلا بىلەن ئۆمۈر كەچۈرۈشكە باشلىغان بولسىمۇ، باقى يىگىتنى ئۇنۇتمىغان، بەلكى سېغىنىشى كۈندىن كۈنگە ئېشىپلا باراتتى. ئۆز ماقامى بىلەن موشۇ ناخشىلارنى ئېيتاتتى:

ئېچمىدىم، خۇما تاتتىم ھەم كەيىپىمدىن ئايرىلدىم،
ئوك قولۇمدا پەلىيى، شۇڭقارىمدىن ئايرىلدىم.
226

بارامسەن دېگەن يارىم، يانامسەن دېگەن يارىم
سەن مېنىڭدىن ئايرىلساڭ ئۆلەمسەن دېگەن يارىم.
قايناپ تۇرغان قازانغا چۆمۈچ سېلىپ باققان يوق،
ئالتاي يېتىپ قومۇچتا تەكيە قويۇپ ياتقان يوق.
ئالتاي ياتتىم قومۇچتا، قومۇچ ئارىلاپ كۈن چۇشتى،
مەن نازۇكنىڭ بېشىغا تاغدىن ئېغىر مۇڭ چۇشتى.
تۆگىلەر ئاغزى قامقاقتا، يالغۇز ئاغام قالماقتا،
ئىنساپسىز بەد قالماقنىڭ قەستى مېنى ئالماقتا.

موشۇنداق، نازۇگۇم تەبىئەت قولى بىلەن ياسالغان قومۇچ زىندانىدا نەچچە ئايلارنى يالغۇز ئۆتكەزدى. ئۇسسۇغاندا ئۇسسۇلۇغى تاغ سۈيى، ئېچىقىغاندا ئوزۇغى يەل–يېمىش، يەنى يىلتىزلاردىن ئىبارەت بولاتتى. مۇنداق جان جانىۋارلارنى بىكاردىن تويغۇزۇپ، ھاياتلىغىغا سەۋەپ بولۇپ تۇرغان بېشىللىق ئاجۇنى تۆگەپ، غازاڭ ۋاقتى يەتكەن ئىدى ۋە غازاڭ ۋاقتى يېتىشى بىلەن نازۇگۇمغا پۇتكۈل ياز بويى مۇڭداش ھەم سىرداش بولۇپ كەلگەن بۇلبۇل، كاككۇك، قالغاچ ئوخشاش قۇشلار خوشلىشىپ، ئاجراشقان ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ھامان چىن يارى باقى يىگىتتە ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن تەلمۈرۈپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، مۇنتەزىر بولۇپ،

كۆزلىرىنى تالدۇرۇپ تۇراتتى. تاغدىن تۆرت ئاتلىق يولۇۋچى كۆرۈندى. نازۇگۇم سىنچىلاپ قاراپ، ئۇلارنى تونۇغاندىن كېيىن ئۆز ماقامى بىلەن موشۇ ناخشىنى ئېيتتى:

تاغدىن چۈشكەن تۆرت ئاتلىق،
تۆرتىلىسى بوز ئاتلىق،
تۆرت ئاتلىقنىڭ، ئىچىدە
مېنىڭ ئاغام سۇمباتلىق.

باقى يىگىتكە كۆڭۈل ئاغرىغى قىلىپ، موشۇ باشقا ماقامدىكى ناخشىنى ئېيتتى:

ئالتاي ياتتىم سەن يار ئۈچۈن مۇشكۇل زىنداندا،
ئالتايلىغىم بىر كۈنچە يوق باقلە بوستاندا.

بۇلار نازۇگۇمنىڭ قالماققا ئولجا كەتكەن ئاغىسى بىلەن مەھبۇبى، ئامرىغى باقى يىگىت ھەم مانجۇر–ختاي، قالماقلارنىڭ زۇلۇمغا گىرىپتار بولۇشتىن قاچقان تارانچى ئىدى. ″ئۆلمىگەن كۆرۈشەر″،ي دەپ، 4–5 يىلدىن بۇ يان خەۋىرى بولمىغان مۇنداق كۆرۈشۈش زادى پىكىر –خىياللىرىغا كەلمىگەن ئىككى قېرىنداش كېيىنكى زىندانلار

227

دىن چىقىپ، تەبىئەت جەۋىر–زۇلۇملىرىنى ھەم ئۇيغۇر باللىرىنىڭ بوزەك بولۇپ بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان پاجىئەلىك ئەھۋاللىرىنى بىر بىرىگە دېيىشىپ، دەرت–پۇغانلىرىنى ئېيتاتتى. بۇلارنىڭ ئوتلۇق يۈرەكلىرىدىن چىققان شۇ ″ئاھ″، ″ۋاھ″ يالقۇنلىرى زالىملارنىڭ ئاجۇنىنى ياندۇرغىدەك كۈچلۈك ئىدى. بۇلار ئۆزلىرىنى ئازات ساناپ، ختاي قولىدا ياتقان ملليونلارچە بوزەك قېرىنداشلىرىنى ئاياپ، شۇلارنى قايغۇراتتى. بىراق بۇلار ئۆزلىرىنى ئازات سانىغان بىلەن زالىم پەلەك بۇلارنىڭ ئازاتلىق يوللىرىغا يىلىلە قۇرۇپ، ئۆمچۈك ئوخشاش پايلاپ تۇراتتى. ئاما بۇلار ئاندىن بىخەۋەر ئىدى. يەنى، ختايلار قاچقۇنلارنىڭ كوكوبۇلاقتا (كەتمەندە) ساقلانغانلىغىدىن خەۋەر ئالغان ئىدى. بۇ توغرىدا جاڭجۇڭ كوكوبۇلاق تارانلىرىنى بەنلەشكە دەستەك (بۇيرۇق) چىقارغان ئىدى. بۇ دەستەك كوكوبۇلاكقا يەتكەن زامان خەلق مېچىت ئالدىغا يىغىلىشقا باشلىغان ئىدى. بۇ خەلقنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ چىراي–شەكلىدىن بىر نەرسىدىن خاپىلىغى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چۈنكى قاتتىق بەنلەش، ئازاپلىق قىيناش بارچە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەر كۈنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان نەرسىسى بولۇپ، ئۇلار يۈرەك ئالدى بولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يۈرەكلەرنى ئاغدۇرۇپ كۆڭۈللەرنى ئەنسىرەتتى. بەگلەر دەررۇ گۇلمەتنى ئالدۇرۇپ، نازۇگۇملاردىن خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئەكسى ھالدا ئۇنى ئۆلۈم بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ قويدى. قاچقۇنلار پىيازلىق ئۆڭكۈرىدە تۇرغانلىغىدىن كوكوبۇلاق مەلىسىنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. بەگلەردىن بىرى گۇلمەتنىڭ قاتتىشىپ يۈرگەنلىگىنى سېزىپ، خەۋەر بەرگەن ئىدى. گۇلمەت ئۆلۈم دەھشىتىدىن قورقۇپ، نازۇگۇملارنى يوقلاشقا ماڭدى. بەگلەر يۇرت ئىچىدىن نازۇگۇملارنى ئىزدەشكە چىققانلىغىنى ئىزھار قىلىپ، جانجۇڭ، بىلەن ھاكىم بەگكە ياساۋۇل بىلەن ئەرىزە خەت ئەۋەتتى. گۇلمەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ بارلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى، بەگلەر ئالدىراشلىق بىلەن بۇ خەۋەرنى ھەم ئىلغا ئەۋەتتى. كوكوبۇلاق خەلقى بۇنىڭ بىلەن قاتتىق بەنلەش، ئازاپلىق قىيناشتىن قۇتۇلمىسا ھەر كىمنىڭ چېھرىسىدە يەنە قايغۇ–ھەسرەت ئالامەتلىرى بەلگۈ بېرىپ تۇراتتى. دېمەك، بۇلارنى بۇ ھالغا چۈشۈرگەن شەكسىز ياش ئۇيغۇرلارنىڭ كەلگۈسىدىكى

228:

پاجىئەلىك ئەھۋاللىرى ئىدى. كۆن ئۆتمەي، چىرىك كەلدى دېگەن خەۋەر بارچىنى سەسكەندۈرۈپ، ئەيمەندۈرۈۋەتتى. خەلق نەگە بېرىشنى بىلمەي، ئەسلىرىنى يوقىتەرگەن ھالدا، ئۇ ياق —بۇياقدا مېڭىپ، ھودۇقلاپ، ھەر كىم قېچىشنىڭ ئاغىسىنى كۆرمەكتە... كەتمەن شەرقىدىن چىرىكلەر دەۋرەپ كەلمەكتە ئىدى. بارچىنىڭ كۆڭلى بۇ زالىم چىرىكلەرنىڭ قىلغۇسى جەۋىر—زۇلۇملىرىدىن قورقۇپ، سەرگەردان ئىدى. چىرىكلەر مەلىگە تاقاپ، ئۆيمۇ—ئۆي دوقۇرۇپ يۈردى. ئۇتتۇر كەلگەننى ئۇرۇش. ئۇتتۇر كەلگەننى قىيناش چىرىكلەرنىڭ ئادەتلىرىدىن ئىدى. ”بۇڭا تاران خەلقىمۇ داغدىلىپ كەتكەن ئىدى. بۇلار خەلق ئۆيلىرىگە كىرىپ، ئادەتەن بۇلاپ، يۈردى. زالىمنىڭ زۇلمىدىن، سىپانىڭ غەزابۇللاسىدىن ”قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلا دەپ، دۇگا قىلىپ، تىلەك تىلەيتتى. خىتاي چىرىكلىرىدە بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. گۈلمەت ئىستەكچى چىرىكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، نازۇگۇملارنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇلار ئۆڭكۈردە دۇنيادىن بىخەۋەر، تۈرلۈك ئوي—خىياللار بىلەن ئولتۇراتتى. چۆرىنى قاپساۋالغان چىرىكلەرنىڭ: ”تۇت! باغلا! كەس!“ دېگەن قىيقاسلىرىدىن ئۈركۈپ، ”نېمە بالا بولدېكىن؟“ دەپ، ئۆڭكۈردىن يۈگرىشىپ چىقىشى بىلەن بارچىسى تۇتۇلدى. چىرىكلەرنىڭ باشلىغى تېلەتى سۆرۈن لويا غەزەپناك ئىدى. بەشەيلەننى دەرھال تۈشەپ، قوللىرىغا كويزىلارنى سېلىپ، بارچىسنى زەنجىرلەپ، ماتاپ ئېلىپ ماڭدى. قاچقۇنلارنىڭ بارچىسىنىڭ ئۆڭى بىر تۈرلۈك بولۇپ، ئويچان باراتتى. بىراق بۇلاردىن ھېچ بىرى قايغۇرمايتتى؟ باقى يىگىت نازۇگۇمنى ئايايتتى. نازۇگۇم باقى يىگىتنى، ئاتا—ئانا، يولداشلىرىنى ئويلاپ تىتىلاتتى. ئىككى تارانچى ئائىلىسى ھەم كەلگۈسىدە تارانلارنى ئازات قىلىش چېلىششقا بېغىشلىغان جان ۋە ياش ئۆمۈرلىرىنىڭ ئېچىلماي، پورەك تۇرۇپلا سولاشقىنىغا ئېچىناتتى. مۇنداق ئويلار ھەم نازۇكنىڭ ئاغىسىنىڭ پىكىر—خىياللىرىغا كېلىپ تۇراتتى. نازۇگۇم بىر ھېساپتا بۇلارنىڭ بارچىسىنى بىئىختىيار ساناتتى. چۈنكى ئۇنىڭ پىكرىچە، بۇلارنىڭ بارچىسى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغۇسى، دېمەك، بۇلار ھاياتنىڭ قايغۇ، ئەندىشلىرىدىن بىر يولى قۇتۇلغۇسىدۇر. نازۇگۇم ئۆلۈمنى ھايات كېسىلىنىڭ داۋاسى سانايتتى. ئاما ئۆزىنى يەنە دارىنىنىڭ، تۆمۈر پەنجىسىدە قالغۇسىنى ئويلاپ، توغرىسى ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغۇسىلارنىڭ بەختلىرى بىلەن كۆنلىشەتتى.

خىتاي چىرىكلىرىنىڭ بىر شەھەر پەتىخ ئەتكەن قەھرىمانلارچە قىلىقلارنى قىلىپ، تۇتقۇنلار ئالدىدا كۆرەڭلىشىپ، گويا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ باھادىرلىق ھەم مانجۇرلارنىڭ شان، سۆلەت—ئىختىشاملىرىنى كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، بارچىسى جىرغاپ يۈرەتتى. لېكىن تۇتقۇنلارنىڭ سەرسان كۆڭلى ئۇلارنىڭ شان، سۆلەتلىرى بىلەن زادى ئالاقىسىز، كەلگۈسىدە بولغۇسى پاجىئەلەرنى ئويلاپ، ئويچان باراتتى.

كۆزگى ھاۋانىڭ ھۆللىگى يەر يۈزىدە تۇمان—مانانلار پەيدا قىلىپ، بۇدۇن—جۇدۇن باشلىنىۋاتاتتى. توغرىسى، تۇتقۇنلارنىڭ كۆڭۈللىرى ھەم كەلگۈسى بىلەن، تەبىئەت بىلەن بىردەك مانانلىنىپ، بىر نەرسىنى بولجاش، ئاڭقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى... يولۇۋچىلار ئادىشىپ، سانىشىپ، كۈن —تۈن يۈرۈپ بىياندايغا يەتتى. تۇتقۇنلارنىڭ بارچىسى دارىنىنىڭ ئەمرى بىلەن گۇندىخانىغا سولاندى. گۇندىخانا كېسەل قىچقىرىپ تۇرغان ھۆل—زەيلىك بولۇپ، دەسلەپتە بۇلار شۇنداقلا تاشلاندى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن چىرايلىق ياساق قەپەزلەرگە سېلىنىپ، گۇندىخانا ئالدىدىكى ئالماش موملارغا ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويۇشتى. قەپەزنىڭ ھەر بىرى بىر ئادەم سىغىشلىق بولۇپ، بويۇنلار تار قوۋۇقتا سولانغان. ئۇ ياق—بۇياققا ئايلانمىسۇن ھەم مىدىرلىمىسۇن ئۈچۈن بېگىز جۇۋالدۇزلار سانچىلغان ئىدى. ناننى رەھىملىك بەندىلەر ئۇتتۇر كېلىپ، تاشلاپ بېرەتتى. بۇلار ئۆز ھال—مۇڭلىرىنى كۆز قارىشى ھەم ئىڭراشلىرى بىلەن ئېيتىشاتتى.

بۇ بوزەكلەرنى قانخورلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى ئۆلۈم يېقىن، ئەجەل سائىتى يەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ چىرايلىرىدا ئىزتىراب قېتىپ، خۇشلۇق كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇمۇت ئۈمۈندۈرۈپ تۇراتتى... بۇ

مەزلۇم ياش ئۇي غۇرلارنىڭ قاراڭغۇ—قايغۇلۇق ئۆڭلىرى شۇنداق ھېمىشە تاتىرىپ، ئېچىنىپ تۇراتتى. بۇلارنى مۇنداق ئەجەل ئەجدىھاسىنىڭ ئاغزىدا ئېچىلدۇرۇپ، يېپىلدۇرۇپ تۇرغان نەرسە نېمە؟.. چەكسىز ئۈمۈت!.. ئۈمۈتې مەزلۇملارنىڭ، مەھكۇملارنىڭ يېگانە يۆلەكچىسى، پەلەكنىڭ ئالدامچى ئەلچىسىدۇر...
230

ئۈمۈت ې نەقەدەر شەپقەتلىك، نەقەدەر ئالدامچىدۇر... ئۇ شۇ شەپقىتى بىلەن جاللاتنىڭ چەيدۇسى گەردىنىدە تۇرغان مەھكۇملارنى ئۈمۈندۇرۇپ ، ئىزتىراپتىن ساقلايدۇ... شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرمۇشنىڭ قەھرىگە ئۇچراپ، ھاياتتىن ئۈمۈت ئۈزگەن مەيۇس بوزەكلەرنى، كەمبەغەللەرنى، گادايلارنى كەلگۈسىدىكى ۋەدىسى ې بۇرۇنلىغى بىلەن ئالداپ ياشىتىدۇ... قىسقىسى، بارلىق بەختسىز بوزەكلەر ئۈمۈتنىڭ ئالدامچى شەپقىتى بىلەن ياشايدۇ. ئۇنىڭ بارلىغى بار لىق!.، ئۇ بولمىسا، ئاجۇندا ھايات تۇرماس ئىدى. ھايات شۇندا!.. جان ئوزۇغى شۇ!.. بوزەك ئۇيغۇر ئاجۇنىمۇ ئۈمۈتنىڭ ئالدامچىلىغى بىلەن تۇرىدۇ، ئەمىسە!.. ئ
بۈگۈن يامۇل كۈندىكىدىن قالايمىقان. بۇ كۈن يامۇلغا رەسمىي ئادەملەردىن باشقا كوچا خەلقلىرىمۇ توشقان، بارچىنىڭ نەزەرى گۈندىخانا ئالدىغا ئېسىلغان قەپەزلەرگە تىكىلگەن. باشتىن—ئاياق قىپقىزىل كىيگەن جاللات قولىغا ئۆتكۈر چەيدۇسىنى تۇتۇپ، تاماشىچىلار ئالدىدا كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. رەسمىي ئادەملەردىن باشقا تاماشىچىلارنىڭ بارچىسى قارىلىق —ماتەمدارلەك كۆرۈنەتتى. بۇ كۈنكى كۈنىمۇ تاماشىچىلارغا مۇۋەپپەقىيەت يۈزىدىن نۇرىنى سۆرۈنلۈك بىلەن چېچىپ تۇراتتى. قىسقىسى، مانجۇر ئۇدۇمى خىتايلاردىن باشقا بارچە ئىنسان ھەم تەبىئەتمۇ ماتەم رەڭگىدە ئىدى. چۈنكى بۇ كۈن نازۇگۈم باشلىق ياش ئۇيغۇرلارغا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا ئېتىلىدىغان قارا كۈن ئىدى. دارىن كەلدى دېگەن ئۈن بارچىنى جىمجىت تۇرغۇزدى.
كەڭ مەيداندىن يول ئېچىلىپ، دارىن ئۈز نۆكەرلىرى بىلەن ئۆتتى. كەينىدىن بۈگۈنكى كۈندە ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىدىغانلىغىنى جاكالايدىغان دەڭگى—داراز، ئارقىسىدىن قەپەزلەر بىلەن بىللە ياش ئۇيغۇرلار بېسىلغان ھارۋىلار، ئەڭ كەينىدە تاماشىچىلار ماڭاتتى. نۇرغۇن خەلق تورت ئىشىكتىكى بوينى كېسىك ئاتالغان مەيداندا توختىدى. بۇ مەيداندىن ساپ دىماقلارغا بوزەكلەرنىڭ، مەزلۇملارنىڭ ناھەق تۆكۈلگەن قانلىرىنىڭ ھىدى كەلمەكتە ۋە ئۇ بوزەكلەرنى ئاياپ قانخورلارغا نەپرەت تۇيغۇلىرىنى تۇغدۇرماقتا ئىدى. بىراق ساپ دىماقلارنى رەنجىدە قىلىدىغان بۇ ھىد زالىملارغا زادىلا سېزىلمەيتتى. بوينى كېسىك مەيداننى چۆگىلەپ تاماشىچىلار قاتار تىزىلدى. قەپەزلەر ئوتتۇرىغا توشۇلدى. ياساق جوۋا— جوزىلارنىڭ ئۇ يېنىدا دارىن ۋە باشقا مەمۇرلار خەلقتىن بىر نەچچە ماڭدام ئىلگىرى ئولتاردى. مەھبۇسلار يېنىدا يامۇلدا كۆرۈنگەن جاللات دارىننىڭ ئەمرىگە مۇنتەزىر قاراپ تۇراتتى. يەنە جاللات بىر جادۇنى تۈزەپ تۇراتتى. شۇنچە جىق خەلقتە تىنۇش يوق، جىمجىت ئىدى. گويا بارلىق خەلقنىڭ ۋۇجۇدىنى ئۆلۈم دەھشىتى بېسىۋالغاندەك. دارىننىڭ ياغلىق سىلكىشى بىلەن بايىقى جاللات چەيدۇسىنى ئوينىتىپ، خەلققە قاراپ مونۇ سۆزلەرنى ئېيتتى:
ې بۇ كۈن ئۇلۇغ خاننىڭ ھەم دارىننىڭ دۈشمىنى بەش تال ياش ئۇيغۇرنىڭ بېشى كېسىلگۈسىدۇر!.. مېنىڭ بۇ چەيدۇرۇم دەسلەپ ياسالگان چاغدا خاننىڭ دۈشمىنى بولغان ئۇيغۇر قېنى بىلەن سۇغىرىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۇيغۇر قېنىغا تەشنا!.. بۇنىڭ تەشنالىغىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر قېنى لازىم! بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدۇ ې ئۇيغۇر قېنى كۆرمىدى... مەن خان ھەم دارىننىڭ دۈشمىنى ې ئۇيغۇرلارنىڭ ئەزرائىلى!.. شۇ تۆمۈر بىلەكلىرىم بىلەن بىر تۇمەندىن ئوشۇغراق ئۇيغۇر بېشىنى كەستىم! خان مەن ۋە يولداشلىرىم بار چاگدا، ئۇيغۇر دۈشمەنلىرىدىن ئەمىن بولالايدۇ! بۇ بەش تال ياش ئۇيغۇرنىڭ بىرى خاننىڭ دۈشمىنى سانالغان ئۇيغۇر قىزى نازۇگۇمدۇر. ئۇنىڭ چىرايلىق ھۆسنىگە دارىننىڭ زوقى كېلىپ، تەتەي قىلىپ خوتۇنلۇققا ئالغان ئىدى، بۇ بايىقى

قان دۈشمەنلىگىنى قىلىپ، دارىنىڭ ئىلتىپات ۋە مەرھەمەتلىرىنى كۆتىرەلمەي، موشۇ تۇرغان باقى يىگىت بىلەن قاچتى. بۇلارنىڭ بۇ قىلىغى دارىنىڭ نومۇسىغا تېگىپ ھاقارەتلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگۈسىدۇر. مونۇ تۇرغان ئىككىسى ئۇلۇغ خانغا قۇلچىلىقتىن باش تارتقۇچى، ئۇيغۇرلارنى ئازات قىلىش يولىدا ھەرىكەتتە بولغۇچى قارا يۈزلەردۇر. بۇلارنىن، بېشى كېسىلگەندىن كېيىن يەنە شۇ جادۇ بىلەن توغرالغۇسىدۇر!.. ئۇلۇغ خانغا قۇلچىلىقتىن باش تارتىپ قېرىشقۇچى لارنىڭ جازاسى، ئەلۋەتتە، شۇدۇر. شۇندىن باشقا بولماغۇسى!.. قالغان بىرى نازۇگۇمنىڭ ئاغىسى، ھەم دارىن، ھەم خاننىڭ دۈشمىنى، بۇنىڭمۇ بېشى كېسىلگۈسىدۇر! بۇ يىگىت بىلەن نازۇكنىڭ ئاتا–ئانا، خوشنا–خولۇملىرى بۇلارنى قاچۇرۇشتا ئەيىپلىنىپ، ئىقرار بولماستىن، قىيناقتا ئۆلگەن

232

ئىدى. كىمدەكىم ئۇلۇغ خانغا قۇلچىلىقتىن باش تارتسا، موشۇ چەيدۇ ئۇنىڭ گەدىنىدە بولغۇسىدۇر. ئۇققانلار ئۇقسۇن! ئۇقمىغانلارغا ئۇقتۇراي!ېدىدى. بارچە خەلق بىر قۇلاقتەك تىڭشاپ تۇراتتى. دارىن ئىككىنچى قېتىم ياغلىق سىلكىدى. قەپەزدىكى ياش ئۇيغۇرلار قەپەزدىن چىقىرىلىپ، قاتار تىزىلدى. بۇلار قەپەزدە چاغدا ۋايىم قىلىپ، ئۆلۈم دەھشىتى بىلەن بىر تاتىرىپ، بىر سارغىيىپ ئىزتىراپتا تۇراتتى. ئۆلۈم سائاتى يېتىشى بۇلارنى ئىزتىراپتىن قۇت قازدى. گويا ھەر بىرى ئۇرۇشقا كىرگەن باتۇرلارچە مەغرۇرلىنىپ، تاماشىچى خەلققە قاراپ چۇقاس (خور) بىلەن مو شۇ ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

(نازۇگۇم ماقامىغا)

جەبىر، زۇلۇم ۋەھشەتتىن ئەيمەندۈرگۈچ دەھشەتتىن،
ئازات بولۇش ۋاق يەتتى، ئامان بولسۇن ئەل نازۇك،
زالىملارنىڭ غەرىدىن، قانخورلارنىڭ دەردىدىن،
ئۇيغۇر ئېلى قۇتۇلۇر، ئامان بولسۇن ئەل نازۇك.
نازۇك جانلا پاك جاندۇ، ئەل يولىدا قۇرباندۇ،
بوزەك قېنى پاك قاندۇر، بوشقا كەتمەس قان نازۇك.
بوزەك قېنى تۆكۈلسە، مەيدان ئۈزرە يېيىلسا،
ئۇنى ئۇدۇم تۇيۇنسا، جاندىن كېچەر ئەل نازۇك.
مۇڭلۇق كۈنلەر بىر پۈتە، زالىم جەبرى ھەم يۈتە،
ئازات كۈنلەر پات يېتە، ئامان بولسۇن ئەل نازۇك.
ئۇيغۇر ئېلى ساپ بولۇر، زالىم جەبرى خىتايدىن،
ئۆملۈك تۇغى قولىدا، ئىناق بولسا ئەل نازۇك.
ئۇيغۇرلارغا خىتابەن؛ . ،
ئۇيغۇر خەلقى بول يىلىك ، مازىڭ سېنىڭ جەرگىلىك!
ئەركىن شانىڭ ئۆم، ئۆملۈك تۇغى بول نازۇك.

مىسرالار ئاياقلاشماستىن، دارىن ئۈچىنچى قېتىم ياغلىق سىلكىدى. جاللات ئۇيغۇر قېنىغا ئۇسساپ تۇرغان چەيدۇسى بىلەن چېپىشتا بارچىسىنىڭ كاللىلىرىنى ئۈزۈپ چۈشتى. كاللىلىرى چۇقان بىلەن ″بوشقا كەتمەس

قان نازۇك" نەقراتىنى تەكرارلاپ سەكرەشمەكتە ئىدى.

مانا مۇڭلۇق بولغان نازۇگۇم ماقامى موشۇ قانلىق پاجىئەنىڭ مۇڭلۇق يادىكارىدۇر. ئاشۇ كەمدىن بېرى بۇ مۇڭلۇق ماقام ئۇيغۇر تارانچىلارنىڭ ھەسرەتلىك كۆڭلىرىدە يىگانە يۆلەكچىسى. ئاندىن بۇ يان قانچە ئۇلۇق سۇلار ئاقتى، ئىشتىك شامال، قالتىس بورانلارمۇ چىقىپ ئۆتتى. ئۇيغۇر تارانلارنىڭ بېشىدىن چوڭ ئۆزگىرىشلەرمۇ ئۆتتى. بىر يېرىم ئەسىرلىك تارىخدا ئۇيغۇر خەلقى، ئۇيغۇرىستان نېمىلەرنى كۆرمىدى دەيسىز!.. لېكىن تارىخ تەكراردىن ئىبارەت دەپ، بىر كۈن بوزەك ئۇيغۇر باللىرىنىڭ بېشىدا يەنە نازۇگۇم ۋاقىئەسى تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بارچە ئۇيغۇر ئۇدۇمىنىڭ ھال تىلى "بوشقا كەتمەس قان نازۇك" نەقراتىنى تەكرارلايدۇ! لېكىن بىزلەر قان، شان ئازاتلىق يو لىدا ئۆم، بىلىك تۇغىنى تۇتۇپ، ئىناقلىق يولىدا ماڭمىدۇق. مۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇر قېنىنىڭ بوشقا كېتىشى چوقۇم! ياش ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئەھۋاللىرىنى ئۇنتۇمايلى، ئۇلارنىڭ روھلىرى بىزلەردىن شۇنى تىلەيدۇ.

نازۇگۇم ھېكايىسىنى ياش ئۆسمە ئۇيغۇرلارغا تەغدىم قىلىمىز:

جەبىر، زۇلۇم، دەھشەت تولغان دۇنيا ئەينە،
مەزلۇملىرى، بوزەكلىرى ئوتتا يانا.
يىغا—زارى پەريادلىرى بوشقا كېتە،
زۇلۇم—جەبىر باشلىرىدىن دەسسەپ ئۆتە.
ياش ئۇيغۇرلار، بۇ سىلەرگە ئارنىغىنىم!
كۆڭلۇمدە قايناۋاتقان دەرت—پۇغانىم.
قايناپ تاشقان دەرت—پۇغانىنى باسماق ئۈچۈن،
يۆلەك بولسۇن مەن پەقىرگە كۈچ... ئوغانىم
ياش يۈرەكنى قوزغىماقچۈن يازدىم بۇنى،
قانداق چىدار بۇ خورلۇققا ياش ۋىجدانى.
ياش يۈرەكنى قوزغىماقچۈن بۇ يەتمىسە،
مۇندىن ئوشۇق چىقماس يالغۇز ئەرنىڭ ئۈنى.
ياش ئۇيغۇرلار، قوزغىلىشقا مىياۋ سىنىڭ،
قاراپ تۇرار تۆرت كۆز بىلەن ئەزىز ئېلىڭ.
ئەزىز ئەلنى يات قولىدا تەلمۈرتمە ھېچ،
قوزغال ئەمدى، يېتەر سىنىڭ بۇ ياتقىنىڭ.
دەپسەنگۈلە بىلسەڭ سىنىڭ ئۇيغۇر ئېلىڭ!
بۇلار ئۈچۈن پىدا بولسۇن ئەزىز جېنىڭ.
نېچۈك چىدار بۇنداق ئىشقا پاك ۋىجدانىڭ،
بوزەكلەگە پاك ۋىجدانلار ياردەم بېرىڭ.

ئۇيغۇر بالىسى

خانتەڭرى

□خەلق ناخشىلىرىدىن بىر پارچە□

كى—مەن خانتەڭرىگە چىقسام كۆرۈندى تاغ يايلاسى،
ئۈنى كۆرگەن زامان چۈشتى ئېسىمگە خان ئورداسى.

تۇرۇپ خانتەڭرىدىن سوردۇم، باباملا نېشلىگەن مۇندە؟
دېدى: ئالەمنى سىلكەتكەن باباڭنىڭ شانلىق غەرناسى،
(تاققا چىقدىم، داۋان ئاشدىم، كۆرمىدىم ئاپپاق چىدىر)
(مەن دېگەن ئۇل شانلى قەۋمىنىڭ ئەندى تورلاغى نىدىر).
خۇش غېرىب بولدى كىشى، شانلى تاغلا ئىچىدە
قانىتىم بولسا ئىدى ئۇچسام قاراڭغۇ كېچىدە.
قۇدرەتى بىرلەن يۇرۇب تاپسام بابامنىڭ تورلىغىن،
ئۇيغۇرىن، ئۆزبەكلىرىن بىلمىدىم يەنە مىڭ ئايمىغىن.
شۇندا ئايسام ئانلەردە خانتەڭرىنىڭ مۇڭ ئەھۋالىن،
ھەمدە سالسام ئەسلىرىگە بەلگۈلۈك تەنشان تېغىن.
قوزغىتۇرلەر بارچەسىنىڭ ئۇدۇمۇ سىزگىچلىرىن،
ياشلىرىن دەردلەندۇرۇب غەملەندۇر پ بىلگۈچلىرىن.
تاڭ قېلىبان بارچىسى بىلگەچ ۋەتەن ئەھۋالىن،
ئالدىرارلەر ياندىرىشقا شۇ باباملەر شاملىرىن.

"ئۇيغۇر بالىسى"